جېيمس چېرچۋارد ئەسەرلىرى - II

# مۇ قورۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى



بىشكەك - 2007

مۇ قورۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى

بىشكەك - 2007

ISBN 978-9967-24-295-1



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كول . جېيمس چېرچۋارد

# مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى

بۇ كىتاپنى ئازات قاسىمى نەشرگە تەييارلىدى

بىشكەك ـ 2007

# THE CHILDREN OF MU



by
Col. James Churchward

www.uyghurkitap.com

# كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ئاتاقلىق ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس جېيمىس.چېرچۋاردنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ئېكۋاتوردىن سەل جەنۇپتىراق بولغان. ئۇ ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ ئوكيانغا جايلاشقان ئىنتايىن چوڭ قۇرۇقلۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆلىمىگە باھا بەرگەندە، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى ئالتە مىڭ مىل ئەتراپىدىكى رەقەمنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر تىنچ ئوكيان بويىچە جاي-جايلاردىكى بارلىق قىيالىق ۋە تاقىم ئارالىلار بىر چاغلاردا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى بولغان ئىدى.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 12 مىڭ يىل بۇرۇنقى قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى مۇ قۇرۇقلۇقىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. دەھشەت بىلەن بېسىپ كەلگەن تىنچ ئوكيان سۈيى، ئىنتايىن يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەدەنىيەتنى ۋە ئاتمىش مىليون ئادەمنى سۇغا غەرق قىلغان. پاسخا،تائىتى، ساموئا ئاراللىرى، كۇكا ۋە گىلبېرت ئاراللىرى، كارولىن، مارىئان، ھاۋاي ۋە ماركىز ئاراللىرى بۈگۈنكى كۈندە كىشىگە خۇددى ئۈن-تىنسىز قەبرە ئالدىدىكى جېسەكچىلەرنى ئەسلىتىدۇ. جېيمىس چېرچۋارد بۇ ئايرىم پارچىلاردىن ھالاك بولغان مۇ قۇرۇقلۇقى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەللىك يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلغان.

مەزكۇر كىتابتا ئاپتور مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەردە،بۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان قۇرۇقلۇقتا بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭ ھالاكىتى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئۈزۈكچىلىكى پەيدا قىلغان سەلبىي ئاقىۋەتلەر ھەمدە مۇ قۇرۇقلۇقىدىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن كۆچمەنلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرىلىق بايان قىلىدۇ.

كول . جېيمس چېرچۋارد

# مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى

ئۇيغۇرچە نەشرى

كىتابنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشقانلار:

مەسلىھەتچى: يادىگار سابىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات قاسىمى

مۇھەررىرلەر: ئابدۇمىجىت ھۇسەيىن

ئەلى ئايۇپ

كوررېكتور: بىبىنۇر ھەمرا

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى، كومپيۇتېرغا ئالغۇچى: زۇمرەت ھاكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز........................1

1 ـ باپ: ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى....................1

2 ـ باپ: شەرق يوللىرى..............................6

3 ـ باپ: شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى....................14

4 ـ باپ: مېكسىكا ۋادىسىدىن تېپىلغان تاش پۇتۇكچىلەر.....29

5 ـ باپ: جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى....................72

6 ـ باپ: ئاتلانتىدا..................................97

7 ـ باپ: غەربى ياۋروپا..............................117

8 ـ باپ: يۇنانىستان................................128

9 ـ باپ: مىسىر....................................148

10 ـ باپ: غەرب يوللىرى............................170

11 ـ باپ: ھىندىستان...............................182

12 ـ باپ: جەنۇبى ھىندىستان........................215

13 ـ باپ: بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى.................217
14 ـ باپ: بابىلون...........................233
15 ـ باپ: ھەرخىل ماقۇللار.....................244
16 ـ باپ: رىشى ئاقساقال بىلەن سۆھبەت..............254
قوشۇمچە ـ ..................................276

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

تارىخ بەزىدە چۆل-چۆل قىلىپ سۇندۇرۇلۇپ، سۇنۇقلىرى ھەر تەرەپكە چېچىۋېتىلگەن چىنىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە سۇنۇقىغا ئىگە، بۇ سۇنۇقلار تارىختىن ئىبارەت بىر پۈتۈن چىنىنىڭ شەكلى ۋە ھەجىمىنى قىياس قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان دەرىجىدە كىچىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئەشۇ چىنە ئۆزىمىزنى بىلىشىمىزدە شۇ قەدەر مۇھىم بولغانلىقتىن، ئەنە شۇ ناھايىتى چەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ئۇنىڭ ئەسلى قانداق ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەشكە مەجبۇرمىز.

-ئابدۇقادىر جالالىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئاتاقلىق ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس ئالىم جېيمس. چېرچۋاردنىڭ **مۇ** قۇرۇقلۇقى ھەققىدىكى زور ھەجىملىك ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى قىسمى «مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ **ئۇيغۇرچە** تەرجىمىسى نەشىردىن چىقتى.

2005-يىلى بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان **«قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ»** ناملىق كىتاب **ئۇيغۇرچە** نەشر قىلىنىپ، كەڭ **ئۇيغۇر** جامائەتچىلىكى ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا كۆپلىگەن پېشقەدەملەر، ئالىملار، زىيالىلار ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابقا **ئۇيغۇر** مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى ئىنىقلاشتا زور ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە، تارىخ بىلەن ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا تەھلىل قىلىنغان، خەلقىمىزنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇشتا ۋە مىللىتىمىزنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشتا ئەھمىيىتى زور بولغان ئەسەر، دەپ باھا بېرىشكەن ئىدى. كىتاپ ئوقۇشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بەزىبىر ئاقكۆڭۈل پېشقەدەملەر مەن بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرىدا، كىتابنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، **ئۇيغۇرچە** نەشرىدە يۈز بەرگەن بەزىبىر كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىي پىكىر-تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. مەن

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنىڭ ئەمگىكىمنى قوللىغان، ماڭا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم بەرگەن دوستلىرىمغا ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

«مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ناملىق كىتاپ مۇ قۇرۇقلۇقى هالاك بولغاندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەردە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك ۋە تارىخى نوقتىلاردىن يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز چەكسىز ئۇزاق دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەنە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن، دۇنياۋى خاراكتېر ئالغان ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى كۆپ قېتىملىق ئۈزۈكچىلىكلەرگە ئۇچراتقانلىقى سەۋەبىدىن، ئىنسانلار تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىش تارىخىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا جاھان تەرەققىي قىلىپ، ئەقلىي بىلىش يۈكسەك پەللىگە يەتكەن ھەمدە ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا مىللەتلىرى ئىنسان دىگەن زادى نىمە، ئۇ قەيەردىن كەلگەن، نەگە بارىدۇ؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولغۇدەك، ھەممە ئېتراپ قىلغان مۇكەممەل نەزىرىيىۋى ئاساسلارغا ئېرىشكىنى يوق. جېيمس چېرچۋاردنىڭ بۇ كىتاۋىنى دەل مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئىزدىنىش خاراكتېرلىق ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتور كىتاۋىنىڭ بېشىدىلا: «مەن ئەللىك يىل داۋامىدا كۆپلىگەن ئۆزۈندىلەرنى ئىزدەپ توپلىدىم ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، يارىتىلىش ھەمدە ئىنسانىيەت ھەققىدىكى قىزىقارلىق تارىخنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۇردۇم. مەندىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنى ئاياقلاشتۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دەپ يازىدۇ.

كىتاپتىكى باياناتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىل بۇرۇن مۇ قۇرۇقلۇقىدا يارىتىلغان. ئاپتور

ئىنساننىڭ ئاللاتائالا تەرىپىدىن مەلۇم مەقسەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، چارلىز داۋىن 1859-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى» نى ئۆزۈل-كېسىل رەت قىلغان. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادىمىزاتنىڭ 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار بايقاشلىرى، بولۇپمۇ گېن-ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، داۋىننىڭ «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى»نىڭ جان تومۇرى بولغان ئىنساننىڭ ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئېۋولىيۇتسىيەلىك ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كېيىنكى بەش مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا، ئىنسانىيەت داۋىننىڭ «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى»نى تەستىقلەيدىغان، ياكى شۇ نەزەرىيەنى ئەمەلى ئاساستا ئىسپاتلىغان، مەيلى بىر ھۈجەيرىلىك ياكى كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت ھېچبىر پاكىتقا ئېرىشەلىگىنى يوق. ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بەزىبىر ھادىسىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يەر شارىدا ياشاۋاتقان جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشىدە ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دېمەك، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى» پەقەتلا بىر تولۇق دەلىللەنمىگەن كۆز قاراشتىن ئىبارەت. ئۇنى يىمىرىلمەس ھەقىقەت، دەپ تونۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگەر بۇگۈنكى كۈندىمۇ بىر-ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانمىغان، شۇنداقلا ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن بولمىغان نەزەرىيەلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىمىز نام قويۇۋالغان «ئادەمسىمان مايمۇن» دىگەن ھايۋاندىن ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە ئالدىنىپلا يۈرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈ تېپىشماق بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

ئاپتور بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچىقى دەپ قارىلىۋاتقان مىسىر، يۇنانىستان، ھىندىستان، بابىلون قاتارلىق مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرى، يەنى مايالار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ۋە رايونلار ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلى مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مۇ قۇرۇقلۇقىدىن چىققان كۆچمەنلەر مايالار دەپ ئاتىلاتتى، يېڭى يەرلەرنى ئىزدەپ مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەتكەنلەرنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى... مىسىردىكى نىل دەرياسى قىرغىقىدا قۇرۇلغان مايا ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنى بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىل ئىلگىرى، دەپ ئاساسلاندۇرۇش مۇمكىن». ئاپتور بۇ كىتاۋىدا تىلغا ئالغان مايالار ھەققىدىكى تەتقىقات بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا، يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن مايا مەدەنىيىتىنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولۇشى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن ھېلىمۇ تېپىشماق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مايا مەدەنىيىتىدىن قالغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار مايالارنىڭ كەڭ دائىرىلىك كائىنات بىلىملىرىگە، مۇكەممەل بولغان ۋاقىت سىستېمىسىغا، مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق ھېساپلاش ئۇسۇلى ھەمدە ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئابىستىراكىتلىق تەپەككۇرغا ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت ھېساپلاش جەدۋىلى سىستېمىسىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ۋە مۇكەممەللىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

پۈتۈن ئۆمرىنى مايا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس، دوكتۇر جۇيس. ئارگۈلىسىنىڭ «مايانىڭ فاكتورى» ناملىق كىتاۋىدا مايالارنىڭ تارىخى ھەققىدە تەپسىلى بايانلار بېرىلگەن. كىتاپتا مىسال كەلتۈرۈلگەن مايا كالىندارىدا، ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ پىلانىتا بەش مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چوڭ ئايلىنىش» باسقۇچىدىن ئۆتۈشى لازىم، بۇ باسقۇچ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3113-يىلدىن مىلادى 2012-يىلغىچە داۋاملىشىدۇ،

www.uyghurkitap.com

يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوياش سىستېمىسى بۇ «چوڭ ئايلىنىش» باسقۇچىدا، سامانيولى سىستېمىسى يادروسىدىن تارالغان نۇر دەستىسىدىن ئۆتىدۇ، يەر شارىنىڭ بۇ نۇر دەستىسىدىن ئۆتۈپ بولۇشى ئۈچۈن 5125يىل ۋاقىت كېتىدۇ.قوياش سىستېمىسى تەركىۋىدىكى ئاسمان جىسىملىرى سامانيولى سىستېمىسىنىڭ يادروسىدىن تارقالغان نۇر دەستىسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بىز ياشاۋاتقان بۇ پىلانېتا، «سامانيولى سىستېمىسى بىلەن تەڭ قەدەملىشىش» باسقۇچىغا كىرىدۇ، دېيىلگەن.

2003-يىلى تەيۋەندە نەشر قىلىنغان «تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ سىرى» ناملىق كىتابتا، مايا مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يېزىلغان: «مايالار كائىناتنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئايلىنىش ھالىتىدە ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنىقلاپ چىققان ۋە «قوياش ئەسرى» كالېندارىنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ خاتىرىلىشىچە، كائىنات پەيدا بولغاندىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە، بىز ياشاۋاتقان بۇ يەر شارى، تۆرت قېتىملىق «قوياش ئەسرى» دەۋرىي ئايلىنىشىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۈگۈنكى دەۋر بولسا،بەشىنچى «قوياش ئەسرى» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مايالارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھەر قېتىملىق ئىنسانلار تارىخى «قوياش ئەسرى»نى دەۋر قىلغان. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە قېتىملىق پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقۇلۇش جەريانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغاندا، تۆرتىنچى «قوياش ئەسرى» يەنى، ئالدىنقى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرى، پۈتۈن دۇنيانى دىگۈدەك قاپلىغان بىر قېتىملىق توپان ئاپىتىدە يوقالغان. بەشىنچى «قوياش ئەسرى» بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3113-يىلى 8-ئاينىڭ 13- كۈنى باشلانغان بولۇپ، مىلادىي 2012-يىلى 12- ئاينىڭ 23- كۈنى ئاياقلىشىدۇ».

يوقىرىقىلاردىن بىز مايالار ۋە تارىختىن ئىلگىرىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلىم-پەنىنىڭ بەزى ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ كائىنات

پەنلىرى ۋە ۋاقىت ھېساپلاش ئىلمى جەھەتتە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن خېلىلا ئۇستۇن بولغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ كائىنات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، تېخىچە قوياش سىستېمىسىدىن ھالقىپ كېتەلىگىنى يوق. راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىمۇ تولۇق چۈشەنمەيمىز. مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرىدىكى ئىنسانلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىسىر پىرامىدالىرى، يۇكاتان يېرىم ئارىلىدىكى مايالارنىڭ قوياش پىرامىداسى، بائالبېك تۈۋرۈكلىرى، پاسخا ئارىلىدىكى ھەيكەللەر ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنىڭ نىمە مەقسەتتە ۋە قانداق تېخنىكىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغانلىقى، مايالار قوللانغان «قوياش ئەسرى» كالىندارىنىڭ قانداق ئاساسلارنى مەنبە قىلىپ تۈزۈلگەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن ساھەسى ئۈچۈن تېخىچىلا سىر بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا، ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جېيمىس چېرچۋاردنىڭ بۇ كىتابىنى ئۇيغۇر تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەر، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى كىتاپنىڭ ھەر بىر بابىدىن دىگۈدەك بىز ئۇيغۇرلارغا دائىر بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. بولۇپمۇ مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرىدە ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا قىتئەلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ كونا قۇرۇقلۇقتا دەسلەپكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس سالغان، ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسى، قۇدرىتى، تەسىرى ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار كۆپلىگەن تارىخى ھەمدە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىلەن دەلىللەنگەن.

ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھېچقانداق شۆبھىلەنمەي ئېيتىش كېرەككى،

www.uyghurkitap.com

شەرقى ياۋرۇپا مىللەتلىرى تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئامان قالغان **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر ... سلاۋيانلار، تېۋتونلار، كېلتلار، ئىرلاندىيەلىكلەر، برېتونلار ۋە باسكىلار-بۇلارنىڭ ھەممىسى **ئۇيغۇر** دىگەن يىلتىزدىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلەر. برېتونلار، باسكىلار ۋە ھەقىقى ئىرلاندىيەلىكلەر ئۇچلەمچى دەۋردىن كېيىن ياۋرۇپاغا كەلگەن **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ-ماگنېتىكىلىق ئاپەت ۋە تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئامان قالغانلارنىڭ-ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ».

ئاپتور يەنە زامانىمىزدىكى ھىندىستانلىقلار ۋە پارسلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى مۇنداق شەرھىلىگەن: «**ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربى-جەنۇبىدا تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئامان قالغان **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرى، ئىمپېرىيە ھالاك بولۇپ سەككىز-ئون مىڭ يىلدىن كېيىن، تەنتەنىلىك رەۋىشتە قايتىدىن تارىخى سەھنىگە چىقتى. ئۇلار داۋانلار ئارقىلىق تۈزلەڭلىكلەرگە يول ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغلاردىكى ماكانلىرىنى تۆرت تۈركۈم بولۇپ تاشلاپ كېتىشتى. يازمىلارغا قارىغاندا، تاغلاردىن بىرىنچى تۈركۈمدە ھىندىقۇش تاغلىرىدا ياشىغان **ئۇيغۇر**لار چۈشكەن... بۇلار كېيىنچە ھىندۇئارىيانلار سۈپىتىدە مەلۇم بولدى... بۇ كۆچۈش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-1800- يىللىرى باشلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500- يىلى ئاياقلاشقان. **ئۇيغۇر**لارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان بۇ ھىندۇئارىيانلار نەچچە يۈز يىل داۋامىدا، ئافغانىستان ۋە كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستان ۋادىلىرى يۆنىلىشىدە ئالغا ئىلگىرلەپ، ئاخىرى ئۇ يەرلەرنىڭ ھەقىقى تۇرغۇنلىرى بولغان ناگا-مايالارنى سىقىپ چىقىرىپ، پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىلكىگە ئالدى... بۇ ھىندىستاندا ھەممىلا يەرگە تارقالغان ھازىرقى ئىنسان تىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېلىپ كەلدى. تەخمىنەن شۇ دەۋردە **ئۇيغۇر**لارنىڭ شىمالدىراق ياشىغانلىرى، پەس داۋانلار ئارقىلىق ئىران دالاسى بىلەن پارس قولتۇقىنىڭ شەرقى-شىمالى قىرغىقىدىكى رايونلارغا چۈشكەن. بۇ **ئۇيغۇر**لار كېيىنرەك پارسلار دەپ ئاتالدى. **ئۇيغۇر**لارنىڭ

يەنە بىر قىسمى ئوگاي ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغا،ئەرمەنىستاننىڭ ۋە زاگروس تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى مىدىيە دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار بولسا مىدىيانلار نامىنى ئالدى. مىدىيانلارمۇ، پارسلارمۇ قورۇقلۇقىدا ياشىغان «ئاخ رايا» قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇرلار ئارقىلىق پەيدا بولغان ئارىيانلاردۇر. ئۇلارىيەنىلا تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ ئاسىيا ۋە ياۋروپادا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ خەلقلەرنىڭ ئىرقى تەئەللۇقلىقى، تىلى ۋە دىنى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىنلا بىر خەلق تۇرسا، باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟».

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىنى گەرچە باشقا تارىخىي مەنبەلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش لازىم بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ھىندى، پارس مىللەتلىرىنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، چىراي شەكلى، بەدەن تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلار، بىزنى ئاپتور بۇ كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلارغا قارىتا سالماق مۇئامىلىدە بولۇشقا ئۈندەيدۇ. تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 2000 - يىللار ئىلگىرىلا شەرقتە تەڭرىتاغ، تارىم ۋادىسىدىن غەربتە ئىران ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇپتا ھىندى يېرىم ئارىلىدىن شىمالدا كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان بۇ بىپايان زېمىن ئۇيغۇرى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمدە ھىندى ۋە پارس خەلقلىرىنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولغان. ئەجداتلىرىمىز بەرپا قىلغان «كارۋان بۈيۈك» يولىنىڭ مەركىزى بەلۋىغى بولغان بۇ رايوندا ئۇيغۇر، پارس ۋە ھىندى مەدەنىيەتلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى، دەل مۇشۇ رايوندا يەرلىشىپ، ئۇيغۇر، پارس قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا زور رول ئوينىغان ھەمدە ئىككى مىڭ يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلغان پارلاق بۇددىزىم مەدەنىيىتى يارىتىلغان. ئۇيغۇر، پارس ۋە ھىندى مەدەنىيەتلىرىدىكى ئورتاقلىقلار

ھەققىدە مول نەتىجىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ياش ئالىم، دوكتۇر ئەسەت سۇلايمان «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئاۋالقى ئۇزاق تارىختا، ئىراندا مەيدانغا كەلگەن زەردۇشت (زوروئاستېر) ۋە مانى دىنلىرى شۇنىڭدەك ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى... بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئارىمىدىن پارس قولتۇقىغىچە بولغان رايوندىكى ئورتاقلىقلارغا ئىگە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ كىمدىن كىمگە ئۆتۈشكەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال تىلدا تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى» دەپ يازغان ئىدى. دەرۋەقە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ، دىگەن كۆزقاراش زىيالىلىرىمىز ئارىسىدا خېلىلا ئومۇملاشقان. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە، تىل سىستېمىسىغا ۋە دىنى ئېتىقادقا ئىگە، دەپ قارىلىۋاتقان ھىندى مىللىتىنىڭ تىلىدىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ كىتاپنىڭ مۇھەررىرلىكىگە قاتناشقان بىر بۇرادىرىمىز يېقىندا، ھازىرقى زامان ھىندى تىلىدا، تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە مەزمۇنى ئوخشاش بولغان بىر نەچچە يۈز ئۇيغۇرچە سۆزنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى. تۆۋەندە بۇ سۆزلەردىن ئازغىنە بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق.

«ئاشىق ـ ئاشىقى، ئىشقى، ئاسمان، ئەگەر، باھار، باھانە، باغۋەن، جادىگەر، لېكىن، مۇشكۈل ـ مۇشكۈلات، مېھرى، دۇنيا، شەبنەم، جانان، جاھان، جانىجان، دىل، دىلرابا، قانۇن، قارار، رەڭگى، گۈزەل، گۈلشەن، مېھرىبان، ئەلۋىدا، ئىنسان، ئىنتىزار، دىۋانە، جۇدا، تەقدىر، پەريات، شەربەت، دۈشمەن، بىۋاپا، مەھلىيا، ھۆسنى، تۇمار، ئاخىرى، خۇشبۇي، مۇھتاج، ئىجازەت، شەكەر(شىكەر)، جاۋاپ، ئىختىيار، رۇخسارى، قەلبى، غۇبار، تەركى، ھەقىقەت، سەنەم،

ئەپسۇس، ئەجنەبى، مەجبۇر، جىسمى، پەرۋانە، ئارمان، بىپەرۋا، شەرمەندە، تالاق، تەنها، مارجان، مەشئەل، ۋەدە، باھادىر، تاماشا، ئاشنا، جەننەت، قىسمەت، شاراپ، خاراب، ھارام...».

گەرچە بىز بۇ سۆزلەرنىڭ 16- ئەسىردە ھىندىستاندا قۇرۇلغان «مۇغۇل ئىمپېرىيەسى» دەۋرىدە، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھىندى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن، ياكى ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىللارغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىكەنلىكى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، بىراق بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلارنى، كىتابىنىڭ ئاپتورى ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلار ئاساسىدا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، 19-20- ئەسىرلەردىكى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ھىندى، پارس مىللەتلىرىنى باشقا-باشقا مەدەنىيەت تىپىغا ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسىغا ئايرىش ھەققىدىكى يەكۈن خاراكتېرىنى ئالغان نەزەرىيەلىرى كىشىدە سوئال پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ھىندى ۋە پارس تىللىرىنىڭ ھىندۇ-ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ قىلىنىشى، ناھايىتى زور دەرىجىدە ياۋروپالىق دەپ قارىلىۋاتقان ئارىيانلارنىڭ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-1800- يىللاردا ھىندىستانغا ۋە ئىرانغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرىدىكى ۋە بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ياۋروپا يۈرۈشى ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى ماكس. ميۇللېرنىڭ بۇ كىتابىتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «ياۋروپا تىپىدىكى تۇنجى ئىنسانلار مەركىزى ئاسىيا تاغلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر بولغان» دىگەن سۆزىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىساقلا ياۋروپالىق دەپ قارىلىۋاتقان ئارىيانلارنىڭ ئەسلىدە ئۇيغۇر نەسىللىك خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تارىخى ئەسەرلەردە زىكىر قىلىنىۋاتقان ئىران ۋە ھىندىستانغا ياسىغان يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ بۇ كىتابىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارىيانلارنىڭ ئىران ۋە ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن

www.uyghurkitap.com



بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. ئەپسۇسكى،غەرب ئالىملىرىنىڭ **ئۇيغۇر**، ھىندى،پارس خەلقلىرىنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپىغا ۋە ئىككى خىل تىل سىستېمىسىغا ئايرىۋەتكەنلىكى، ئالىملىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز ھەم تىلشۇناسلىرىمىزنى يۇقىرىقى تىملار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ غەرب مەركەزچىلىك ئىدىيەسى ئاساسىدا يەكۈنلىگەن نەزەرىيەلىرى تۈزۈپ بەرگەن رامكىلار دائىرىسىدە ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە، مەدەنىيەتلەر تارىخى ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە كۆپلىگەن چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان چىگىش مەسىلىلەر پەيدا بولدى.ئەلبەتتە، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخى شۇنداقلا **ئۇيغۇرشۇناسلىق** تەتقىقاتى ساھەسىدە ئوينىغان باشلامچىلىق رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ۋە تۆھپىسى ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك.بىراق، مىللەتلەر مەدەنىيەتشۇناسلىقى ۋە تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە، ئۇلار تۈزگەن رامكىلاردىن چىقىپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئويلۇنۇپ بېقىش يامان بولمىسا كېرەك. شۇغىنىسى،ئادەم بەزىدە ئاللاتائالانىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن باشقا، ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ھەر قانداق نەرسىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

دۇنيادا تۇنجى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ياراتقان مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرى تارىخقا ئايلاندى. ئەجداتلىرىمىز قۇرغان بۈيۈك **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ سەلتەنەتلىرىمۇ، چەكسىز ئۇزاق تارىخنىڭ توپا-تۇمانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. يىللار، ئەسىرلەر ۋە قانچىلىغان ئېرالار ئالماشتى. بىزگە قالغىنى پەقەتلا يىراق ئۆتمۈشىمىزنىڭ يالدامىسى بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە ئەسلىمىلەردىن ئىبارەت بولدى. بىراق شۇ نەرسە ئايانكى، تارىخىمىز ھەر قانچە شانۇ-شەۋكەتلىك، ئۆتمۈش ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ھەر قانچە شېرىن بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئازاپ-

ئوقۇبەتلىك رىياللىقىمىزغا مەلھەم بولالمايدۇ. چۈنكى، تارىخ ئەزەلدىن ئۆزىنى ياراتقۇچىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن. ئەجدادى باشلاپ بەرگەن تارىخنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن مىللەت ھامان «كىمنىڭ بار مەھمۇد قەشقەرىدەك ئالىمى قېنى» دىگەندەك بىمەززە غەزەللەرنى توقۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ چاپىنىدا تەرلىنىپ، ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھالبۇكى، بۈگۈنكىدەك قىسمەتكە دۇچار بولغان مىللىتىمىز ئۈچۈن كېرەك بولغىنى، ئۆتمۈشنىڭ بىزگە تالىق بولمىغان ئۇلۇغۋارلىقلىرىنى چاپان قىلىپ ئۈستىمىزگە ئارتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزدەش ئەمەس، بەلكى شۇ ئۇلۇغۋارلىقلارنى ياراتقان ئەجداتلىرىمىز روھىغا ۋارىسلىق قىلىش، يەنى كېيىنكى قاباھەتلىك بەش ئەسىر مابەينىدە يوقۇتۇپ قويغان ئۇيغۇر روھىنى تىرىلدۇرۇپ، بۇ روھنى مىللەتنى قايتا گۈللەندۈرۈشنىڭ بايرىقىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ھاكىم مۇتلەق سىياسى تۈزۈلمە بىلەن يات مەدەنىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا، نىجاتلىق يولىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە تەلمۈرىدۇ. بۇ جەريان ھەرقانچە ئازاپلىق بولسىمۇ، مىللىتىمىز شۇنىڭغا مەجبۇر. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولىغا ئالغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك قاتارلىق مىللەتلەر، ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىگە قايتا قاراپ چىقىشقا تۇتۇنغان، «تۈركى مىللەت» لىك قالپىغىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مىللى كىملىكىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىتىمىزنىڭ سەركىسى ھېساپلانغان زىيالىلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزنى ھەدەپ «تۈركى مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى» قىلىپ كۆرسىتىش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ قېلىشى، دەل بىز دۇچ كېلگەن رىياللىقنىڭ ئىنكاسى. شۇ سەۋەپتىن پەرزەنتى ياكى نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ قوللىنىشتىن نۇمۇس قىلىدىغان زىيالىلىرىمىز، مىللىتىمىزدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايرىلىپ چىققىنىغا مىڭ يىلمۇ بولمىغان بىر مىللەتنىڭ نامىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فامىلىسى قىلىشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ.

«بىز باشقىلارغا ئەگىشىمىز دەپ ئۆزىمىزدىن چەتلەپ كەتتۇق، باشقىلارغا ئىشىنىپ، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەس بولدۇق، ئۆزىمىزگە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن باھا بەردۇق، ئاخىرى ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق. ئەمدى بىز بۇنى تونۇپ يېتەيلى ۋە ئۆزىمىزنى ئىزدەيلى». (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۆزىنى ئىزدەش يوسۇغىسىدا»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىل نەشرى، 5 - بەت)

تارىختىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، «تۈركى مىللەت» ئاتالغۇسى، 19 - ئەسىردىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ تۇرغان ياۋروپالىقلار، بولۇپمۇ رۇس تۈركولوگلىرى تەرىپىدىن خەلقىمىزگە تېڭىلغان. كېيىنكى ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا بىز بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر نامى بىلەن ئەمەس، «تۈركى مىللەت» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشتۇق. ‹تۈرك› سۆزى ئاپىرىدە بولۇشتىن مىڭلىغان يىللار بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان تىلىمىز،«تۈركى تىل» دەپ ئاتالدى. ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، «تۈركى مەدەنىيەت» بولۇپ قالدى. بىز بولساق تولىمۇ رايىشلىق بىلەن ئۆزىمىزنىڭ «تۈركى مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى»بولغانلىقىمىزدىن شەرەپ ھېس قىلىپ يۈردۇق. شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە تارىخىمىزنىڭ پەخرى ھېساپلانغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق نامايەندىلىرىمىز، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزگە قېرىنداش دەپ قارىغانلار تالىشىدىغان زىننەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالدى. ‹تۈرك› ئۇقۇمى پەيدا بولۇشتىن قانچە مىڭلىغان يىللار بۇرۇنلا ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، گۈللەندۈرۈلگەن ئاتا ماكانىمىزنىڭ شۇ نامغا باغلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلقىمىز تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بالايى-ئاپەتلەرگە ۋە ھېساپسىز قۇربان بېرىشلەرگە دۇچار بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. 90 - يىللارنىڭ

باشلىرىدا سوۋېت كوممۇنىست ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇشقاندا، خەلقىمىز خۇددى ئۆزلىرى ھۆرلۈككە ئېرىشكەندەك خوشاللىق ئىچىدە دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، بىر-بىرىنى قۇتلۇقلاشقان ئىدى. ۋاھالەنكى، كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار پاجىئەلەر بۇ ئاقكۆڭۈل خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىنى پايخان قىلىپ، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن ئاتىلار سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىز ھەققىدىكى ئاچچىق سوئاللار ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرۇپتۇ.

دەرۋەقە، تۈرك، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەيجان... قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىمىزنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ، بۇ بىر تارىخى رىياللىق. بىراق قېرىنداشلىق دېگەن ئۆزىنىڭ ھېسابى بىلەن بولغىنى تۈزۈك. ئەگەر بۈگۈنكىدەك مەنپەئەتلەر توقۇنۇشى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى قاپلاپ، بىر تۇققان قېرىنداشلارنى ياتلاشتۇرىۋاتقان شارايىتتا، مىللىتىمىزنىڭ نامىنى، تىل-يېزىقىمىزنى، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى «تۈركى مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى» نىڭ داشقازىنىغا سېلىپ بېرىش بەدىلىگە، خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىنساۋىغا باغلاپ قويىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بەكمۇ چوڭ يېڭىلىشكە ئۇچرايمىز. ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى قان-ياشلىق تارىخىمىز بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ھېچقانداق «مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى»نىڭ ئەزاسى بولغان ئەمەس، ھەم بولمايدۇ. مىللىتىمىز ئۆزى بىر چوڭ ئائىلە، بىز بۇ ئائىلىدە، ئۇيغۇردىن ئىبارەت مېھرىبان ئانىنىڭ باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلدۇق. ئۆزىنىڭ ھالال سۈتى بىلەن بىزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن بۇ ئۇلۇق ئانىنى قوغداش، بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق ۋىجدانى بۇرچىمىز. شۇڭا بىزدە چىرايلىق كۆرۈنگەن لىباسلارنىڭ كەينىگە قانداق غەرەزلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدىغان

رۇشەن كۆز بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ھەر تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ بىر تۇتاش تېررىتورىيەدە بىرگە ياشاپ قېلىشىنىڭ، ئۇزاق تارىخى جەريانىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا بولىدىغان باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنىڭ، ھېچقاچان بۇ خەلقلەرنىڭ بىر ئائىلە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالالايمىز.

مىللىتىمىز تارىختا ئۆزىگە خاس تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆزىگە لايىق تۆھپە قوشۇپ كەلگەن ئۇلۇق بىر مىللەت. كېيىنكى دەۋرلەردە مىللىتىمىز يۇلتۇزىنىڭ تۇۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەڭ ئەجەللىك بولغىنى، بىز مىللىتىمىزنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئىچكى ئۇيۇشقاقلىقىمىزنى مەھكەم ساقلاپ قالالمىدۇق. بولۇپمۇ يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنى ھالاك قىلغان «غوجىلار يېغىلىقى»نىڭ مىللىتىمىز ئېڭىدا قالدۇرغان جاراھەتلىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنىمىز يوق. تارىخىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز، مەدەنىي مىراسلىرىمىز،تىل-يېزىقىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز قىسقىسى، مىللىتىمىزنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە باغلىق بولغان كۆپلىگەن مەسىلىلەردىكى ئېنىق بولمىغان مۇجمەل كۆز قاراشلار، ھېلىمۇ خەلقىمىز زىيالىلىرىنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

«تارىختا شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولدۇكى، قاتتىق ھالاكەت سىنىقى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلمىگەن مىللەتلەر ھامان چۈشكۈنلەشتى. بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاكەتلىك سىناقلارئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنالىغان مىللەتلەرلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىدى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلالىدى». (ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل نەشرى ، 400-بەت) شۇنداق، خەلقىمىز قانچە مىڭلىغان يىللار داۋامىدا، تەپەككۇرنى يېڭىلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشنى ئۆز-ئارا

www.uyghurkitap.com

بىرلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ بىر ئاتىنىڭ بالىلىرىدەك ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك قوغداش ئارقىلىقلا، تۈرلۈك-تۈمەن ھالاكەتلىك بوران-چاپقۇنلاردىن غالىپ كېلىپ،چەكسىز ئۇزاق تارىخنى بۈگۈنگە ئۇلىيالىدى.گەرچە نۆۋەتتە مىللىتىمىز بېسىپ ئۆتۈشى لازىم بولغان مۇساپە بەكمۇ كۆپ ئەگرى-توقايلىقلار، خەتەرلىك ئۆتكەللەر، ھەتتا ھالاكەتلىك قايناملار بىلەن تولغان بولسىمۇ، جاھانساز ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئۆلمەس روھىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغان ئۇيغۇر خەلقى كەلگۈسى ھاياتلىق سەپىرىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلاپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ ھۆرلۈكىنى نىشان قىلغان يېڭى بىر زەپەرنامىسىنى يېزىپ چىقالايدۇ. خۇددى ئۇلۇق مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك:«ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان خەلق،ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتىشى مۇمكىن». (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2001-يىل نەشرى،149-بەت) بۇ مۇمكىنلىك پەقەت ۋە پەقەتلا، كەسكىن رىقابەت بىلەن تولغان 21-ئەسىرنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا قەددىنى رۇسلاپ تۇرالىغان، ئۆزىنىڭ مىللى كىملىكىنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇپ يېتەلىگەن،شۇنداقلا مىللەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالغا قاراپ يۈكسىلەلىگەن ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ كىرىش سۆزنى تەييارلاش داۋامىدا ئۆزۈندىن بۇيان كاللامدا سوئال بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى سىزدىن يۇشۇرۇشنى خالىمىدىم. گەرچە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار بەزى كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقماي قېلىشى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىۋېتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان بىر ئىنسان قاتارى، ئويلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى سىز بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى.

-ئازات قاسىمى

2007-يىلى ماي، بىشكەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

# 1 ـ باپ: ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى

«قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ»كىتاۋىنى ئوقۇمىغانلارغا ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بايان قىلىمىز.

مۇ قۇرۇقلۇقى ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ ئوكيانغا جايلاشقان. ئۇنىڭ مەركىزى ئېكۋاتوردىن سەل جەنۇپتا، سۇ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قالدۇقلىرىغا قارىغاندا، بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ كۆلىمىنى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن ئالتە مىڭ مىل، شىمالدىن جەنۇپقا تەخمىنەن ئۈچ مىڭ مىل دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. تىنچ ئوكياندىكى بارلىق تاقىم ئاراللار ئۆزاق ئۆتمۈشتە مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىنتايىن كۈچلۈك يەر تەۋرەشلەر مۇ قۇرۇقلۇقىنى نەچچە پارچە قىلىپ بۆلۈۋەتتى، قۇرۇقلۇق ئوتلۇق قويۇندا قالدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچ ئوكيان سۈيى بۇ ئىنتايىن بۈيۈك مەدەنىيەت ياراتقان قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە ئاتمىش مىليون ئادەمنىڭ قەبرىگاھىغا ئايلاندى. تىنچ ئوكيانغا تارالغان پاسخا،تائىتى، ساموئا، كۇكا، تونگا، مارشالل ئاراللىرى، گىلبېرت، كارولىن، مارىئان، ھاۋاي ۋە ماركىز قاتارلىق تاقىم ئاراللار ئۇن ـ تىنسىز قەبرىگاھىنىڭ ئالدىدىكى جىسەكچىلەرنى ئەسلىتىدىغان، بۇ ئىنتايىن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ قالدۇقلىرىدۇر.

مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى تۆۋەندىكىلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ:

• ھىندىستاندىن، خىتايدىن، بىرمىدىن، تىبەتتىن ۋە كامبودژىدىن تېپىلغان، تاشلارغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر، كىتاپلار، ھۆججەتلەر ۋە رىۋايەتلەر؛

• يۇكاتان يېرىم ئارىلىدىن،مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى كىتاپلار، يېزىقلار، مايالارنىڭ رەمزىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى؛

• تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدا تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇقلىرى، يېزىقلار، رەمزىلەر ۋە رىۋايەتلەر؛

• مېكسىكىدىكى مېخىكوغا يېقىن جايدىن تېپىلغان تاش پۈتۈكچىلەر؛

• شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىدىكى تاش غارلىرىدا ياشىغان ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ يېزىقلىرى؛

• قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ؛

• قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە يېزىقلىرى ؛

• پۈتكۈل دۇنيا خەلقلىرىدە ساقلانغان رىۋايەتلەر ؛

بۇ ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى «**قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ**»كىتاۋىدا كۆرسۈتۈلگەن.

• قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا تىنچ ئوكياندا مۇ دەپ ئاتىلىدىغان ئىنتايىن چوڭ قۇرۇقلۇق مەۋجۇت ئىدى؛

• ئىنسانىيەت بۇ قۇرۇقلۇقتا تەخمىنەن بۇنىڭدىن ئىككى يۈز مىڭ يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان؛

• مۇ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەۋراتتىكى ئىرەم بېغى بىر يەر. مېكسىكىدىن تېپىلغان پۈتۈكچىلەر ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم مەخسەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بارلىق باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ پۈتۈكچىلەردە تەۋراتتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى بايانلار بار.

• مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغان دەۋردە ئۇنىڭ خەلقى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەن. ئىلىم-پەنگە كەلسەك، ئۇ ھازىرقىدىن خېلىلا ئۈستۈنلىككە ئىگە بولغان (ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق! مۇ قۇرۇقلۇقى ئىككى يۈز مىڭ يىللىق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش يولىنى بېسىپ ئۆتتى.بىزنىڭ تارىخىمىز بولسا ئەڭ كۆپ بولغاندا، بەش مىڭ يىللىق مۇساپىغا ئىگە).

• شەرقنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان ھىندىستان، مىسىر، بابىلون ۋە باشقىلار مۇ قۇرۇقلۇقىدا بەرپا قىلىنغان بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان گۈلخانلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

«قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ»كىتاۋىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بارلىق يېزىقلار، ئۇلارنى ئوقۇشقا لازىملىق ئاچقۇچلار بىلەن بىللە بېرىلگەن. ھەربىر پىكىر ئاساسلاندۇرۇلغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەنگەن. كىتاپتا پاكىتلار كەلتۈرۈلگەن، نەزەرىيەلەر بولسا ئۆزلىرى توغرىلىق ئۆزلىرى غەمخورلۇق قىلىسۇن.

كىتاپخانىنىڭ گويا، مەن ئۆز كىتاۋىمدا ئۆتمۈش توغرىلىق كەلتۈرۈلگەن بارلىق مەلۇماتلارنى تۈنجى قېتىم تاپقانىنىڭ رولىغا داۋا قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خالىمىغان بولار ئىدىم. مەن پەقەت (ئەگەر بىزنىڭ خرونولوگىيەمىز توغرا بولسا) ئون ئىككى مىڭ ـ يەتمىش مىڭ يىل بۇرۇنقى مەنبەلەر ھەققىدە تېپىلغان پاكىتلارنى بايان قىلىمەن، بۇ مەنبەلەرنىڭ بايان قىلغانلىرى ھەيران قالارلىق، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك ۋە گېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار بۇ پاكىتلارنى ئىسپاتلايدۇ، بىزنى ھەتتا ئۇلارنى ئىسپاتلايدىغان رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمگە تايىنىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. مەسىلەن، مىلادىدىن 600يىل ئىلگىرى ياشىغان ختاي دانىشمىنى لاۋزى ئۆزىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئەجداتلىرىنىڭ ئاجايىپ زور مۇۋاپپىقىيەتلىرى ۋە ئالىملىرى توغرىلىق بايان قىلىدۇ.

قەدىمكى زاماندا ئادەملەر دانا بولغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىن كېلىدىغانلار توغرىلىق ئويلىغان. ئۇلار يەردە ۋە تاشلاردا ئۆچمەيدىغان يېزىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. پلۇتارخنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، بۇ توغرىلىق يۇنانلىق سولونغا مىسىرنىڭ سائىس شەھىرىدىكى كاھىن سۇكفىس سۆزلەپ بەرگەن. بۇ يېزىقلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋەيران بولغان ۋە يوقىتىلغان. لېكىن ئۇلار قەدىمكى دۇنيادا تارقالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزۈندىلىرى ۋە ئايرىم قىسىملىرى دۇنيانىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ

پۇشقاقلىرىدىن تېپىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەم قىلغاندا، بىر-بىرىنى ئاجايىپ ياخشى تولۇقلىغان بولار ئىدى، ھەمدە زېمىندىكى ئەڭ دەسلەپكى بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ ھەيران قالارلىق تېپىشماقلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ھۇل بولۇپ خىزمەت قىلاتتى.

مەن ئەللىك يىل داۋامىدا كۆپلىگەن ئۆزۈندىلەرنى ئىزدەپ توپلىدىم ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، يارىتىلىش ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدىكى قىزىقارلىق تارىخنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. مەندىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنى ئاياقلاشتۇرۇشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

**قەدىمىي يادىكارلىقلار** ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىغا بىۋاستە باغلىق بولغان يادىكارلىقلار پەۋقۇلئادە كام ئۇچرايدۇ، ئاخىرقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ماڭا پەقەت بىر قېتىملا بارى-يوقى ئىككى بۇيۇمنى تېپىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقى بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۇچتىن ئىشلەنگەن ئاللېگورىيەلىك ھەيكەللەردىن ئىبارەت. ئۇلار مۇ قۇرۇقلۇقى ياكى **ئۇيغۇر** شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، **ئۇيغۇر** شەھەرلىرى بۇ بۈيۈك ئىمپېرىيەنىڭ شەرقى قىسمى سۈپىتىدە، تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان «توپان بالاسى»دا ۋەيران بولغان ئىدى. بۇ سۇ دولقۇنى كەلگەن پۈتكۈل يەرلەردە ۋەيرانچىلىق بولدى، ئۇنىڭ ئاھالىسى سۇغا غەرق بولدى، شەھەرلەر بولسا لاتقىلار ئاستىدا قالدى. ھازىر **ئۇيغۇر**لار پايتەختى ئەللىك فۇتلۇق شېغىل، قۇم،لاتقا قاتلىمى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا. ئۇنىڭ ئورنىدا تاشلىق گوبى چۆلى تۇرىدۇ، «توپان بالاسى» ئاقىۋىتىدە يەرنىڭ پۈتكۈل قارا چىلان توپىسى ۋە ئۇنىڭدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر يۇيۇلۇپ كەتتى.

شۈبھىسىزكى، بۇ ھەيكەلچىلەر دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۇچ بۇيۇملىرىدىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ھەيكەلچىلەر **ئۇيغۇر**لارغا تەئەللۇق بولسا، ئۇ 18-20مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەندى ئۇ مۇ قۇرۇقلۇقىدىن تېپىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قانچە يىل بولغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ھەيكەلچىلەر مۇ قۇرۇقلۇقنى رەمزى قىلىدىغان ئۇلۇق ھۆكۈمدارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرقى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر زەرگەرلىك دۇكانلىرىدىنمۇ مۇنداق بۇيۇمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەنلىكى بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، نەپىسلىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان بۇيۇملار كام ئۇچرايدۇ. ھەر ئىككى ھەيكەلچە بىر يۈز ئەللىك يىل داۋامىدا ئامېرىكىدا ساقلانغان. ماڭا ئۇلارنىڭ تېپىلىش تارىخى مەلۇم، لېكىن مەن ئۇلار توغرىلىق قانچىلىك ئاز سۆزلىسەم، شۇنچىلىك ياخشى، چۈنكى ئۇلارنى ئالغان شەرقى دىياردا بۇ ھەيكەللەر سۆزسىز مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىنەتتى.

برىتانىيە مۇزېيىدا ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولغان ئىككى دانە سەۋلىجان (ھوقۇق تايىقى) ساقلانماقتا، ئۇلار شۈبھىسىز مۇ ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغىچە ياسالغان.

مۇ قۇرۇقلۇقىدا ئون قەبىلە ياشىغان. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى ئوچۇق تاشقى پەرقلەرگە قارىماي، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى ئانچە پەرقلەنمەيتتى، پەقەتلا تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئازغىنە پەرق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېزىقلىرىدا بولسا پەرق خىلىلا بار.

مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر بىر قەبىلە ئۆز تەۋەسىدە ياشايتتى، بىر نەچچە قەبىلە يېڭى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىشتىراك قىلغاندا، ئۇلار ئۇچرىغانلا يەرگە ئورۇنلاشمايتتى، ھەر بىر خەلقنىڭ ۋەكىللىرى ئايرىم يەرنى ئىگىلەيتتى ۋە خۇددى مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەجداتلىرىغا ئوخشاش، ئۆز شەھەرلىرىنى سالاتتى. قەبىلىلەر خوشنا بولۇپ ئورۇنلىشاتتى، دېمەك ئۇلارنىڭ مەملىكەتلىرى بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلاتتى. مۇنداق ھە دېگەندىلا ئايرىم ياشاش شەكلى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاخىرىدا قەبىلىلەر ھەر خىل خەلقلەرگە ئايلاندى. تىلدىكى پەرقلەرمۇ بارغانسىرى روشەنلىشىشكە باشلىدى.

# 2 - باپ: شەرق يوللىرى

**<u>كۆچمەنلەر دولقۇنى</u>** مۇ قۇرۇقلۇقىدا ئاھالە كۆپىيىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ تەدبىرچان، مەغرۇر دېڭىزچىلىرى تەرىپىدىن يېڭى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇۋاپىق يەرلەرگە يۈرۈش قىلىش ۋە ئۇ يەرلەرنى ئىگەللەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مۇ قۇرۇقلۇقىدىن چىققان كۆچمەنلەر مايالار دەپ ئاتىلاتتى. يېڭى يەرلەرنى ئىزدەپ مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەتكەنلەرنى ئەنە شۇنداق ئاتايتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا يېڭى زىمىنلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش دولقۇنى مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولۇشتىن كام دېگەندە 70 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان، چۈنكى شەرقنىڭ تاش پۈتۈكچىلىرىدە مۇقەددەس قېرىنداشلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرگە «بۈنىڭدىن يەتمىش مىڭ يىل مۇقەددەم» ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ دىنىنى ۋە ئىلىم-پەنلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئەنە شۇيېزىقلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇنداق ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنىڭ بىرىدە «ئاھالى سانى 35مىليون ئادەمدىن ئىبارەت» بولغان.

ئەڭ قەدىمكى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ تارىخىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان رەمزىلىك خەتلەرگە، رەسىملەرگە، تاش پۈتۈكچىلەرگە ، قەدىمي ھۆججەتلەرگە ۋە دۇنيانىڭ ھەرخىل بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن تېپىلغان ئىزلارغا ئاساسلانغان ھالدا، ماڭا مۇ قۇرۇقلۇقىدىن چىققان كۆچمەنلەرنىڭ يولىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولدى. بۇ ئىزلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كۆچمەنلەر ئىككى ئاساسى ۋە كۆپلىگەن مۇستەقىل ئىككىنچى دەرىجىلىك يۆنىلىشلەر بويىچە يۈرۈش قىلغان. ئاساسى يۆنىلىشلەر مۇ قۇرۇقلۇقىدىن غەرب ۋە شەرققە قاراپ بولغان.مەن يەرلەرنىڭ قايسىلىرى بالدۇر ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى توغرىلىق گۇۋالىق قىلىدىغان ئىسپاتلارنى تاپالمىدىم. ھازىرقى ۋاقىتتا ئىككى يۆنىلىشنىڭ پەقەت بىرىنىڭلا سەنەسىنى، يەنى مىسىردىكى نىل دەرياسى قىرغىقىدا

قۇرۇلغان مايا ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنى بۇنىڭدىن 16مىڭ يىل ئىلگىرى دەپ ئاساسلاندۇرۇش مۇمكىن. مەنبەلەر ئىككى ئاساسى يۆنىلىشتە قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز دەسلەپكى دۆلەتلەرنىڭ قەيەردە بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز. شەرقى يۆنىلىشتە دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەنلەر شىمالى ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا، غەربى يۆنىلىشتە ئاسىيانىڭ شەرقى قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان.بۇ دۆلەتلەر ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ رەمزى قىلىپ نۇرسىز چىقىۋاتقان قۇياش(1-رەسىم) بەلگۈلەنگەن. ئۇلار مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش مۇمكىن بولغان دەرىجىدە تەرەققى قىلغاندا ئىمپېرىيەگە ئايلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بەلگۈلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەمزى، نۇرلىرى بىلەن چىقىۋاتقان قۇياش بولىدۇ (2-رەسىم). ھەممە مۇ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھۆكۈمرانىغا «قۇياش ئوغلى» ئۇنۋانى بېرىلەتتى، بۇ ئۇنىڭ «قۇياش ئىمپېرىيەسى» بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ پۇخراسى، ياكى ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.



1. 2.

**شەرق يوللىرى** تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن خەرىتىدە كۆچمەنلەرنىڭ شەرق يۆنىلىشىدىكى ھەرخىل يوللىرى كۆرسىتىلگەن.

ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ يوللار ئارىسىدا ئىككىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىدىن كېيىن ئېنىق ئىز-كۆپلىگەن گۇۋالىقلارنى قالدۇرغان. بۇ يەردە سۆز مۇ قۇرۇقلۇقىدىن يۇكاتانغا ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىگە، ئۇ يەردىن ئاتلانتىداغا، ئاندىن ئوتتۇرا دېڭىز،كىچىك ئاسىيا،داردانېل ئارقىلىق قارا دېڭىزنىڭ شەرقى قىرغىقىغا بارىدىغان يول توغرىلىق بولىۋاتىدۇ.بۇ يولنىڭ تارماقلىرىنىڭ




موقۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ شەرق يوللىرى

www.uyghurkitap.com

بىرى جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربى قىرغىقى ئارقىلىق ئۆتۈپ چىلىغىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تارمىقى مەركىزى ۋە جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقى قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئارگېنتىناغىچە بارىدۇ. يەنە بىر تارماق شەرقى ـ شىمالغا مېڭىپ، سكاندىناۋىيەدە ئاياقلىشىدۇ. ئاتلانتىدادىن باشلانغان تارماقلار، ياۋروپانىڭ غەربى ـ شىمالىغا ۋە ئافرىقىنىڭ غەربى ـ شىمالىغا باراتتى. بۇ ئوتتۇرا دېڭىز ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى تۆۋەنكى مىسىرغا، نىل دەرياسى دېڭىزغا قۇيۇلۇدىغان يەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى.

بۇ يولنى مەن شەرقى يۆنىلىشنىڭ ئاساسى شىمالى يولى دەپ ئاتايمەن. شەرقى يۆنىلىشنىڭ يەنە بىر ئاساسى يولى رىۋايەتلەرنى ۋە قەدىمكى خەرىتىنى ھېساپلىمىغاندا، ئۆزىدىن كېيىن ھېچ قانداق ماددىي گۇۋالىقلارنى قالدۇرمىغان. ئۇ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربى ـ جەنۇبىدىن باشلىناتتى ۋە جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا باراتتى. ئۇ يەردىن قاناللار ئارقىلىق ئامازون دېڭىزىغا (ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا ئامازون سازلىقى بار) چىقاتتى ۋە ئاتلانتىدانىڭ جەنۇبى قىرغاقلىرىدا ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى تولۇقلاش بىلەن ئافرىقىنىڭ جەنۇبىغا باراتتى. بۇ يولنىڭ كۆچمەنلىرى قارا تەنلىكلەر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يىراق تۇققانلىرى مېلانېزىيەدە (تىنچ ئوكياننىڭ غەربى ـ جەنۇبى ئاراللىرى) ياشايدۇ. ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا كۆچمەنلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەر يولىمۇ مەۋجۇت بولغان، ئۇلار كارىسلار، ياكى كارىيتىسلار دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنرەك ئۇلار ھازىرقى يۇنانلارغا (گرېكلارغا) ئايلانغان.

شەرق يۆنىلىشىگە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقمايدىغان، مۇ قۇرۇقلۇقىدىن چىقىدىغان يەنە ئۈچ ناھايىتى مۇھىم يول كىرەتتى، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى تەخمىنەن ھازىرقى نېۋادا تەۋەسىدە، ئىككىنچىسى مېكسىكا ۋادىسىدا، ئۈچىنچىسى پېرۇدا ئاياقلىشاتتى، يۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن قاناللار قاتتىق ۋەيران بولغان

بولسىمۇ، لېكىن تا هازىرغىچە مەۋجۇت. ئۇلار ئاندىدا، تىتىكاكا كۆلىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

**شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى** تۆۋەندە مەن ئۆز قولۇم بىلەن سىزغان شىمالى ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرتلىك خەرىتىسى بېرىلدى، ئۇنىڭدا تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىزلىرى بايقالغان ئورۇنلار كۆرسىتىلگەن. خەرىتىدىكى بىر دۇگلەك پەقەت بىرلا مەدەنىيەتنىڭ، ئىككى دۇگلەك ئىككى، ئۈچ دۇگلەك ئۈچ مەدەنىيەتنىڭ تېپىلغان ئورنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ياشىغان ئىزلىرى ئالياسكىدىن گورن تۇمشۇقىغىچە بايقىلىدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئەڭ قەدىمكى ئىنسان پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ بىرىمۇ قىرغاق يېنىدا بايقالمىغان. مەن بۇ مەسىلىگە يەنە توختىلىمەن.




**تارىختىن ئىلگىرىكى شىمالى ئامېرىكا**

- بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى
- ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى
- ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى
- مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈشنىڭ ئېھتىمال بولغان يوللىرى

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىنىڭ غەربىي شتاتلىرىدا ئۈچ، ھەتتا تۆرت مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى بايقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئاقىۋىتىدە يوقىتىلغان. يۇتا، نېۋادا، نيۇ-مېكسىكا، ئارىزونا، كولورادو، مېكسىكا ۋە مەركىزى ئامېرىكا مەملىكەتلىرى ھازىرقى ئارخېئولوگلار ئۈچۈن تېپىلمىلارغا باي رايونلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئارخېئولوگ دۇنيانىڭ باشقا ھېچ يېرىدىن ئۆز تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن بۇنچىلىك مول ۋە خىلمۇ-خىل ماتېرىيالنى تاپالمايدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، بۇ ئارخېئولوگلار ئۈچۈن جەننەت ماكاندا كاينوزوي دەۋرگە، شۇنداقلا مېزوتسېن دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمكى ئادەم ئىزلىرى بايقالغان، قەدىمكى زاماننىڭ بۇ قالدۇقلىرى بىلىملىك، روھلانغان، پىكىر قىلىدىغان ياشلارنى كۈتمەكتە، ئۇلار بۇ ئىزلارنىڭ بايانلىرىنى تىڭشايدۇ ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ھەققانىي بايان قىلىدۇ. مۇناسىپ ياشلار ئويمان-چوڭقۇر، شاماللاردا ئۇپرىغان تاشلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغانلارنى توغرا ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ تاشلارنىڭ سىرلىرىنى ئالدامچىلىق بىلەن بىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ناھايىتى قەدىمىي ۋە مۇقەددەستۇر. ياشلار بۇ تاشلارغا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى قوبۇل قىلىشقا قادىر، ناتوغرا پىكىرگە ئىشەنمەيدىغان ھالدا كېلىشى لازىم. ياشلار ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېلىپبەسىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇ مەدەنىيەتلەر توغرىلىق بايان قىلىدىغان گۇۋالىقلار ئوقيا ئوقىنىڭ چاقماق تاشلىق ئۇچى ياكى نەيزىدىن تارتىپ ساپالچىلىق ۋە زەرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بۇيۇملىرى، تەسۋىرى سەنئەت، شۇنداقلا خىش بىلەن قەد كۆتەرگەن بىنالاردىن ئىبارەت چوڭ شەھەرلەرگىچە بولغان قىياپەتتە بولۇشى مۇمكىن.

**<u>كېتساللار مەملىكىتى</u>** كېتساللار شىمالىي ياكى مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسى تەۋەسىدە ياشىغان دەسلەپكى خەلق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىن رىۋايەتلەردىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان. قەدىمكى ئىنسان پائالىيىتىدىن تېپىلغان بەزى ئىزلار ئېھتىمال كېتساللارغا تەئەللۇق

بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىزدە دەلىل ـ ئىسپاتلىق مەلۇماتلار يوق. مەن «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» ناملىق كىتاۋىمدا كېتسالللار توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلغان ئىدىم، بۇ يەردە مەن ئۇلارنى بىر ئىزاھات بىلەن تولۇقلاشنى لايىق كۆردۇم.

1890 ـ يىلى مەن مەركىزى ئامېرىكىغا سەپەر قىلغان ۋاقتىمدا ئىندىيانلار ماگا گوندۇراس بىلەن گۋاتىمالانىڭ ئادەم ئايىقى باسمىغان ئورمانلىرىدا تاكى ھازىرغىچە ئاق تەنلىك، ئاق ـ سېرىق چاچلىق ئىندىيانلار ياشايدىغان جايلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۇنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە داۋامىدا ئۇلار ياشايدىغان يەردە تۇرغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ يەردە مەن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ كېتساللار توغرىلىق ئاڭلىغانلىرىمغا نىسبەتەن خېلىلا دەلىل ـ ئىسپاتلىق مەلۇماتلارغا ئېگە بولغان. ئۇ يەرنىڭ تۇرغۇنلىرىنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى كېتسال باسقۇنچىلار تەرىپىدىن غۇلىتىلغاندىن كېيىن، ئورمانغا كەتكەنلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ ھېساپلىنىدىكەن، ئۇلار مايا تىلىدا سۆزلىشىدىكەن.

**پىگمېيلار** يۇكاتان توغرىلىق يازغانلارنىڭ پەقەت ئازغىنا قىسمىلا پىگمېيلارغا دىققەت بۆلگەن. بۇنىڭغا بۇ بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان خەلق ۋە ئۇلار تەرىپىدىن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ۋە كىچىك ئىبادەتخانىلارنىڭ يۇكاتاننىڭ پۇتكۈل شەرقى قىرغىقىدا ۋە قىرغاق يېنىدىكى ئاراللاردا ساقلىنىپ قالغانلىقى سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا ئانچىمۇ يىراق ئەمەس ۋاقىتلاردا بۇ يەردە ياشايدىغان پىگمېيلار توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار ئىدى.

بۇ خەلقتىن قالغان كۆپ سانلىق تاش خارابىلەر نىسكۇتتا (مېكسىكا) ۋە كۆپلىگەن باشقا جايلاردا ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى كۆلىمى بويىچە ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇلاردا بۆلۈملەر كىچىك ۋە تورۇسلىرى ئېگىز ئەمەس. كوسۇمېل ئارىلىدا ئانچە چوڭ بولمىغان ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئېگىزلىگى ئارانلا ئۇچ فۇت، كەڭلىگى ئون سەككىز دىيۇم. مۇنداق ئىشىكلەر بۇ خەلقنىڭ

قۇرۇلۇشلىرى ئۇچۇن تېپىكتۇر. مەندە بۇ خەلق ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئۇزۇل-كېسىل غايىپ بولغانمۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولدى، مېنىڭ مەلۇماتلىرىم بويىچە، بۇ ئۇنداق ئەمەس. مەن برىتانىيەگە قاراشلىق گوندۇراستا بولغىنىمدا، ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئوۋچىلار بىلەن ساياھەتچىلەر ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى پات-پاتلا ئېچكىرى تاغلىق سايلاردا ئۇچراتقان. بۇ ئادەملەرنىڭ ئېگىزلىگى ئۈچ فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، چاچلىرى ناھايىتى قويۇق ھەم ئۇزۇن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار مايا تىلىدا ئەركىن سۆزلىشەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 3ـ باپ: شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى

مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاھالىسى پۈتكۈل دۇنيا بويىچە ئورۇنلىشىشقا باشلىغاندا، شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن شەرقى ئاسىيا ئەڭ دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز مەملىكىتىمىزدە ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىزلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ياۋروپاغىمۇ، مىسىرغىمۇ، بابىلونغىمۇ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنرەك بولغان ئىشلار. بۇ مەملىكەتلەرگە قەدىمكى ئادەم ئىزلىرىنى تېپىش ئۈچۈن بارىدىغانلار، يېنىدا تۇرغان قوينى كۆرمەي، ئۇ يەر-بۇ يەردىن يۈتۈپ كەتكەن شۇ قوينى ئىزدەپ يۈرگەن پادىچىغا ئوخشايدۇ.

كېلىڭلار، ئادەم ئايىغى دەسلەپ ئامېرىكا يېرىگە قەدەم تاشلىغان ۋاقىتنى خىيالەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى ۋە ئېھتىمال بولغان ۋەقەلەر كۆرۈنۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. ھازىرقى زامان تارىخىغا ئاساسلانغان ھالدا، مۇ قۇرۇقلۇقى ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا بولغان، دەپ پەرەز قىلايلى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن يولغا چىققان قەدىمكى كېمە پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ كوماندىسى سەرگۈزەشتىلەرنى ئىزدەشكە تەشنا، ئاق تەنلىك كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق ياشلاردىن تەركىب تاپقان. ئارىدىن يۈزمىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى ئادەملەرنىڭ سانى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتكەنكى، ئاقىۋەتتە مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ يەرلىرى، دايىم ئۆسۈۋاتقان ئاھالىنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشكە قادىر بولالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆچمەنلەر يەرشارىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ-پۇشقىقىدىن يېڭى يەرلەرنى ئىزدەشنى قارار قىلغان.

مۇ قۇرۇقلۇقىدا بۇ ئادەملەرنى كېتساللار دەپ ئاتايتتى، چۈنكى ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ ۋە يارىتىلىشنىڭ رەمزى سۈپىتىدە كېتسالكوئاتىل دەپ ئاتىلىدىغان زەھەرلىك يىلاننى تاللىۋالغان.

ئاينىڭ ئاسماندىكى ساياھىتى ئاخىرلىشىپ، ئەتىتىگەننىڭ قۇياش نۇرلىرى ئۈپۈقنى يورۇتقاندا، كېمە كوماندىسى دېڭىز سۈيىنىڭ ۋۇملۇق قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان ئۈزۈن دولقۇننى كۆردۇ، قىرغاقنىڭ ئارقىسىدا دۆڭلۈك مەنزىرە كۆرۈنگەن ئىدى. دېڭىزچىلار قىرغاققا يېقىن كېلىپ، دېڭىز دولقۇنلىرى خېلى پەسرەك جايىنى تاپىدۇ. ئۇلار قىرغاقتىن يۇقۇرغا چىقىپ، قولايلىق جايىنى تېپىپ، كېمىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە بىر قونالغۇ قۇرىدۇ. ئۇلار لاگېردىن ئەتراپنى بايقاپ كېلىشكە بارىدۇ، بۇ يەردە ھېچ كىمنىڭ ياشمايدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەنە شۇنداق ياخشى خەۋەر بىلەن ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىگە قايتىدۇ.

بۇ بايقىغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرنى بىز ھازىر ئامېرىكا قىتئەسى دەپ ئاتايمىز، ئەندى بايقىغۇچىلار دەسلەپ چۈشكەن جاي توغرىلىق كونكرېت ئېيتىدىغان بولساق، بۇ ھازىرقى مېكسىكا. بۇ ۋەقە كام دېگەندە بۈنىگدىن 50مىڭ يىل مۇقەددەم، ياكى ئۈنىڭدىنمۇ بىر نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن.

بايقىغۇچىلار قايتقاندىن كېيىن چارلاش ئۈيۈشتۈرۈلۈپ، يېڭى يەرلەرنى مۇنتىزىم رەۋىشتە ئۆزلەشتۈرۈش باشلىنىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەرلەر گۈللەنگەن دۆلەتلەرگە ئايلىنىدۇ. باشقا قەبىلىلەر سەل شىمالغا ئورۇنلىشىدۇ، ئەڭ دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر كېڭىيىپ، ئاخىرى يۇكاتانغا ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىگىچە يېتىدۇ. ھازىرقى گۋاتىمالانىڭ تەۋەسىدە پايتەخت قۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمران سايلانغان ئىدى.

**مېكسىكا ۋادىسى** قەدىمكى بۇيۇملار ئىشقىۋازلىرى ئۈچۈن يەر يۈزىدە مېكسىكا ۋادىسىدىن باشقا قىزىقارلىق جاي يوق. ئىنسانىيەت ئامېرىكا قىتئەسىدە پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىن باشلاپ ئۈنىڭغا بۇ

يەردە نۇرغۇن پاچىئەلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىگەن تىرىشچانلىقى بىلەن، بۇ يەرلەر مۇۋاپىيەقىيەتلىك تەرەققى ئېتىپ، يېڭى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ھېساۋىغا كېڭىيىپ، چوڭ شەھەرلەردىن تەركىپ تاپقان ئاجايىپ گۈللەنگەن مەملىكەتكە ئايلانغان چاغدا، دېڭىزدىكى يەر تەۋرەشلەردىن كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك دولقۇنلار بېسىپ كېلىپ، شەھەرلەر بىلەن ئىمارەتخانىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، بارلىق ھاياتلىقنى نابۇت قىلىدۇ. سۇ دولقۇنلىرى چېكىنگەندە بولسا، قېلىن تاش-توپا، قۇم-شېخىل لاتقىسىنى قالدۇرىدۇ، شەھەردىكى ئىمارەتلەر بىلەن ئىمارەتخانىلار قېلىن لاتقا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ بۇ دەسلەپكى چوڭ شەھىرىنىڭ قالدۇقلىرى مېخىكودىن 29 مىل شىمالدا تۇرىدۇ.

كېيىنرەك مېكسىكا ۋادىسىدا يەنە تۆرت ئاھالىلار نوقتىسىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك سۇ دولقۇنىدا ۋەيران قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئورنىدا تاشلارغا يېزىلغان يېزىقلار قالغان. ئۇئىلىيام نىۋېن مۇنداق تاش پۈتۈكچىلەردىن ئىككى مىڭ ئالتە يۈز دانە تاپتى. ئەپسۇسكى، بۇ يەرنىڭ ھازىرقى تۇرغۇنلىرى بۇ تاش پۈتۈكچىلەرنىڭ ئاۋتورلىرى ئەمەس. بۇ پۈتۈكچىلەردىن بىر نەچچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھلىرى نوۋەتتىكى باپتا سۆزلىنىدۇ.

بۇ مەدەنىيەتنىڭ قانداق قىلىپ يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقى توغرىلىق قىسقىچە بايان، بارلىق دەۋرلەردە بايان قىلىنغانلارغا قارىغاندا ئەڭ قىزىقارلىق ۋە ئىبرەتلىك بولغان گېئولوگىيەلىك قىسسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .

مېكسىكا ۋادىسى ئاستىدا گاز بىلەن تولغان يەر ئاستى بوشلىقى پارتلاپ كېتىدۇ، بوشلۇقنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمى يەر ئۈستىدە بولغان بارلىق جانلىقلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بوشلۇققا غۇلاپ چۈشىدۇ. ھاسىل بولغان بوشلۇققا ئوكيان سۈيى ئېتىلىپ كېلىدۇ. بۇ مېكسىكا ۋادىسىنىڭ سۇ ئاستىدا قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك

ۋۇلقاننىڭ پارتلاپ چىقىشى بىلەن بىر مەزگىلدە يۈز بېرىدۇ. قىسقا ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم تەكرار-تەكرار يەر تەۋرەيدۇ. يەر يېرىلىپ، ئوت ئېتىلىپ چىقىدۇ، ۋۇلقان لاۋىسى پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئېقىپ، ئۆز يولىدا ئەجەل ۋە ۋەيرانچىلىق چېچىپ ماڭىدۇ. بۇ قەدىمكى ۋۇلقان ئېغىزلىرى بىلەن لاۋا ئېقىملىرى قېتىشمىسى هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ شىتلى ۋۇلقانى ئەڭ مەشھۇردۇر، ئۇنىڭ لاۋا ئېقىمى تەخمىنەن 25 مىلغا سوزۇلۇپ ، مېخىكو شەھىرىنىڭ يېنىدا ئاياقلىشىدۇ. لاۋا قېتىشمىسىنىڭ قېلىنلىقى 25 فۇت بولۇپ ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان.

بۇ تەبىئىي ئاپەتنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكى توغرىلىق مەندە مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس. لېكىن بۇنىڭدىن 16مىڭ يىل مۇقەددەم مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىنى سۇ باسقانلىقى توغرىلىق مىسىرنىڭ ئىبادەتخانا يېزىقلىرىدا مەلۇماتلار بار. بىراق نەق شۇ سۇ تاشقىنى توغرىلىق سۆز بولىۋاتىدۇ، دەپ بىر تەرەپلىمىلىك تەستىقلاش مۇمكىن ئەمەس. تېخى يېقىندا نيۇيېن ماڭا يازغان خېتىدە ئىبادەتخانا يىلنامىسىنى ئىسپاتلايدىغان ئاتستېكلارنىڭ رىۋايىتىنى بايان قىپتۇ. ئۇ تۆۋەندىكىچە:

«كورتېس ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن مېكسىكىغا كەلگەندە (1521-يىل) ئاتستېك روھانىسى ئۇنىڭغا مونۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن: «بۇنىڭدىن ئىنتايىن يىراق ئۆتمۈشتە غايەت زور سۇ دولقۇنى مېكسىكا ۋادىسىنى بېسىپ ئۇ يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ مەملىكىتىنى هالاك قىلغان.بۇ سۇ تاشقىنى شۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك بولغانكى، قۇياشمۇ بۇ سۇ تاشقىنىدا غايىپ بولۇپ ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاللاتائاللا يېڭى قۇياشنى بەرپا قىلدى ۋە بۇ يېڭى قۇياش دۇنيا تارىخىدا يېڭى دەۋرگە ئاساس بولدى»».

بۇ ئادەتتىكى ئاتستېكلار ھېكايىسى، ئۇنىڭدا ئاتستېكلارنىڭ ھەر خىل ئويدۇرمىلىرى يوق. ئۇ مېكسىكا ۋادىسىنى سۇ بېسىش ۋە دەسلەپكى ۋەتەن مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ دېڭىز ئاستىغا غەرق بولۇپ ھالاك

بولغانلىقى توغرىلىق ئىككى رىۋايەتنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەتتۇر.

مۇ قۇرۇقلۇقى هالاك بولۇپ خېلى ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن، مېكسىكا ۋادىسىنى سۇ باسىدۇ. سۇ قايتقاندىن كېيىن، يەنە خېلى زامانلار ئۆتۈپ، ئۇ يەرلەردە جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا لايىقلاشقان هالەت شەكىللىنىدۇ. مۇ قۇرۇقلۇقى «قۇياش ئىمپېرىيەسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى ۋە پۈتكۈل زېمىننىڭ ۋاسسالى ئىدى. «سۇ تاشقىنى قۇياشنى يۇتۇۋەتتى» دېگەن ئىبارە ئەنە شۇ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ يەنى قۇياش ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇ ئاستىدا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇياش ئىمپېرىيەسى پۈتكۈل زېمىننى باشقۇرغان. بارلىق ئادەملەر ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلاتتى، ئۇ هالاك بولغاندىن كېيىن دۇنيادا قالايمىقانلىق پەيدا بولىدۇ . هەر قايسى ئىمپېرىيەلەر ئۆزى ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئورنىتىشقا مەجبۇر بولغان. موشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان هالەتكە ئۆتكەن.بۇهەقىقەتەنمۇ«دۇنياتارىخىدىكى يېڭى دەۋر» بولغان.

مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئاخىرقى قېتىم شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئورۇنلاشقان دەۋرلەردە، ئۇنىڭ غەربى قىرغىقىنى بويلاپ گاز چەمبەرلىرى هاسىل بولۇشقا باشلايدۇ، بۇ بولسا تاغ چوققىلىرىنىڭ كۆتىرىلىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چوققىلارنىڭ كۆتىرىلىشى نەتىجىسىدە ۋادىنىڭ يەر يۈزى بىر نەچچە مىڭ فۇت كۆتىرىلىدۇ .شۇنى ئىشەشلىك ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر بۇ ۋاقىتتا مېكسىكىدا ئىنسانلار ياشىغان بولسا، ئۇلارنىڭ هەممىسى دېگىدەك هالاك بولغان، چۈنكى تاغلار هاسىل بولغان جايلارنىڭ هەممىسىدە ۋەيرانچىلىق ۋە بالا-قازا يۈز بەرگەن.

بۈگۈنكى مېكسىكا ۋادىسىدا بارلىق جايلاردا بايقىلىۋاتقان بىر قاتار گېئولوگىيەلىك هادىسلەر، شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربى قىسمىدىكى تاغ چوققىلىرىغا 11 مىڭ بەش يۈز يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت بولمىغانلىقىنى رەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە ئەلېكتىرونلۇق كىتابلارنىڭ پىشقىدەم بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېكسىكا چوققىسى سكالىست ۋە كاسكاد تاغلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مېكسىكا ۋادىسى سۇ ئاستىدا قالغاندا، ئۇنىڭغا شىخىل، قۇم، لەيلىمە تاشلار ۋە كۆپلىگەن دېڭىز قولۇلىلىرى تىنىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە ئوكيان سۇلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنىگەن، ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ يەر سۇغا ئانچە چوڭقۇر چۆكۈپ كەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ سۇ ئاستىدا تۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلمىغان، چۈنكى بۇ يەردە بىسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىڭ ۋە مۇستەھكەم قىيا تاشلار ھاسىل بولمىغان. ھازىر بۇ يەرلەردە مېكسىكىدا تىپپىتاتې دەپ ئاتىلىدىغان ئوخشاش شەكىلگە ئىگە بولمىغان ئارىلاش مىنېراللار ئۇچرايدۇ. بۇ جىسىملار ۋادىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قورشاپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مىسىردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ 16مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت مۇقەددەم ھاسىل بولغان. مېكسىكا ۋادىسىدىكى سۇنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن قايتقانلىقى نامەلۇم، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ باھا بېرىشىمىزچە، ئۇ سۇ ئاستىدا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان.

مېكسىكا ۋادىسى سۇدىن ئازات بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ يەردە يەنە ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ھالبۇكى ئۇمۇ ئوكياندىن كەلگەن ھالاكەت ئاقىۋىتىدە يوقىتىلىدۇ. مېكسىكا تاغلىرىنىڭ يېقىندا ھاسىل بولغانلىقى ھەققىدىكى تەخمىنلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر مېكسىكا تاغلىرىنىڭ شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تاغلارنىڭ غەربى چوققىلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىغا دىققەت بۆلسەك، ئۇ چاغدا شىمالى ئامېرىكىنىڭ غەربى قىسمىدىكى بارلىق تاغلارنىڭ يېقىندا ھاسىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلانغان دەپ ھېساپلاش مۇمكىن.

12 **<u>مىڭ يىل بۇرۇنقى ئامېرىكا قىتئەسى</u>** ئەندى نىۋېننىڭ ئىككىنچى ئۇلۇق تېپىلمىسىغا كۆچىمىز.ئۇ مېخىكونىڭ غەربى ـ شىمالىدىن 4 ـ 6 مىل يىراقلىقتا جايلاشقان كىچىك يېزىلاردىن،17 ـ 18 فۇت

چوڭقۇرلۇقتىن مېكسىكىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى تاپقان. ئۇ تاپقان كۆپلىگەن بايلىقلار ئارىسىدا 2600 دانە تاش پۇتۇكچىمۇ بار. نۇۋېن ئىنتايىن نۇرغۇن كۈچ چىقىرىپ ئۇ پۇتۇكچىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئېلىپ ماگا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ ماگا يازغان دەسلەپكى خەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ: «پروفېسسورلار ۋە كۆپلىگەن باشقا ئامېرىكىلىقلار، شۇنداقلا چەت ئەللىكلەر، ماگا بۇ رەمزىلەر ئىلگىرى ئۇلار كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى».

ياۋروپادىكى ۋە ئامېرىكىدىكى بىرمۇ مەشھۇر ئارخېئولوگقا بۇ پۇتۇكچىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئالتە ياكى يەتتە مىڭ يىللىق يېزىقلارنى ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تىلىنى، ئېلىپبەسىنى ۋە مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتنى بىلىش كېرەك. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بارلىق قەدىمكى يېزىقلارنىڭ ئاچقۇچى. مەن ئىلگىرى - ئاخىرى كۆرگەن مەتىنلەرنىڭ كۆپچىلىكى دىنى ياكى ئىلمى خاراكتېرغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە باشقا نەرسە توغرىلىق ئەمەس، پەقەت مۇ قۇرۇقلۇقى ھەققىدىلا يېزىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ ئېلىپبەسى ئون ئالتە ھەرىپتىن ۋە كۆپلىگەن دىفتونگىلاردىن (بىر بوغۇمدا ئىككى ئۈنلۈك تاۋۇشنىڭ قاتار كېلىشى) ئىبارەت. ھەر بىر ھەرىپ ئۈچ رەمزىنىڭ بىرى، يەنى گلىفلار بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بىرىنچىسى ئىبراتىكىلىق رەمزى بولۇپ، ئۇ مەخپى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچىسى، ئادەتتە، سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوللىنىلاتتى، ئۈچىنچىسى بولسا سۇپەت پېلى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ياكى ئېمفازا (بەزى تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۈچلەندۈرۈش) ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. مەخپى ھەرىپلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھمىيىتىنى پەقەت ئازغىنا روھانىلار بىلەتتى. كۆپلىگەن ھادىسىلەردە ھەرىپنىڭ مەخپىي ئەھمىيىتى نېمىدۇر بىر نەرسىنى رەمزى قىلاتتى،

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن M ھەرپى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئېلىپبە رەمزى، H مۇقەددەس تۆرتلىكنىڭ رەمزى، A ياراتقۇچى خۇدانىڭ رەمزى ئىدى.

نۇۋېن ماڭا ئېۋەتكەن تاش پۈتۈكچىلەردىن بۇ تىلنىڭ ماڭا ئاللىقاچان تونۇش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، بۇ تاش پۈتۈكچىلەرنى ئوقۇشقا لازىملىق ئاچقۇچ ھەرھالدا ئامېرىكىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئۆتمۈشى ھەققىدە مەلۇماتلارنى توپلىشىمغا ئەسقاتتى.

نۇۋېن تاش پۈتۈكچىلەردىن تاشقىرى يەنە ئادەم بېشىنىڭ كۆپلىگەن ھەيكەل شەكىللىرىنى تاپقان ۋە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى. ئەگەر بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قىياپىتى بولسا، ئۇنداقتا ھازىرقى ۋاقىتتا دۇنيادا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان باشقا نەرسە يوق. نۇۋېن بۇ ئادەملەرنى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ ھېساپلايدۇ، مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلار كۆپرەك سىمىتلارنى ئەسلىتىدۇ. شۇ نەرسە قىزىقارلىقكى، بىر قاتار تاش پۈتۈكچىلەردە بايان قىلىنغان دىنى كۆز قاراشلار، يېقىندا بابىلوندىن تېپىلغان پۈتۈكچىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

نۇۋېن پۈتۈكچىلەرنى ئاساسى جەھەتتىن قەبرىگاھلار ئەتراپىدىن تاپقان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى، گىلىفلارنىڭ رەڭگىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بىر قەۋەت لاي بىلەن قاپلانغان. بۇ پۈتۈكچىلەرنىڭ قەبرىگاھلار ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇلار تېپىلغان تەۋەدىكى خەلقتە خېلىلا قەدىمكى مۇقەددەس تەۋەررۇك يادىكارلىق بولغان، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈندەيدۇ.

مەن پۈتۈكچىلەرنىڭ قىسمەنلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاساسى جەھەتتىن مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدىن ئۆزۈندىلەر ۋە ئايرىم جۈملىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلاردا مەخپىي، ياكى ئىبادەتخانا گىلىفلىرى پايدىلىنىلغان. بۇ جەرياندا مەن غەلىتى ھالەتكە دۇچار بولدۇم، ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىشكە قىينىلىمەن.

1. كۆپلىگەن پۈتۈكچىلەر پەۋقۇللادە قوپال ئىشلەنگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. رەسىملەر نەقىشلىنىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىياپەتلەرنىڭ شاگىرتلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكى ئېنىق بايقىلىدۇ. باشقىلىرى بولسا، ئەكسىچە، ھەقىقى ئۇستا تەرىپىدىن چوڭ ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن.

2. ئەسلىدە پۈتۈكچىلەر تەكشى ئىشلەنمىگەن. ئۇلارنىڭ شەكلى توغرا ئەمەس، كۆلەملىرىمۇ خۇددى شۇنداق. ئەتىمالىم، بۇ ئۇستى سۇ بىلەن تەكشىلەنگەن ئادەتتىكى تاشلار. رەسىملەر تاشلارنىڭ شەكلىگە مۇۋاپىق سىزىلغان.

3. پۈتۈكچىلەردىكى رەسىملەر، بەزىدە پەۋقۇللادە قوپال سىزىلغانلىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ ناھايىتى مەلۇماتلىق ئادەملەردىن بولغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئىلاھىنىڭ مەنبەسى ۋە ئىلاھى كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى توغرىلىق ناھايىتى ياخشى خەۋەردار بولغانلىقىغا، ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا گۇۋالىق قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنى ئادەتتىكى مەدەنىيەت دەپ ئاتاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ كائىنات كۈچى توغرىلىق بىلىمى، شۈبھىسىزكى ناھايىتى چوڭقۇرلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى، ئەندى بىزنىڭ ئالىملىرىمىز بولسا كائىنات كۈچىنى ئاددىلا «ئېنېرگىيە» دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىلىق پەرەزگە ئېگە ئەمەس. ئاددى مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق پۈتۈكچىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىلىم-پەننىڭ يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى ئەتكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دەرىجىسىگە بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئىلىم-پەنمۇ يەتكىنى يوق، بۇ مەدەنىيەت پەقەت ئەندىلا زامانىۋى ئالىملار دۇنياسى ئالدىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شۇنچىلىك چوڭقۇر بىلىمنىڭ بەزىدە شۇنچىلىك چولتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ ساپال بۇيۇملىرى ۋە قىزىل توپا بىلەن ئىشلەنگەن بۇ ھەيكەلچىلەرنى دۇردانە دەپ ئاتاش

مۇمكىن، لېكىن يېزىقلار ھەقىقەتەنمۇ ئىككى خىل تەسىرات قالدۇرىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ بۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە بىز چۈشەنگەن دەسلەپكى سۆزلىرىدۇر.

تاش پۈتۈكچىلەر ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دۆلەت تۈزۈمى توغرىلىق بايان قىلىدۇ.

تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن پۈتۈكچىلەرنىڭ يەشمىسى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، كىتاپخان شۈبھىسىزكى قەدىمكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دىنى كۆز قاراشلىرى ۋە كائىنات بىلىملىرىنىڭ (ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىمات) ئىنتايىن چۈڭقۇرلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ ئادەملەر يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ماۋزۇلىرىنىڭ بىرى دۇنيانىڭ يارىتىلىشى بولغان ئىدى، ئۇ ھېچ نەرسە يوقلۇقتىن تارتىپ تاكى ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ تەكىتلىشىچە، «دەسلەپتە ھېچ نەرسە يوق ئىدى، دۇنيا ئۈنسىز بولۇپ، ئۇنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تۇرغان». بۇ ئادەملەر ياراتقۇچىنىڭ بىر تەڭرىلىك ياكى جەملىگۈچى رەمزى سۈپىتىدە قۇياشقا ئېتىقات قىلغان. ئۇلار پەقەت بىر ياراتقۇچىنىلا ئېتراپ قىلاتتى، جەملىگۈچى رەمزى قۇياش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. ياراتقۇچىغا كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتلەر مەنسۇپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم رەمزى توغرا كېلەتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ خۇسۇسىيەتلەردە پەقەت ياراتقۇچىنىڭلا كۈچىنىڭ ماھىيىتى ئىپكەنلىكى پاكىتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

بۇ خەلقنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى جامائە شەكلىدە بولغان. ئېلىنغان ھوسۇل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بەلگىلەنگەن قانۇنغا مۇۋاپىق تەخسىم قىلىناتتى. مەن پۇلنى ئەسلىتىدىغان قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆرمىدىم ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر نەرسىسىنىڭ بولغانلىقىنى




مۇ قۇرۇقلۇقى ، مايا ۋە مىسىرلىقلارنىڭ ئېلىپبەلىرى

تەكىتلىشىم مۇمكىن ئەمەس.
بۇ كىتاپتا، بولۇپمۇ مەتىنلەرنى تەرجىمە قىلىش مەسىلىلىرىدا، مەن چەكسىز ئالىي ماھىيەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «تەڭرى» سۆزىنى قوللانمىدىم، چۈنكى قەدىمكىلەر ئۈچۈن ئۇ مۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ چۈشۈنۈشلۈك بولۇشى ئۈچۈن «تەڭرى» سۆزىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىمەن.
**«تەڭرى» سۆزىنىڭ پەيدا بولۇشى** قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەندە كىتاپخان خىلمۇ-خىل مەتىنلەردە «تەڭرى» سۆزىنى ئۇچرىتىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياكى بۇ ئىسىم ئىيتىلىدۇ، مەسىلەن: خالدېيلارنىڭ «تەڭرى بېلماردۇق»، مىسىرلىقلارنىڭ «تەڭرى توت» ۋە ۋاھاكازالار. قەدىمكىلەردە ياراتقۇچىغا بولغان ئىتقات كۈچلۈك بولاتتى، ئۇلار ئۈچۈن ئۇ تەڭرى ئىدى. ئۇلاردا كائىنات كۈچلىرىنىڭ ماھىيىتى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز بولاتتى.
قەدىمكى ئەسەرلەردە قانداقتۇر نەتىجە چىقىرىدىغان ياكى قانداقتۇر ئىشلارنى قىلىدىغان تەڭرى بىلەن مەبۇدە نىكاھىسىنىڭ سەۋەپلىرى دايىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. قەدىمكىلەر بىر نەرسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى كائىنات كۈچى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلارنى بۇنىڭغا مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار ئۆگەتكەن، ئۇلاردا تۇغۇلۇش ئىككى كۈچنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت-لىنىشىنىڭ نەتىجىسى، دېيىلگەن. ئەنە شۇنداق ئىككى كۈچنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشى، قوشۇلۇشى ۋە يېقىنلىشىشى ناھايىتى ئاممىباپ شەكىلدە تەڭرىنىڭ نىكاھ ئىتتىپاقى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەتىمالىم، ئاددى ئىنساننىڭ ماھىيەتنى چۈشىنىشىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن قىلىنغان بولسا كېرەك. ئۇلارغا **ئا** تەڭرى **ب** تەڭرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، **س** نى پەيدا قىلدى، دەپ چۈشەندۈرۈلەتتى، لېكىن مۇقەددەس يېزىقلاردا بۇ ئەھۋال ئىبادەت تىلى بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: «قۇياش ئوقلىرى يەر ئوقلىرى بىلەن ئۇچراشتى» دېگەندەك. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈندە چۈشەنمەيدىغانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن

ئىبادەت تىلىنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئەندى روھانىلار بولسا، ئاددى ئادەملەرگە چۈشۈنۈشلۈك بولۇشى ئۈچۈن كائىنات كۈچلىرىگە تەگرى قىياپىتىنى بەرگەن. بۇنىڭدا تۆرت ئىلاھى كۈچ تۆرت ئۇلۇق بىرلەمچى كۈچكە ماس كېلەتتى.

كېيىنرەك ماددى تەندىن چىقىپ كەتكەن ئادەم روھىمۇ تەگرى قىياپىتىگە كىرگۈزۈلدى، مىسىرنىڭ ئالىملىق تەگرىسى توت بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. بۇ بىھۆرمەتلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى قەدىمكىلەر ياراتقۇچى ئىنسانىنى ياراتقاندا ئۇنىڭغا كائىنات كۈچلىرىنىڭ بىرلىگەنلىكىنى، بۇ كۈچلەرنىڭ روھقا بوي سۇنىدىغانلىقىنى ۋە جان ماددى تەندىن چىقىپ كەتكەندە، بۇ كۈچنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كائىنات كۈچلىرىگە ئىگە ئادەم روھىنى تەگرىگە تەئەللۇق قىلىش تولۇق ئۆزىنى ئاقلايدۇ. قەدىمكىلەر كېيىنرەك تەگرى سۆزىنى ياراتقۇچىنىڭ ئىسمىغا قوشۇشقا باشلىدى. ئىنسانلارغا ئەڭ قەدىمدىن مەلۇم بولغان مۇنداق ئەھۋال تەۋراتتا ئورۇن ئالغان، ئۇنىڭدا ئالى ماھىيەت تەگرى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا شۇندىن بۇيان بۇ سۆز ياراتقۇچىنى ئىپادىلەشتىكى ئاممىباپ سۆز بولۇپ قالدى.

لېكىن ئىككى يىرىم مىڭ يىل بۇرۇنقى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندىن تارتىپ، ئالىملار ۋە ئۇلىمالار بىزنىڭ تەگرىمىز بىلەن قەدىمكى ئىنسانلار ئېتىقات قىلغان تەگرى چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىقنى بىلەلمىگەنلىكتىن، گويا ئۇ دەۋىردىكى ئادەملەر ئۈچۈن بارلىق ئىلاھلار ئالىي ماھىيەتلەر بولغان، دېمەك، ئۇلار نۇرغۇن تەگرىلەرگە ئىتائەت قىلغان، دەپ قارىدى. ئەنە شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىلىم-پەنىمىز دەھشەتلىك قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى، ئۇ خەۋەردار بولمىغان ئادەملەرنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە چۈكۈشىگە كاشىلا بولدى. تارىختا بۇ ھېچكىمگە يېڭى نەرسە ئەمەس.

**<u>مېكسىكا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلاردىكى ۋۇلقان پارتلاش شارايىتى</u>**

بۇ بابنى ئاياقلاشتۇرۇشتىن ئاۋال، نېمە ئۈچۈن مېكسىكا ۋادىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




**مېكسىكىدىكى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلاردىكى ھەمدە ۋېست-ئىندىيادىكى ۋۇلقان پارتلاش شارايىتى**

كۈچلۈك ئوكيان دولقۇنلىرىدىن شۇنچىلىك نۇرغۇن ئاراپ چەككەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. مەن ئۇ ھەقتە بىر خەرىتىنى سىزىپ قويدۇم، ئويلايمەنكى ئۇنىڭدا بۇلارنىڭ

ھەممىسىنى ئېنىق كۆرسىتىش مۇمكىن. شىمالدىن جەنۇپقا تارتىلغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سىزىقلار يەر پوستىدىكى ئەڭ چوڭ تىنچ ئوكيان دۆڭلەك گاز چەمبىرىنىڭ پاراللېل تارماقلىرىدىن ئىبارەت. مېكسىكىنىڭ شىمالىدا ئوكيان ئاستىدىن ئۇنىڭ ئۈچ تارمىقى ئۆتىدۇ. سۈرەتتە يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ ئىككى تارمىقى شەرقتىن غەربكە قاراپ ماڭغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ چەمبەر تىنچ ئوكياندىن يۇكاتانغا ۋە مەركىزى ئامېرىكا بوغۇزىغا چىقىپ، كۆپلىگەن تارماقلارغا، ھالقىلارغا ئايرىلىپ، ئاندىن قىتئەدىن چىقىپ يەنە قوشۇلىدۇ.

چەمبەرلەر ھاسىل بولغان ۋە ھەر بىر قېتىم گاز چىققاندا، قىرغاققا غايەت زور دولقۇن ئۇرۇلاتتى. گاز چەمبەرلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى، نۇرغۇنلىغان گاز ئېغىزلىرىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوكيان ئاستىدىكى گاز گۈمبەزلىرىنىڭ پارتلاش ئالدىدىكى كۆتۈرۈلىشى ئەنە شۇنداق دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى. قىتئە ئاستىدىن ئۆتكەن گاز چەمبىرىنىڭ تارماقلىرى بولسا، تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنى يىغىش ۋە تارقىتىش بېكىتى



# 4 ـ باپ: مېكسىكا ۋادىسىدىن تېپىلغان تاش پۇتۇكچىلەر

شۇبھىسىزكى ماڭا ئۇليام نىۋىننىڭ ئۆزى ئېۋەتىپ بەرگەن ھېكايە تۈۋەندە تەكىتلەنگەن قەدىمكى پۇتۇكچىلەرنىڭ تېپىلىشى توغرىلىق ئەڭ ياخشى ۋە ھەقىقى بايان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

نىۋىننىڭ ئۆز تېپىلملىرى توغرىلىق ھېكايىسى «مېكسىكا ۋادىسى ئىسپانىيەلىكلەرتەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتتىن بۇيان مېخىكو شەھرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇزۇنلىقى ئەللىك، كەڭلىگى ئەللىك مىل كېلىدىغان تەۋە ئارخېئولوگىيەلىك غەزىنىلەرنى ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقىي جەننەت ماكانىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ يەردىن كۆپلىگەن نادىر تېپىلمىلار، جۈملىدىن كالېندار تېشى، غايەت زور تىسوكا قۇرام تاشلىرى ۋە ئاتسكوپوتسالكو سىرلىق يېزىقلىرى تېپىلغان. ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا شۇنچىلىك چوڭ دىققەتكە سازاۋەر بولغان بۇ رايوندىن مېنىڭ تاپقان بۇيۇملىرىمنىڭ تارىخى تۆۋەندىكىدەك:

1910 ـ يىلى گېررېرو شتاتىنىڭ تەكشۈرۈلمىگەن ۋە ئاھالە ياشىمايدىغان قىسمىدىكى قەدىمكى شەھەرلەردە قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مېخىكوغا قايتقىنىمدا، يەرلىك ئىندىيانلار ساپال ھەيكەلچىلەرنى ۋە باشقا بۇيۇملارنى سېتىش ئۈچۈن ماڭا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار بۇ بۇيۇملارنى پايتەختتىن يىگىرمە بەش مىل يىراق بولغان سان ـ خۇئان ـ تېۋتىخۇئاكاندىكى قۇياش ۋە ئاي پىرامىدالىرى ئەتراپىدىكى جايلاردىن تاپقان، مەن ئۇلارنىڭ تېپىلمىلارنى تاپقان جايغا بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن بىر سائەتتىن سەل ئوشۇقراق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىندىيانلارنىڭ بىرىگە ئۇ بۇيۇملارنى تاپقان جايىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسە، بەش پېسو(ئىككى يېرىم دوللار) بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇ مېنىڭ تەكلىۋىمنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

لېكىن پەقەت 1921 ـ يىلىلا مەن ئامانتىلى يېزىسىغا يېقىن سانتياگو ـ ئائۇسوكتىلا دېگەن جايدا قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغىنىمدا، يەر بېتىدىن تۆرت مېتر چوڭقۇرلۇقتا هازىر مەشهۇر بولۇپ كەتكەن نەقىشلەنگەن تاش پۇتۇكچىلەرنى تاپتىم. بۇ تېپىلما شۇنچىلىك كۆتۈلمىگەن ۋە شۇنچىلىك هەيران قالارلىق بولغان ئىدىكى، مەن دەرهاللا ئەگەر مۇمكىن بولسا، مۇنداق پۇتۇكچىلەردىن بىر نەچچىنى تېپىش قارارىغا كەلدىم. مەن بۇ مەخسەت بىلەن يىگىرمە كۋادىرات مىل ئارىلىقتىكى يەرنى سىستېمىلىق رەۋىشتە قېزىپ تەكشۈردۇم. مېنىڭ جىددى ئەمگىكىم مول نەتىجە بەردى، سەل كەم ئۈچ يىل ئىچىدە، يەنى 1923 ـ يىلى دېكابىرغىچە مۇنداق سىرلىق پۇتۇكچىلەردىن 975 دانە قېزىۋالدىم.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇهىملىرى ئائۇسوكتىلا قەبرىگاهى يېنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن تېپىلدى. بۇ يەردە قىزىل ۋە سېرىق رەڭلەرگە بويالغان هەيكەلچىلەر ناهايىتى ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭدا پايدىلىنىلغان بوياقلار كۆپۈنچە تۆمۈر ئوكسىددىن تەييارلانغان. 1924 ـ يىلى كارنېگى ئىنستىتۇتىدىكى دوكتور مورلى ماگا تاشتىن كېسىپ ئىشلەنگەن ۋە قەبرىگاھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ غەلىتى پۇتۇكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا مېكسىكىدا ياكى باشقا جايلاردا كۆرگەنلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى».

ئۇلىيام نىۋېن سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە ئىنتايىن قىزىقارلىق، لېكىن بۇ قەدىمكى تاشلار بايان قىلىدىغانلار ئۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىق، ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئۆتمۇشىدىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ۋە هازىرقى ئىنسانلار چۈشەنگەن دەسلەپكى سۆزلەر ئىدى.

مەندە بۇ پۇتۇكچىلەرنىڭ تارىخى 12 مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ، دەپ تەكىتلەشكە يېتەرلىك مەلۇماتلار يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخى ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمىي بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سەنەسىنى ئېنىق، ياكى هېچ بولمىغاندا تەخمىنەن ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان هېچ نەرسە يوق. ئەگەر بىز ئىشنى ئىنسانلارنىڭ ئامېرىكىدا پەيدا بولۇش تارىخىدىن باشلاشنى قارار قىلغان بولساق، بىزگە ئەللىك مىڭ يىلدىن

www.uyghurkitap.com

ئۇشۇق، ھەتتا يۈز مىڭ يىلدىن ئۇشۇق ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كۆچۈشكە توغرا كېلىدۇ. گېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار بۇنىڭدىن 50 مىڭ يىل مۇقەددەم ئامېرىكىدا ناھايىتى يۇقۇرى تەرەققىي ئەتكەن مەدەنىيەت — ئىنتايىن چوڭ خىش ئىمارەتلىك شەھەرلەر، ئاجايىپ نەپىس ساپال ۋە زەرگەرلىك بۇيۇملىرى، تاملارغا ئىشلەنگەن گۈزەل رەسىملەر مەۋجۇت بولغانلىقى ھەققىدە گۇۋالىق بېرىدۇ.

**<u>كائىناتنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى</u>** رەسىمدە كەلتۈرۈلگەن پۈتۈكچە-بۇ بارلىق پەنلەرنىڭ ئاچقۇچى، ئۇنىڭدا ھەرىكەت ئىپادىلەنگەن. مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇ نۇۋىنىنىڭ توپلىغان بارلىق نەرسىلىرى ئىچىدە ئەڭ باھالىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ تاشتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەكىل يۈز مىڭ يىل جەريانىدا مۇقەددەس تۆرتلىك نامى ئاستىدا مەلۇم بولغان نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قەدىمكى يېزىقلاردا ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە نىمىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى توغرىلىق بايان قىلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋردە بۇ مۇقەددەس تۆرتلۈكنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىسىملىرى بولغان، ئۇ بارلىق ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ دىنى كۆز قاراشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن ئىنسانلار تەرىپىدىن مۇقەددەس تۆرتلىككە قويۇلغان ئوتتۇزدىن ئۇشۇق ئىسمىنى بايقىغانلىقىمغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ بۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكى توغرىلىق مەلۇمات بەرمەيدۇ. بۇ ياراتقۇچىنىڭ ئالەمنى ۋە بارلىق جانلىقلارنى يارىتىشتىكى تۆرت ئىلاھى كۈچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەممىسىدىن ئاۋال بۇ كۈچلەر پۈتكۈل ئالەمدە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئورنىغا قانۇن ۋە تەرتىپنى ئورناتقان. ئۇلار كېيىنرەك بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىشتا ياراتقۇچىنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بولغان. ھەممە نەرسە يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار پۈتكۈل دۇنيادىكى بارلىق ماددىي نەرسىلەر ئۈستىدىن ھاكىمىيەتكە ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈچلەرنىڭ مەنبەسى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. قالغان

بارلىق كۆچلەر بولسا ئەنە شۇ تۆرت ئىلاھى كۆچكە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇلارغا باغلىق. ئاتوملار كۆچنى پەيدا قىلىدۇ، ئاتوملارنىڭ ھەركىتى بولسا ئەنە شۇ مۇقەددەس تۆرتلۈك تەرىپىدىن بەلگۈلىنىدۇ.



1231-پۈتۈكچە. ئۇنىۋېرسال ھەركەتنىڭ ئاچقۇچى

## 1 دىن 10غىچە بولغان سانلارنىڭ مەخپىي ئەھمىيتى.

(ناگا، مايا، ئىنگلىز تىلىدا)

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. | خۇن | خۇن | ئۇمۇمىي بىر پۈتۈنلۈك |
| 2. | كاس | كا | ئىككى تەرەپلىمىلىك ياراتقۇچى |
| 3. | ئوكس | ئوكس | ئۆز كۆچى بىلەن شەرتلەنگەن |

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| .4 | سان | كان | تۆرت قۇدرەتلىك |
| .5 | خو | خو | كېلىش |
| .6 | ئۇئاك | ئۇئاك | قالايمىقانچىلىقنى تەرتىپكە سېلىش |
| .7 | ئۇئۇك | ئۇئۇك | ئادەمنى يارىتىش ئۈچۈن |
| .8 | ئۇئاكساكس | ئىئاكساكس | توغرا تۇرۇشقا مەجبۇرلاش |
| .9 | بولان | بولان | ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش |
| .10 | لاخۇن | لاخۇن | ئۇ بىردە ئىككىلىكنى بىلدۈرىدۇ |

بىز تۆۋەندە، كەلتۈرۈلگەن پۈتۈكچىنىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىشى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. 10 بۇ ئىنتايىن مۇقەددەس ھېساپلانغان ياراتقۇچىنىڭ سانى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر دايىم «**لاخۇن**» رەمزى پايدىلىنىلغان. قەدىمكى ئادەملەر ئۆزلىرىنى «**ئون**» سۆزىنى ئېيتىشتىن تېخىمۇ ئىشەشلىك ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ھېساپنى بەشلەر بىلەن يىگىرمىگىچە سانايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى قېتىم بەشكە، ئون بەش، ئۈچ قېتىم بەشكە، يىگىرمە تۆرت قېتىم بەشكە ئايلىناتتى.

**<u>بىرىنچى جۈپ — ئەر بىلەن ئايال</u>**. دۇنيادا ئايال كىشىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق تەخمىنلەر بارلىق دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغان. بۇ توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بايان قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەمزىلىك ماھىيەتكە ئىگە. ئۇلار بىزگە ئېنىق ھېچ نەرسە دېمەيدۇ.

**تەۋراتتىكى رىۋايەت:** «خۇدا ئايالنى ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى».

**پولىنېزىيە رىۋايىتى:** «ئۇ ئەركىشىنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ئايالنى ياراتتى ۋە ئۇنى ئېۋى دەپ ئاتىدى».

**ختاي دانىشمىنى لاۋزى مىلادىدىن 500 يىل مۇقەددەم مۇنداق دىگەن:**
«داۋ بىرنى تۇغىدۇ، بىر ئىككىنچىنى تۇغىدۇ، ئىككىسى ئۈچىنچىنى تۇغىدۇ، ئەندى ئۈچى بولسا بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىدۇ».



ئايال كىشىنى يارىتىش توغرىلىق بايان قىلىنغان
نۇۋېن توپلىمىدىكى 1584-پۈتۈكچە

www.uyghurkitap.com

يونانىستان پەيلاسوپى ئەپلاتون ئايال كىشىنى يارىتىش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: « دەسلەپتە ئىنسانلار شۇنداق يارالغان ئىدىكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بەدىنى بىر ئىدى، ئۇنىڭ تۆرت قولى ۋە تۆرت پۇتى بار ئىدى. بەدىنى دۈگىلەكسىمان بولۇپ، قوللىرى ۋە پۇتلىرى بىلەن يەرنى تايىنىپ ئالغا سىلجىشاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئىلاھلارغا ناچار مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىدى، قۇربانلىق قىلىشنى توختاتتى ۋە ھەتتا ئولىمپىك تېغىغا يۇمۇلاپ چىقىپ ئۇنى غۇلىتىۋېتىشنىمۇ پوپوزا قىلدى. ئىلاھلارنىڭ بىرى: «كېلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئۇلار خەۋپلىك» دېدى. يەنە بىرى بولسا: «ياق، مەن ياخشى ئۇسۇلنى بىلىمەن، بىز ئۇلارنى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ چېپىۋېتىمىز. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ پەقەتلا ئىككى پۇتى ۋە ئىككى قولى بولىدۇ، ئۇلار يۇمۇلالمايدۇ، چۈنكى دۈگىلەكسىمان بولۇشتىن قالىدۇ.سانىمۇ ئىككى ھەسسە كۆپىيىپ، قۇربانلىقنى ئىككى ھەسسە كۆپ بېرىدىغان بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى،بۇ يېرىم ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ، بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزگە پوپوزا قىلىشقا چولىسىمۇ تەگمەيدۇ»دېدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن نۆۋەن يىقىقان 1584-پۈتۈكچىدىن ئوقۇغىنىمنى قوشۇمچە قىلىمەن. بۇ مەتىن شۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگىكى، ئۇ ساپ ئامېرىكا قىتئەسى مەتىنى بولۇپ ئۇنىڭ تارىخى 12مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ پۈتۈكچە بىۋاستە يەتتىنچى ئەمردىن كېيىنكى (ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق ئېيتىلىدۇ) مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپتىكى ئۆزۈندىگە سىزىلغان رەسىم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ دەسلەپكى جۈپنىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تەۋراتتىكى ئادەم بىلەن ھاۋا ۋە خىتايلارنىڭ «ئىككىگە ئايلىنىدىغان بىر»ھەققىدىكى بايانلىرى توغرا كېلىدۇ.




**ئاچقۇچلارنى ئايرىش ۋە ئۇلارنى ئىزاھلاش**

1 ـ بۇ ھەيكەلنىڭ بېشى ئادەمنىڭ، كۆزلەر يېپىق، يەنى ئۇخلاۋاتقان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.(قەدىمكى ئىنسانلاردا ئۇيقا ئۆلۈمگە ئىشارە قىلغاننى بىلدۈرەتتى) باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆلۈك. باشتىن ئىككى كۆچ چىقىپ تۇرىدۇ. باشنىڭ تۆۋىنىدىكى ئىككى تەرىپىدە چەمبەر-ياراتقۇچىنىڭ رەمزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چەمبەردىن ئىككىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، ئىككىلەمچىلىك پىرنسىپىنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ ۋە 3 ـ ھەيكەلنىڭ گەۋدىسى ئىككى كائىنات تۇخۇمىدىن تۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ بىلر بىرى بىلەن قوشۇلغانلىقى، بەدەندە ئىككىتەرەپلىمىلىك پىرنسىپى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقۇرقى تۇخۇم

www.uyghurkitap.com

(گەۋدىنىڭ يۇقۇرقى يېرىمى) پەقەتلا كۈچ پەيدا قىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە ھېچ قانداق تەكرار ئىشلەپچىقىرىش يوق.

4 ـ بۇتۇخۇم ئەرلىكنىڭ باشلىنىشىنى رەمزى قىلىدۇ. ئەندى تۆۋەنكى تۇخۇمدىن (گەۋدىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى) يېڭى كائىنات تۇخۇملىرى پەيدا بولىدۇ.

5 ـ كائىنات تۇخۇملىرى تەكرار ئىشلەپ چىقىرىشنى رەمزى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمى، ئاياللىق باشلانمىسى بىلەن باغلىق بولۇپ چىقىدۇ.

6 ـ كۈچلەر. ئۇ يەردە ئىككىلەمچى كۈچلەر ئەرلىك باشلانما كۈچلىرىدىن چىقىۋاتقان ۋە ئاياللىق باشلانمىدىن پەيدا بولغان كائىنات تۇخۇملىرىغا كىرىۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئەنە شۇنىڭ بىلەن، تەكرار ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئەرلىك ۋە ئاياللىق باشلانمىلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

7 ـ قايچىلار. بىر بىرىگە يېقىنلىشىۋاتقان ئىككى كۈچ بۆلۈنۈش ھەرىكىتىنى رەمزى قىلىدۇ. ئۇلار دەسلەپكى ئادەمنىڭ گەۋدىسى بولغان ئىككى كائىنات تۇخۇمىنى ئاجرىتىدۇ، بۇ بولسا نىسبەتەن ئەرلىك ۋە ئايالىق باشلانمىلارغا ئاساسلانغان ئىككى بەدەننىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

رىۋايەت: يارىتىلغان دەسلەپكى ئادەم ئۆزىدە ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ئۇيقا (ئۆلۈم) ئەۋەتتى، ئۇيقا ۋاقتىدا بۇ ئىككىنى تەشكىل قىلغۇچىنى ئاجراتتى، شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى ئۆزىدە ئەرلىك ۋە ئايالىق باشلانمىلىرى بولغان ئادەم پەيدا بولدى. بۇ تەكرار ئىشلەپ چىقىرىشنى تەمىنلەش ۋە ئىنسان ئۇرۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئىككىنچى مىڭ يىللىقتىكى (ئېھتىمال ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى) مىسىرنىڭ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتىدا يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن چۈشەنچە گەۋدىلەندۇرۇلگەن، دەسلەپ يارىتىلغان ئادەم ئۆزىدە ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىغا ئىگە بولغان. ئەپلاتون مىسىرلىقلارنىڭ سىرىنى يەشكەن يۇنان

پەيلاسوپلىرىنىڭ پىرى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ «يۇمۇلاق ئادەملەر» ھەققىدىكى قىزىقارلىق تەسۋىرىگە ئۇنىڭ موشۇ يەردە ئالغان بىلىملىرى ئاساس بولدىمىكىن؟

## دەسلەپكى جۈپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى: ئادەملەر تېپلىرى

نىۋىنىنىڭ 150-نومېرلىق تاش پۈتۈكچىسى يەر يۈزىگە قانداق قىلىپ ۋە قانداق مەنبەئە نەتىجىسىدە ئادەملەرنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى توغرىلىق بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى يېزىقلار قەدىمكى مەخپى ئىبادەتخانا خېتى (ئېلىپبەسى) بىلەن ئورۇنلانغان.



1.



2.



3.



4.

«ياراتقۇچى بىرنى ياراتتى. بۇ بىر ئىككىگە ئايلاندى». (1-رەسىم)

«ئىككىسى ئۈچىنچىسىنى ياراتتى». (2-رەسىم)

«ئەنە شۇ ئۈچىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەيدا بولدى» (3-رەسىم)

بارلىق قەدىمكى خەلقلەرنىڭ يېزىقلىرىدا موشۇ رىۋايەت ئازغىنا ئەھمىيەتسىز ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇچرايدۇ. نىۋىنىنىڭ 150-نومېرلىق تاش پۈتۈكچىسىگە 12مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت بولغان. بارلىق خەلقلەرنىڭ قەدىمىي رىۋايەتلىرى، دەسلەپكى بىر جۈپ ئادەمنىڭ ئاق تەنلىك بولغانلىقىدا يەكدىلدۇر. ئەگەر شۇنداق ئىكەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاق تەنلىك بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بىز ھازىر ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، قىزىل تەنلىك كەبى ھەرخىل رەڭدىكى ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز.

مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئاھالىسى يېزىقلارغا مۇۋاپىق، ئون قەبىلە ۋە ئىنسان تىپىغا بۆلۈنەتتى (4-رەسىم). تامامەن ئوخشاش مەۋجۇداتلاردىن ئىبارەت بىر جۈپنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ مۇنداق بۆلۈنىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدىن ئىبارەت؟

تاش پۇتۇكچىلەردىكى يېزىقلار بۇ ھەيران قالارلىق ھادىسىنى چۇشەندۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى مەزمۇنىنى مۇپەسسەل ئىزاھلاپ بېرەلەيمەنمۇ-يوق، بۇ ئىككىنچى مەسىلە. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا پايدىلىنىلغان سۆزلەر بىلەن نامىلار ھازىرقى دەۋرگىچە ساقلىنىپ قالمىغان، دېمەك ھازىرقى تىلدا ئۇلارغا ماس كېلىدىغانلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ تەرجىمىلىرىم مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭغا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن شۇنداق ئېھتىمالغا يېقىن ھالدا بارلىق تەرەپلەردىن تامامەن توغرا بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، مەن بۇ يەردە بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى قىلىغان تەرجىمەمنى ئىز پېتىچە كەلتۈرىمەن. لېكىن مەن ئاۋال بۇ يەردە سۆز زىمىنىنىڭ بىرىنچى ئۇلۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسان تىپلىرى ۋە ئىرقلىرى توغرىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەشنى خالىغان بولار ئىدىم. بىز بۇ مەدەنىيەتنى مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولۇش ئالدىدا مەۋجۇت بولغان، دەپ پەرەز قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بارلىق ھادىسىلەردە بۈگۈنكى ئىرقلار بىلەن ئىنسان تىپلىرى زىمىنىنىڭ بىرىنچى ئۇلۇق مەدەنىيىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولغانلار بىلەنمۇ، كۆچمەنلەر سۈپىتىدە دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كېتىپ قالغانلار بىلەنمۇ ئوخشاشلاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. دەسلەپكى ئون قەبىلىنىڭ بىرەرسىنىڭ بىۋاستە ئەۋلاتلىرىنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمەيمەن، قانداقتۇر تىنىچ ئوكيان ئاراللىرىنىڭ بىرىدىن ئىزدىسەك قانداق بولار. لېكىن ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئۇ يەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيەلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ «قۇياش ئىمپېرىيەسىنىڭ باللىرى» چاپسان يوقىلىۋاتىدۇ، ياكى كەلگۈندىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، دېمەك پۇتكۇل پولىنېزىيە ئاھالىسى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قىياپىتىنى يوقاتقان،ئارىلاش ئىرقلار ۋەكىللىرىدىن ئىبارەت بولىدىغان كۆنلەر يىراق ئەمەس.

قەدىمكى ئىنسان تىپلىرىنىڭ ۋە ئىرقلىرىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەپلىرىنىڭ بىرى ئارىلاش نىكاھلار بولغان. بۇ يەردە ئامېرىكا بىلەن

بىرازىلىيە مىسال بولالايدۇ. شۇنداقلا بىر خەلقنىڭ يەنە بىر خەلقنى ئىشغال قىلىشىمۇ ئاربلاش نىكاھلارغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ھازىرقى تىپلار بىلەن ئىرقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساس سەۋەبى تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى جەريانىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر بولغان. يەر ئاستىدىن تاغلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، مۇنداق رايونلاردىكى كۆپلىگەن ئادەملەر ھالاك بولغان، ئۇ يەر بۇ يەردە ئامان قالغان جامائەتلەر بىلەن ئايرىم ئائىلىلەر تاغلار بىلەن بىللە كۆتۈرۈلۈپ قالغان. ئۇلارغا ماكان بولغان يېڭىدىن ھاسىل بولغان يايلاقلار بىلەن ۋادىلار ئەندى ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن مۇمكىن بولماي قالغان يەرلەردىن ئۇلارنى ئالاقىسىز قالدۇرغان ئىدى.تاغلاردا ساقلىنىپ قالغان چوڭ بولمىغان بۇ ئىنسان توپلىرى كېيىن ئۇزۇن يىللار داۋامىدا كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ سانى ئۆسۈپ، تاغ ۋادىلىرى ئۇلارنى باقالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئۇلار كەينىگە يەنى ئەندى ياشاشقا لايىقلاشقان، ھۆسۈللۈق يەرلەرگە ئايلانغان تۈزلەڭلەرگە ئورۇنلىششقا باشلىغان. تاغلارنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرى شۇنچىلىك ئاز سانلىق بولغان ئىدىكى، يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھلار ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ بىردىن-بىر شەرتى بولغان. نەتىجىدە كېيىنرەك ھەر خىل ئىرقلارغا ئايلانغان ئىنسانلار تىپلىرى شەكىللەندى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان ئىرقلىرى بىلەن تىپلىرىغا مەنسۇپ، لېكىن دەسلەپكى ئۇن خەلقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق ھېچ قانداق مەلۇمات يوق. ئۇلار شەكىللەنگەندە يەر يۈزىدە تاغلار تېخى بولمىغان، دېمەك ھەممىنى تاغلارغا دۆڭگەپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. بەس، نەزەرىيە يېتەرلىك بولدى، كېلىڭلار، ئەڭ ياخشىسى بۇھەقتە قەدىمكى زامان دانالىرىدىن سوراپ كۆرەيلى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:«ئىنسان يەردە ئەندىلا پەيدا بولغاندا، ئۇن قەبىلە ھاسىل بولغان. ئادەملەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە قاراپ تارقىلىشقا باشلىدى .بەزى ئىنسان توپلىرى ناھايىتى يىراق جايلارغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە قالغان ئىنسانىيەت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلار شۇنچىلىك

ئاز سانلىقتا بولغان ئىدىكى، بەزىدە ھەتتا ئۆز ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاكا-سىڭىللارغا بىر-بىرى بىلەن نىكاھ قىلىشقا توغرا كەلدى. مۇنداق يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدىكى نىكاھ ئۇرۇق-ئەۋلاتنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئېلىپ كەلدى، كېيىن ئۇ تىپقا ئايلاندى. ۋاقىت، كىلىمات ۋە تاماقلىنىش ئۆز ئىشىنى قىلدى. قەبىلىلەر ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان».

ئەگەر مەن قەدىمىي تىلنى مۇكەممەل بىلگەن بولسام، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن تەرجىمىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەپسۇسكى، مېنىڭ قولۇمدىن كەلگىنى موشۇنچىلىك.

**ئادەم بەدىنىنىڭ رەڭگى** ئىنسانلارنىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ رەڭگى قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى سوئالى ھەر دائىم سوئال پېتىچە قېلىۋاتىدۇ. كېلىڭلار، 25-30 مىڭ يىل كەينىگە چېكىنەيلى ۋە بۇ ھەقتە قەدىمكى دانالارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

«ئادەم بەدىنىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن سەۋەبلەر تۈرگۈن ۋە خىلمۇ-خىل، لېكىن ئۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى ھاياتى كۈچ بىلەن بەدەننىڭ دەسلەپكى تەركىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت بولدى. مۇنداق بۇزۇلۇش ئورگانىزم ئۈچۈن كېرەكلىك ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئورگانلارغا ھەددىدىن تاشقىرى ياكى يېتەرسىز دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈش ئاقىۋىتىدە پەيدا بولغان، ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ئىشلىنىدىغان ۋە ئورگانىزم ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلىرى قانغا قوشۇلۇپ، ھاياتى كۈچىنى بەدەننىڭ ھەر بىر بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغا، شۇ جۈملىدىن تېرىگىمۇ يەتكۈزىدۇ. ئورگانىزم ئۈچۈن كېرەكلىك ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ھەر بىر ئورگان بەدەننىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۇ ھەزىم قىلالايدىغان كۈچنىڭ نورمال مىقدارى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ماددىلىرى ئوزۇقنىڭ خاراكتېرى بىلەن بەلگۈلىنىدۇ، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى ئۇ ياكى بۇ ئورگان تەرىپىدىن ئىستىمال قىلىنىدىغان كۈچنىڭ زىيادىلىكىگە ياكى يېتىشمەسلىكىگە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۆز نۆۋىتىدە، ئورگانىزم ماددىلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان كۈچ، ئۆزى باشقۇرىدىغان

بىرلەمچى تەركىبىنىڭ تەگپۈگلىقىنى ئۇ ياكى بۇ تەرەپكە بۇزۇپ، ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ۋە رەڭگىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ھاياتى كۈچ ھۆجەيرىلەرنى ئۆز پائالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھاياتى كۈچ ئارتۇقچە بولغاندا ھۆجەيرىلەر ھەددىدىن تاشقىرى ھاياجانلىنىپ، چاپسان ئىشلەيدۇ، ئەندى ئۇ يېتىشمىگەندە، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىدە سۇسلىشىش پەيدا بولىدۇ. ھايات پائالىيىتىنىڭ مۇنداق سۇسلىششى ئادەمدە بىرىنچى نۆۋەتتە بەدەننىڭ كۆلىمىگە، چاچنىڭ خاراكتېرىگە، بەدەننىڭ رەڭگىگە، بەزىدە ئادەم يۈزىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھايات پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرى ئورۇقلىتىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ھارارەت تەسىرلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ».

مەن بۇ قەدىمكى يېزىقلارنى تۈزگەن دانالارنىڭ سۆزلىرىنى موشۇ دەرىجىدە يېشەلىدىم. بەلكىم، مەن بارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا ھەقلىق بولۇشۇم مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەرجىمەمدىن ئايرىم بىر نەرسىلەر چەتتە قالغاندۇر، لېكىن ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىلەردە، مەن ئۆزەمنى ھەقىقەتكە يېقىن دەپ ھېس قىلىمەن. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەتىن مەن ئىلگىرى- ئاخىر ئوقۇغان ئەڭ ئاجايىپ ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «ھايات قەيەردىن پەيدا بولغان ۋە ئۇ نېمە» دېگەن پۈتۈكچە يېزىقلىرىدىن ئۈزۈندە. مۇ قۇرۇقلۇقىدا قەبىلىلەر دەپ ئاتالغان بۇ تىپلارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىدىن كەم دېگەندە يۈزمىڭ يىل ۋاقىت ئۆتتى. دېمەك مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاكەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇلار ئاللىقاچان مەلۇم دەرىجىدىكى پەرىقلەرگە ئىگە بولۇپ بولغان. باش سۆڭىكىنىڭ خاراكتېرلىق شەكلى، يۈز- چىراي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇرۇق- ئەۋلادىنىڭ ئوخشۇشۇپ كېتىشى، مېنىڭ پەرىزىمچە، ئاساسى جەھەتتىن يېقىن ئۇرۇق- تۇققانلارنىڭ نىكاھلىنىشىدىن يۈز بەرگەن.

مېنىڭ بۇ پىكرىدە چىڭ تۇرۇشىمدا جەنۇبى دېڭىزدىكى ئاراللارنىڭ ئاھالىسى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ئاراللارنىڭ ھەربىرىدە ئانچە كۆپ بولمىغان جامائە ياشايدۇ، جۈملىدىن بىر جامائەنىڭ ئاھالىسى يەنە بىر جامائەنىڭ ئاھالىسى بىلەن نىكاھلاشمايدۇ، بۇ بولسا تىپلارنىڭ ھاسىل

بولۇشقا ئېلىپ كەلدى. جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرىنىڭ تۇرغۇنلىرى بىلەن ياشىغان ھەر قانداق ئادەم ئۇ ياكى بۇ ئاراللىقنىڭ قايسى تاقىم ئاراللىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەرھال بىر قاراپلا بىلىۋالالايدۇ.

**تاغلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى** ئەينى زاماندا تاغلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيۇقتا ئارانلا پەرقلىنىدىغان چىشلىق سىزىقى بىلەن ئەتراپىنى بېزەپ كەلگەن ئەمەس. ئۇلار تېخى كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا پەيدا بولغان. بۇنىڭدىن 12-15 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ تاغلارنى بىلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋالىقلار ئاز ئەمەس. تاغلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يەر يۈزىدىن بىر نەچچە مىلدىن بىر نەچچە ئون مىلغىچە بولغان چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمىدىكى گاز چەمبەرلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئېلىپ كەلگەن. تاغلار ئۇلۇق ياراتقۇچىنىڭ يەرنىڭ ئۆزۈل-كېسىل تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك نىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. گاز چەمبەرلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى سەۋەبىدىن قۇرۇقلۇق بىلەن سۇنىڭ ئۆزۈل-كېسىل ئايرىلىشى يۈز بەردى، يەر شەكلى ھازىرقى ھالەتكە كەلدى. بۇنىڭغىچە قەدىمكى گاز بوشلۇقىنىڭ پارتلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇقلۇق غۇلاپ چۈشۈپ، سۇ ئاستىدا قالاتتى. يەر ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن پەيدىن-پەي لايىقلاشقان ۋە يارىتىلىشىنىڭ تەبىئىي قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق. يەر ئەنە شۇ ھالەتكە كەلگەندە ئۇنىڭدا ئىنسان پەيدا بولدى. ئەڭ دەسلەپتىلا ھاياتلىققا ماس كېلىدىغان شارائىت پەيدىن-پەي شەكىللەنگەن، بۇنىڭغا يانداش ھالدا جانلىقلارنىڭ لايىق شەكىللىرى ھاسىل بولۇشقا باشلىغان.

كېلىڭلار، خىيالەن ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى ۋە تاشلارغا يېزىلغان دەرسلەرنى ئوقۇپ كۆرەيلى. يەردىكى ھاياتلىق تۆۋەنكى سىلۇر دەۋرىدىلا بايقىلىدۇ. ئۇ دەۋردە ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ئاز بولغان ياكى تامامەن بولمىغان، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىسسىقىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ماھارىتىگە ئىگە بولغان ھايات شەكلى — ھاشارەتلەر پەيدا بولىدۇ. مىللىياردلىغان يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بىز دېۋون دەۋرىگە كېلىمىز، ئۇنىڭ ئاياقلىشىشى

تروپىكلىق(ئىسسىق) سازلىق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئىنتايىن مول ئۆسۈشى بىلەن نىشانلاندى. بۇ هالنى بىز تاش كۆمۈر دەۋرى جەريانىدىمۇ بايقايمىز،لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆسۈشى خېلى ئاستىلىغان ھەمدە ئۆمۈلىگۈچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يۇرا دەۋرىدە قاتتىق يەردىكى ھاياتقا خېلىلا لايىقلاشقان ئۆمۈلىگۈچىلەر پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئىلگىرىكىدەكلا سازلىقلار كۆپ ئىدى. تەخمىنەن بور دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىز ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىددى ئۆزگەرگەنلىكىنى ، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاتتىق يەرگە تېخىمۇ لايىقلاشقانلىقىنى، ئىلگىرىكى سازلىق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ پەيدىن-پەي يوقۇلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بور دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا يۇمشاق ۋە سازلىق يەرلەرنىڭ ئورنىدا قاتتىق يەرلەر ھاسىل بولىدۇ. ئۈچىنچى دەۋرىنىڭ بېشىدىمۇ يەر شۇ پېتىچە قالىدۇ. قەدىمكى ئۆمۈلىگۈچىلەر سازلىقلارنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. زىمىن ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن تېخىچىلا لايىقلاشمىغان بولۇپ، ناھايىتى سازلىق ھەمدە ھاۋا زەھەرلىك پار بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچ قانداق تاغلار بولمىغان، ئۇلار پەقەت ئاخىرقى ماگنېتىكىلىق ھالاكەتتىن كېيىنلا پەيدا بولىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، پەقەت مىئوتسېن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىلا زىمىن ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن لايىقلاشقان، لېكىن ئۇ دەۋردىمۇ تاغلار بولمىغان، ئۇ چاغدا دېھقانچىلىققا يارايدىغان ناھايىتى كەڭ تاشا قۇرۇق تۈزلەڭلىكلەر بولغان. ھارارەت شۇنچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنكى، قىشتا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بولغان.

**كورتېكس قامۇسى**، يۇكاتان غارلىرىدا ساقلانغان ئىبادەتخانا يىلنامىلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قەدىمىي مايالارنىڭ قولىيازما كىتاۋى كورتېكس قامۇسىدا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنى «مۇ،دۆڭلەر مەملىكىتى» دەپ ئاتايدۇ. مۇ قۇرۇقلۇقى تەخمىنەن 12 مىڭ يىل مۇقەددەم سۇغا غەرق بولغان. تەۋراتتا «توپان» سۇلىرى ئەڭ ئېگىز دۆڭلەر ئۈستىدىن ئونبەش غۇلاچ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى، دېيىلىدۇ. مەركىزى ئاسىيانىڭ **ئۇيغۇر**لاردىن باشقا كۆپلىگەن خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ھىمالايا ۋە مەركىزى ئاسىيادىكى تاغلارنىڭ ھاسىل

www.uyghurkitap.com

بولغان ۋاقتىدىن كېيىن، دەپ ھېساپلايدۇ. زۇلۇسلار ئۆزلىرىنىڭ مەملىكىتى تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ۋەيران بولغاندا، شىمالدىن جەنۇبى ئافرىقىغا كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاسىيا تاغلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى يۈزلىگەن مىلىيون ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئېلىپ كەلگەن. تاغلارنىڭ كېيىنىرەك ھاسىل بولغانلىقى پاكىتى پۈتكۈل دۇنيا بويىچە يۈز بەرگەن گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەر بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. مېكسىكا ۋادىسى ۋە جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ ئاندى تاغلىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مېكسىكا ۋادىسىدا تىنچ ئوكياندىن ئېتىلىپ كەلگەن غايەت زور دولقۇنلار بۇ زىمىندا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتلەرنى كەينى ـ كەينىدىن يوقاتتى. بارلىق تەرەپلەردىن ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ ۋادا ھازىر دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مىڭ فۇت ئېگىزلىككە جايلاشقان. لېكىن قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ھالاك بولغان ۋاقىتلاردا ئۇ، ئوكيان يۈزىدىن ئارانلا بىر نەچچە فۇت كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خەلقىنىڭ بىر قاتار يازما گۇۋالىقلىرىنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، ئەنە شۇنداق قىسمەتتىن كام دېگەندە بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل مۇقەددەم ئاخىرقى مەدەنىيەتنىڭ بىرى ھالاك بولغان. لېكىن مېكسىكا ۋادىسىدىن ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى تېپىلدى، ئۇنىڭ ۋاقتى 50 مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ يەردىن ۋە شەرقى ئاسىيادىن ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ياشىغانلىقىنىڭ قەدىمكى گۇۋالىقلىرىنى ئىزدەش كېرەك، ئۇلار بابىلوندىن، مىسىردىن ۋە يۇكاتاندىن تېپىلغان نەرسىلەردىن مىڭلىغان يىللارغا قەدىمىي بولۇپ، بۇ توغرىلىق ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتىرىلمەكتە. مەن بايان قىلىۋاتقان بۇ خارابىلار دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ يادىكارلىقلىرى. بابىلون، مىسىر ۋە يۇكاتان بولسا شۇ ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان چوغلىرى.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى مەن تىبەتتىكى بىر ساگرامدىن جەنۇبى ئامېرىكا خەرىتىسىنىڭ قېرىنداشتا ئىشلەنگەن كۆچۈرمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئاسترونوملار ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى

تەھلىل قىلىپ (خەرىتە تۇزگۇچىلەرنىڭ ۋاقىتنى بەلگۇلەش ئۇسۇلى) ئۇنىڭ ۋاقىتنى تەخمىنەن 25 مىڭ يىل ئىلگىرى دەپ بەلگىلىدى. بۇ خەرىتە 73- بەتتە ئەكىس ئەتتۇرۇلگەن، ئۇنىڭدا جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ هازىرقى قىياپىتى كۆرسىتىلگەن. ئۇ ئۆتمۇشنىڭ ئاجايىپ يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئوتتۇز يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ كۆچۇرمىسىنى ئالالماي يۇرەتتىم.



**2379- نومېرلىق تاش پۇتۇكچە**

**ئەردىن ئايالنى يارىتىش،** ئىككى پاراللېل سىزىق بىلەن ئۇچ قىسمغا بۆلۇنگەن چەمبەردىن ئىبارەت رەمزى (نىۋېننىڭ 2379-نومۇرلۇق پۇتۇكچىسىگە قاراڭ) ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇ نېۋادانىڭ خادا تاشلىق غارلىرىنىڭ تۇرغۇنلىرىدا، تېۋتىخۇئاكاندىكى پىرامىدا يېزىقلىرى ئارىسىدا، مايا يېزىقلىرىدا، برىتانىيىگە قاراشلىق گۋىئانا چېگراسى يېنىدىكى شەرقى-شىمالى برازىلىيەنىڭ تاش يېزىقلىرىدا ئۇچرايدۇ، ئۇ شۇنداقلا **ئۇيغۇرلارنىڭ**، ھىندىستانلىقلارنىڭ، بابىلونلۇقلارنىڭ ۋە مىسىرلىقلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىدا ئۇچرايدۇ.



1. 2. 3.

تاش پۇتۇكچە يېزىقلىرىدا:«ياراتقۇچى بىر (1-رەسىم)—خۇن. ئۇ بىردە ئىككىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن (2-رەسىم)—لاخۇن. بۇ ئىككىسى ئىنساننى ياراتتى (3-رەسىم)—مېخېن»دېگەن مەتنىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان ئۇچ رەمزى ئارىسىدا ئۇچرايدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ رەمزى ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ۋە قەدىمىي مەتىنلەرنىڭ ماھىيەت-مەزمۇنىنى باشقىچە ئىپادىلەش ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق ئىشلەپ چىقىرىش، تۇغۇلۇش، دەسلەپكىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن باغلىقتۇر.

**لاۋزى** خىتايلارنىڭ تەخمىنەن كۈگزىدىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500 يىل) يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان «داۋ جىن» دىگەن كىتاۋىدا «داۋ بىرنى تۇغدى، بىر ئىككى بولدى،ئىككىسى ئۈچىنچىنى تۇغدى، بۇ ئۈچى بولسا پۈتكۈل مەۋجۇداتنى تۇغىدۇ» دېيىلىدۇ. مەن يەر يۈزىدىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرىدا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان رەمزىنى ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ قەدىمكى چۈشەنچىلىرىدە: تۇغۇش ياكى يارىتىش، بۆلۈش ياكى ئىشلەپ چىقىرىش دىگەن ئۈچ سۆزنىڭ ھەر دايىم ئۈچراپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. يەنى ياراتقۇچى ئادەمنى ياراتتى، ئادەم ئىككى بولدى، بۇ ئىككىسى ئۈچىنچىسىنى تۇغدى. بارلىق ھادىسىلەردە ھەر بىر باسقۇچتىكى ماھىيەت ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرستىلگەن.



A. B. C.

**شەرق رىۋايىتى** بۇ يېزىق ئۈچ بۇلۇڭلۇقنىڭ قايسىلا نۇقتىسىدىن ئۇقماق بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ بىر خىل ئوخشاش ئوقۇلغانلىقتىن بۇ يېزىق سېھىرلىك دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن شەرق رىۋايىتى مەۋجۇت. بۇ سانلارنىڭ ھەر بىرى مەخپىي (ئەسلى ماھىيەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سۆزنى ئەگىتىپ قىلىش) ئەھمىيەتكە ئىگە. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن C،B،Aرەسىملىرى مېنىڭ نىمىنى كۆزدە تۇتىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈرىدۇ.

ياراتقۇچى بىرنى ياراتتى، بىر ئىككى بولدى، ئىككىسى ئۈچىنچىنى

تۇغدى. 49-بەتتىكى رەسىمدە بۇ رەمزىنىڭ قۇلۇپلۇق تاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان1256-نومېرلىق نۇۋېن تاش پۈتۈكچىسى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. قەدىمدە «سېھىرلىك يېزىق» دەپ ئاتالغان يىراق ئۆتمۈشنىڭ بۇ بەلگىسى ئەنە شۇ كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدىغان ئىبادەتخانىلارنىڭ مەخپى رەقەم رەمزىدۇر.

سېھىرلىك يېزىق ئۈچ بۇلۇڭلۇق پىرامىدا ياكى گۈمبەزنىڭ چوققىسى شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالتە بوش ياكى تولتۇرۇلغان هالقىدىن ئىبارەت.



**سېھىرلىك يېزىق**

يۇقۇرىدا بۇ رەمزى ناگلاردا قانداق پايدىلىنىلغان بولسا، شۇ هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ناگلار بەزىدە بوش، بەزىدە تولتۇرۇلغان هالقىلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇ پەقەت سىزغۇچنىڭ دىتىغا باغلىق بولغان.




ئەندى **ئۇيغۇرلار** بولسا ئادەتتە سانلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تىك ياكى ئوتتۇر سىزىقلاردىن پايدىلانغان، لېكىن سېھىرلىك يېزىقنى ئۇلار پات-پاتلا خۇددى ناگلارغا ئوخشاش ئىپادىلەيتتى (1-2- ۋە3-رەسىملەر). بۇ سىزىقلار ئەتىمالىم بوش ئورۇننىڭ بار-يوقلىقىغا قاراپ، ئوتتۇر ياكى تىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن ئىدى (4-ۋە 5 -رەسىملەر).

**سېھىرلىك يېزىق** تۆۋەندە ناگلار بىلەن **ئۇيغۇرلارنىڭ** بىر يېزىقتا رەقەملەرنى بىرلەشتۈرۈش مىسالى كەلتۈرۈلدۇ (1256-نومېرلىق

پوتوكچە). گومبەزنىڭ چوققىسى (سېھىرلىك يېزىق) بۇ يەردە ناگلارنىڭكىگە ئوخشاش ئورۇنلانغان، ئەندى سىزىقلار بىلەن قۇياش (ئىلاھى رەمزى) ئۈيغۇرچە ئورۇنلانغان. بىر ئازدىن كېيىن مەن ھىندىلارنىڭ مانترا ئائۇم كىتاۋىنىڭمۇ خۇددى سېھىرلىك يېزىققا ئوخشاش ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن.

**<u>كارا (بىرازىلىيە) يېزىقى</u>**. برىتانىيەگە قاراشلىق گۋىئانا چېگراسى يېنىدىكى بىرازىلىيەنىڭ شەرقى-شىمالىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكتە كۆپلىگەن يەرلىرى ئويۇلغان ۋە تەكشىلەنگەن يوغان تاش ياتىدۇ. تاشنىڭ ئەنە شۇ تەكشىلەنگەن يەرلىرى قەدىمكى كارا ياكى كارىبلىقلارنىڭ يېزىقى بىلەن يېزىلغان قەدىمي يېزىقلار بىلەن تولتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بۇنى يېزىقلار تېشى دەپ ئاتايدۇ.



**ئەنە شۇنداق يېزىقلارنىڭ بىرى ئىزاھلىرى ۋە تەرجىمىسى بىلەن**



يۇقۇرىدا سۆز بولغان ئۇنىۋېرسال رەمزى(1-رەسىم). رەمزىنىڭ شىمالى ياكى ئۇيغۇرلار شەكلى، ئۇ 1 سانىنى بىلدۈرىدۇ (2-رەسىم). بىر ئىككى بولدى (3-رەسىم). 3 سانى بۇ يەردە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ بىر تەرىپى يېپىلمىغان(4-رەسىم) تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن ئىزاھلاش ۋە تەرجىمىدىن بۇنىڭ مەزمۇنى چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

يېزىق مەتنى. بىر ئىككى بولدى، ئىككىسى ئۈچىنچىنى تۇغدى، ئۈچىدىن ھايات داۋاملاشماقتا.



يېزىقنىڭ داۋامى بۇ يەردە 4 سانىنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسىتىلگەن. تېگىشلىك بەلگىدە سىزىقلارنىڭ بىر تەرىپى يېپىلمىغان ۋە ھېچ نەرسىگە ئۇلانمىغان، سىزىقنىڭ ئاخىرى ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان. بۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىۋاتقان لېكىن پۈتمىگەن نەرسىنىڭ قەدىمىي رەمزى.

شۇنداقلا ئۇقۇرمەن يالغۇز يېپىقچە يەنى 1 سانىنى ئىپادىلەيدىغان رەمزىگە دىققەت بۆلۈشى كېرەك. ناگلار بۇ بەلگىنى 5 سانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلانغان، ناگلار 10 سانىنى ئاتاشتىن قېچىش ئۈچۈن ئۆز ھېساۋىنى بەشلىكلەر بىلەن ئېلىپ باراتتى. 10 ئىلاھلىقنىڭ رەقەم رەمزى بولغانلىقتىن ئۇ ناھايىتى مۇقەددەس ھېسابلىناتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەتتىكى ھېساپتا پايدىلىنىلمايتتى ۋە ئېغىزدا ئېيتىلمايتتى. ئون سانى ئىككى بەش سۈپىتىدە، ئون بەش بولسا ئۈچ بەش ۋە ھاكازا سۈپىتىدە ئىپادىلىنەتتى.

www.uyghurkitap.com



بىرازىلىيەنىڭ شەرقى- شىمالىدىكى يېزىقلار تېشىدىكى رەمزىلەر

**مېخىكودىكى تېئوتىخۇئاكان پىرامىداسى** بۇ مەشھۇر ئىنشائات نۇرغۇنلىغان يېزىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ كىتاپتا مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە ئالاھىدە دىققەت بۆلۈشنى خالايمەن.



بىرىنچى قۇر «بىر، ئىككى، ئۈچ»نى بىلدۈرىدۇ، بۇ خۇددى بىرازىلىيە يېزىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە سىزىقلار ياكى تاياقچىلار پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۇلار كارىيلار يېزىقىدىكىدەك قوشۇلمايدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قۇرلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ئادەم بەلگىسى «مېخېن» تەسۋىرلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى قۇر «بىر، ئىككى، ئۈچ»نى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى قۇر: «مېخېن— ئادەم يارىتىلدى»نى بىلدۈرىدۇ؛ چۈنكى بۇ يەردە پەللە ئىككى، يەنى ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىغا ئىگە ئادەم توغرىلىق ئېيتىلىدۇ. ئۈچىنچى قۇردا پەللىلەرنىڭ بىرى يوق، دېمەك «مېخېن-ئادەم» ئىبارىسىلا قالىدۇ.ئەندى تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ ئامېرىكىدىن خىتايغا بارىمىز.

**لاۋزى ۋە «داۋ جىن»، مىلادىدىن 600 يىل ئىلگىرى يېزىلغان كىتاپ**

«داۋ بىرنى تۇغىدۇ،بىر ئىككىنچىنى تۇغىدۇ،ئىككىسى ئۈچىنچىنى تۇغىدۇ، ئۈچ بولسا بارلىق مەۋجۇداتنى تۇغىدۇ». «داۋ جىن» كىتاۋى كۆپ جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلىرىدىن ئىبارەت.

ئائۇم بوغۇمى 2300 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت جەريانىدا پۈتكۈل دۇنيا، شۇ جۈملىدىن ھىندىستان ئالىملىرىنى ئاداشتۇرۇپ كەلدى. براخمانلار ھىندىستاندىن مايالارنى سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن بۇنىڭ مەنىسى

www.uyghurkitap.com

يوقىتىلغان ئىدى. بۇ بوغۇمنى كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن ھېچ كىم بىرەر قانائەتلىنەرلىك خۇلاسىغا كېلەلمىدى، ھەتتا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي رىسالىلەرمۇ ناھايىتى غۇۋا. تۆۋەندە بىر نەچچە مىسالنى كۆرۈپ چىقايلى.

«ماناۋا - دخارما - شاسترا» ناملىق قەدىمكى ھىندىلار مەتنىنىڭ 2 - كىتاب 74 - ئابزاسىدا« باش - ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق، ئائۇم ئەنە شۇ باش - ئاخىرى يوق مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئىسمى ھەر قانداق ئىبادەت ۋە ھەر قانداق ئىلاھلارغا ئىلتىجا قىلىش قىلىش ئالدىدا كىلىشى كېرەك» دېيىلگەن.

مانۇ كىتاۋىنىڭ 77 - ئابزاسىدا «بىر بوغۇملۇق ئائۇم يەرنى، ئاسماننى ۋە تاغ دۇنياسىنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن.

ج.ت. ئۇئىلېر ئۆزىنىڭ «ھىندىستان تارىخى» ناملىق كىتاۋىنىڭ 2 - توم، 481 - بېتىدە «ئا، ئۇ، م ھەرپلىرىگە توختىلىدىغان بولساق، ئۇلار توغرىلىق ئانچە كۆپ سۆز قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەقتە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇلار بىر سۆزگە قوشۇلغاندا، مانۇ كىتاۋىدا ئېيتىلغاندەك بارلىق يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئېگىسى براخمىنىڭ رەمزىنى ھاسىل قىلىدۇ» دەپ يازغان.

گ.ت. كولبرۇك «ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» ناملىق ئەمگىكىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ۋېدلارغا نىسبەتەن قەدىمكى يەشمىدە، «نورۇكاغا» مۇۋاپىق، ئائۇم بوغۇمى ھەر قانداق ئىلاھقا تەئەللۇق.

ئەتىمالىم، براخمانلار ئۆزلىرى يېقىن كۆرگەنلەر ئۈچۈن مانۇ كىتاۋىدا يېزىلغانلىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر مەخپىيەتلىكنى ساقلىسا كېرەك».

«نورۇكا» — بۇ ۋېدىلارنىڭ براخمانلار ۋارىيانتى. بۇ ۋارىيانت براخمانىستلار تەرىپىدىن دۇنيادىكى ئىنتايىن چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ساختىلاشتۇرۇلغان پۈتۈكچە مەتنلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان نەرسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دەسلەپكى ۋېدىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ماھىيىتىدە پۈتۈكچىلەر پەقەت بىرلا تەڭرىنى ئېتراپ قىلاتتى، ئەندى «نورۇكا» نىڭ «ھەر قانداق ئىلاھلىقى»

تەڭرىنىڭ بىردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ براخمانلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلارنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ساختىلاشتۇرۇشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئائۇم بوغۇمى سىھىرلىك يېزىق ۋە 2379-نومېرلىق نىۋېن پۇتۇكچىسىدىكى ماھىيەتنى ۋە كۆز قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن-بىر پەرىق يېزىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. سىھىرلىك يېزىق مېكسىكا پۇتۇكچىسىدە قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ مەخپىي سىفىرلىق يېزىقى بىلەن يېزىلغان، ئەندى ئائۇم بوغۇمى بولسا مەخپى ئېلىپبەنىڭ رەمزىلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئا .........ئاخائۇ ........يەر............ئاتا

ئۇ ...........ئاياللارنىڭ ئالمىشى «ئۇ» .......ئانا

م ..........«مېخېن» .....يارىتىلغان.....پەرزەنتى

براخمانچىلار قەدىمكى كۆز قاراشلارغا قارشى ھالدا خەلققە تامامەن چۈشىنىشلىك بولمىغان مۇرەككەپ ئىلاھىيەتنى ئەۋج ئالدۇردى. مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئادەملەر ئۇنى ئۆگەندى، ئۇنى يېڭى قوشۇمچىلار بىلەن ، يەنە كېلىپ، ناگالارنىڭ تىلىدا ئەمەس، بەلكى سانسكرىتتا ساختىلاشتۇردى. ئاخىرىدا قەدىمكى يېزىقلارنى يېشىش ماھارىتى يوقىتىلدى. يېڭى كاھىنلار ئۆزلىرىگە زاماندىش تەلىماتنى دەسلەپكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى بىلمەيدۇ.

براخمانچىلار ئىلاھىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىغىنىدەك، خۇراپىلىق ۋە دەھشەت سېلىشنى ئاجايىپ تەربىيە ۋاستىسى قىلدى. ئىنسانلار مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى چوققىلىرىدىن تەرەققىياتنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلۈپ كاھىنلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندى.

بۇ دىن بارلىق تەلۋىلىكلەردىن، خۇراپاتتىن ۋە ئويدۇرمىلاردىن تازىلانغاندا، خەلقنىڭ كۆزىنى توراپ تۇرغان پەردە چۈشىدۇ ۋە ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغۋارلىقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئېتىزنى ھارام چۆپلەر بېسىپ كەتكەن،لېكىن يەنە ئىلگىرىكى گۈللەرمۇ ئاندا-ساندا

قالغان. هارام چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ھىندىستان يەنە پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىدە يېتەكچى ئەللەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. پەقەت ھىندىستانلىقلارنىڭ قوللۇق كىشەنلىرىنى ئېلىپ تاشلاشلا كېرەك.

**مېھراپ سۆرەتلىرى** بۇ يېزىقلارنىڭ تەرجىمىسى «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ»كىتاۋىدا بېرىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يەشمىسىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن چەكلىنىمەن.



**نىۋېنىنىڭ مېخىكودىن تۆرت يېرىم مىل شىمالدا تاپقان مېھراپ سۆرەتلىرى**

يەشمىسى: بۇ ئىبادەتخانا ئۇلۇق ياراتقۇچىنىڭ شەرىپىگە سېلىنغان، ئۇنىڭدىن (ياراتقۇچىدىن) چىققان تۆرت ئۇلۇق ئىلاھى كۈچ دۇنيادا قالايمىقانچىلىقنى يوقۇتۇپ قانۇن ۋە تەرتىپ ئورناتتى ھەمدە بارلىق مۇھىم نەرسىلەرنى ياراتتى. بۇ ئىبادەتخانا را(قۇياش ئىمپىرىيەسى) مۇغا، ۋەتىنىمىز مۇ ئىمپىرىيەسىنىڭ ئالىي كاھىنىغا ۋە ئۇلۇق ياراتقۇچىنىڭ جارچىسىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

بۇ يېزىق شۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە باھالىقكى،ئۇ مۇ قۇرۇقلۇقى سوغا غەرق بولغان دەۋرگىچە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى توغرىلىق گۇۋالىق قىلىدۇ (چۈنكى بۇ ئىبادەتخانا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى

ۋەتىنىنىڭ ئىتائىتىدە تۇرغان). مۇ قۇرۇقلۇقى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرى سۇغا غەرق بولغان. بۇ پۈتۈكچىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ تارىخى شۇنداق قىلىپ 12 مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ. نىۋېن تەرىپىدىن مېخىكونىڭ شىمالىدىن 29 مىل يىراقتا تېپىلغان دەسلەپكى تېپىلمىنىڭ كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئالدىدىمۇ يەنە كۆپلىگەن باشقا مەدەنىيەتلەر بولغان.



1ـتوپ

**ياراتقۇچىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىسىنى رەمزى قىلىدىغان پۈتۈكچىلەر توپى**

1ـتوپ، 1 ـ رەسىم. بۇ ئۆزىدە ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىغا ئىگە ياراتقۇچىنىڭ دەسلەپكى رەمزى. ئۇ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس

يېزىقلىرىدا پايدىلىنىلغان ۋە ئۇ يەردە «لاخۇن» — «ھەممە بىردە» ياكى «ئىككىسى بىردە» دەپ ئاتىلاتتى. كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئۇ ئىككى تەگمۇ-تەڭ يېرىمغا بۆلۈنگەن چەمبەردىن ئىبارەت. چەمبەر ياراتقۇچىنى رەمزى قىلىدۇ، چەمبەرنىڭ ئىككى يېرىمى ئۇنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىسى. چەمبەرنى بۆلۈپ تۇرغان سىزىقنى ناگلار تىك، ئۇيغۇرلار ئوتتۇر سىزغان. لېكىن ھەر ئىككى بەلگە بىرلا ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىنى مۇجەسسەملىگەن ئىجاتكارنىڭ كۆز قارىشى مېكسىكا پۈتۈكچىلىرى پەيدا بولۇشتىن مىڭ يىللار ئىلگىرى مەلۇم ئىدى.




2-رەسىم — 1430-نومېرلىق پۈتۈكچە يارىتىشنىڭ مەزكۇر رەمزى يەر بىلەن باغلىق ، بۇ توغرىلىق ئاياللىق باشلانمىنىڭ كۆزلىرىنىڭ شەكلى گۇۋالىق قىلىدۇ. ئۇلار كۋادرات شەكلىدە، ئۇ بولسا يەرنىڭ رەمزى (2-رەسىم). ھەر ئىككى تەرەپتە ياراتقۇچىنىڭ رەمزىنىڭ بولۇشى،زىمىننىڭ ياراتقۇچىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (3-رەسىم).بۇ رەمزى ناگلار ئۈچۈن خاراكتېرلىق تارماقتا ئىگە. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنى 4-ۋە 5- سۈرەتلەردىكى ئىككى يېزىق ئىسپاتلايدۇ.




3-رەسىم— 150-نومېرلىق پۈتۈكچە ئىككى تەرەپلىك باشلانمىنىڭ يەنە بىر رەمزى. رەسىمنىڭ يۇقىرىقى يېرىمى ئەر باشلانمىسى سۈپىتىدە قۇياشنى، تۆۋەنكى يېرىمى ئايال باشلانمىسى سۈپىتىدە ئاينى ئىپادىلەيدۇ. ئالدىنقى پۈتۈكچىدىكىگە ئوخشاش،ئاخىرقىسىمۇ ياراتقۇچىنىڭ رەمزى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپى بويىچە ئىسپاتلايدۇ (5-رەسىمگەقاراڭ). ياراتقۇچىنىڭ يۇقىرىقى رەمزىلىرى ئاستىدا ئىككى«سالاسۇن» ئورۇنلاشقان، ئۇلار «بىر بار ئىككى، ئەندى

ئىككىنىڭ ماھىيىتى ئۈچ» دەپ ئوقۇلىدۇ. تۆۋەنكى شەكىل ئاياللىق باشلانما سۈپىتىدە ئاينى رەمزى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ رەسىمدە قۇياش بىلەن ئاي ياراتقۇچىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىسىنى رەمزى قىلىدۇ. ئاينىڭ ئاستىدىكى ھەر ئىككى تەرەپتە ئىككى بەلگە ئورۇنلاشقان (4-رەسىمگەقاراڭ) ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تولۇق ئىلاھلىقنى بىلدۈرىدۇ. قۇياش شەرىپكە سىلىنغان ئىبادەتخانا ياراتقۇچىنىڭ ئەر باشلانمىسىغا بېغىشلانغان، ئاي شەرىپكە سىلىنغان ئىبادەتخانا ئايال باشلانمىسىغا بېغىشلانغان. شۇنداق قىلىپ ئىبادەتخانا ئاسمان جىسىملىرىغا ئەمەس،بەلكى ياراتقۇچىغا بېغىشلانغان. ئاسمان جىسىملىرى بولسا پەقەتلا رەمزىلەر رولىنى ئوينىغان، خالاس.

**4-رەسىم — 1006-نومېرلىق پۇتۇكچە**. بۇ پۇتۇكچىدە يىلان يەنىلا ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىنى رەمزى قىلىدۇ، بۇ توغرىلىق ياراتقۇچىنىڭ ئىككى رەمزى ◎ گۇۋالىق قىلىدۇ. ئادەتتە مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ شىمالى خەلقلىرى بولغان ئۇيغۇرلار قۇياشنى شۇنداق ئەكس ئەتتۈرەتتى.

**5-رەسىم**. بۇ بۈنىگدىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرى مېكسىكىدا ياشىغانلارنىڭ سەنئەتتە قانداق يۈكسەك چوققىلارغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يۇقىرى دەرىجىدىكى رەمزىلىك كۆرسەتكۈچتۇر. باش بۇ يەردە ياراتقۇچىنى رەمزى قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە نۇرلۇق تاج كىيدۈرۈلگەن، يەتتە يارىتىشنىڭ رەقەملىك رەمزى. تاجىنىڭ سول تەرىپىگە ئوقيا، قالقان ياكى نەيزىنىڭ ئۈچى يەنى پائالىيەت رەمزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. فىگۇرا بەدىنى شەكلىگە ئىگە، بۇ بەلگە قەدىمكى مېكسىكىلىقلار تەرىپىدىن كۈچنى ئىپادىلەش رەمزى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان. رەسىمدە تۆرت سىزىق بويىچە ئىككى دەستە مەۋجۇت، بۇ تۆرت ئۇلۇق ئىلاھى كۈچ. شەكىلنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بىۋاستە مۇقەددەس تۆرتلۈكنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرپا قىلىنۋاتقان ياراتقۇچىنىڭ رەمزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ياراتقۇچى رەمزىنىڭ ئىككى قېتىم ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، باشلانمىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ پەقەت ياراتقۇچىنىڭ ئىككى تەرەپلىكلىكى بىلەن باغلىق بولغان نىۋېن تويلىمىدىكى تۆرت تىپىك پۈتۈكچە خالاس. ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ساندىكى باشقىمۇ پۈتۈكچىلىرى بار.

2ـ **توپ**. بۇ توپتىكى پۈتۈكچىلەر شۇنىڭ بىلەن قىزىقارلىقكى، بىرگە بۇ شىمالى ئامېرىكا خەلقىنىڭ جامائە شەكلىدە (يەرنى ۋە ھوسۇلنى تەخسىم قىلىش چۈشەنچىسىدە) ھايات تۈزۈلۈشى توغرىلىق خەۋەر قىلىدۇ. نىۋېننىڭ تويلىمىدا يەر ۋە ھوسۇل مەسىلىلىرىگە تەئەللۇق پەقەت تۆرت پۈتۈكچە بار. بۇ پۈتۈكچىلەر توپىدىن بارلىق يەرلەرگە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىگە بولغانلىقى، بۇ يەرلەرنى بەلگىلەنگەن ئادەملەرنىڭ پەرۋىش قىلىدىغانلىقى، ھوسۇل بولسا ئېھتىياج بويىچە تەخسىم قىلىنىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

بۇ خىلدىكى يازما گۇۋالىقلار ئاز ئەمەس،كۆپلىگەن شەرق ئەللىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ خەلقنىڭ مۇنداق جامائە شەكلىدىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىغا مەن باھا بېرەلمەيمەن. مەن نىۋېننىڭ 2600 دانە تاش پۈتۈكچىسىنىڭ بىرىدىمۇ قانداقتۇر پۇل توغرىلىق بىرەر خاتىرىنى ئۇچراتمىدىم. بۇ يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرسە، ئۇ چاغدا يىغىلغان ھوسۇلنىڭ بىر جايغا توپلىنىپ، ئاندىن تەخسىم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىر قاتار پۈتۈكچىلەردىن مەن ھوسۇلنىڭ مەلۇم قىسمى ھۆكۈمرانلارغا، مەلۇم قىسمى ئىبادەتخانىلارنى تەمىنلەشكە بېرىلىدىغانلىقى، ئاندىن ھەر بىر ئادەمگە بەلگۈلەنگەن ئۈلۈشى ئاجرىتىلىدىغانلىقى توغرىلىق گۇۋالىقلارنى تاپتىم. ئەگەر مۇنداق تەخسىماتتىن كېيىن ئارتۇق ھوسۇل بولسا، ئۇ قانداقتۇر كوزىدە تۇتۇلمىغان ھادىسىلەرـ ھوسۇلنىڭ بولماسلىقى، ئاچارچىلىق ۋە ھاكازا ھادىسىلەر ئۈچۈن ئومۇمى ساكلارغا قويۇلاتتى. توپلىنىپ قالغان ئارتۇق ئاشلىق ئادەملەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى، دېمەك بۇ خەلققە نامراتلىق ۋە مۇھتاجلىق يات نەرسە ئىدى. ياۋروپالىقلار ئىنكلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىلىق دەسلەپكى قېتىم بىلگەندە، ئۇلاردىمۇ موشۇنىڭغا ئوخشاش باشقۇرۇش شەكلىنى بايقىغان ئىدى. شەرقتىكى بىر قاتار ئەللەردە مۇنداق

باشقۇرۇش شەكلى تاكى ھازىرغىچە مەۋجۇت.

نېۋىنىنىڭ پۈتۈكچىلىرىمۇ، شەرقىنىڭ يازما مەنبەلىرىمۇ مۇنداق تەخسىمات ھەر خىل خەلقلەردە بىردەك بولمىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر



2ـ توپ

يەرنى ۋە ھوسۇلنى تەخسىم قىلىش

بېرىدۇ. ناگلار مەملىكەتلىرىدە ئادەتتە ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئىبادەتخانىلارنى تەمىنلەشكە ھوسۇلنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى بېرىلەتتى. ئۇيغۇرلاردا بولسا ھوسۇلنىڭ توققۇزدىن بىرى ئىبادەتخانىلارغا بېرىلەتتى. مۇنداق پەرىقلەرنىڭ سەۋەپلىرى توغرىلىق ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. نىۋېننىڭ پۇتۇكچىلىرىدە بۇ رەقەم ئالتىدىن بىر قىسمىدىن ئون ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە ئۆزگىرىدۇ. ئىبادەتخانىلارغا ئاجرىتىلغان ھوسۇلنىڭ قىسمى «مۇقەددەسنىڭ ئۈلۈشى» دەپ ئاتىلاتتى. مەن شەرقنىڭ يازما مەنبەلىرىدىن «تەڭرىنىڭ ئېتىزى» دېگەن نامنى ئۇچراتقان ئىدىم، ئىبادەتخانا



ئۈلۈشى توققۇزدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان شەرق پۇتۇكچىلىرىنىڭ بىرىدىن مەن مەركىزىدە ياراتقۇچىنىڭ رەمزى بولغان قىسىملارغا بولۇنگەن كۋادراتنى بايقىدىم. ئېيتماقچى، بۇ شەرق ئۈچۈن ئادەتتىكى نەرسە.

1647 ـ نۇمېرلىق پۇتۇكچە بۇ پۇتۇكچىدە توققۇز ئۈلۈش كۆرسىتىلگەن. ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەمدە كوزدە تۇتۇلمىغان ھادىسىلەر يۈز بەرگەن تەقدىردە ئاجرىتىلىدىغان ئۈلۈشلەر كۆرسىتىلگەن.

237 ـ نۇمېرلىق پۇتۇكچە بۇ پۇتۇكچىدە ئالتە ئۈلۈش ۋە ئۇلارنىڭ تەخسىماتى كۆرسىتىلگەن. بۇ ناگلار ئۈچۈن خاراكتېرلىق ھەمدە تاكى ھازىرغىچە ھىندىستاننىڭ بىر قاتار جايلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

921 ـ نۇمېرلىق پۇتۇكچە توققۇز ئۈلۈش كۆرسىتىلگەن،بۇ ئۇيغۇرلارغا خاس ئادەتتىكى تەخسىمات.

535 ـ نۇمېرلىق پۇتۇكچە شۇنداقلا توققۇز ئۈلۈش ۋە ئۇلارنى تەخسىم قىلىش.

نىۋېننىڭ توپلىمىدا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەنلەرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان يۈزدىن ئوشۇق پۇتۇكچە بار.

3ـ توپ. نىۋېننىڭ توپلىمىدا ئاجايىپ رەمزىلىك 116 سۈرەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسمۇ يەنە بىرىنى مۇتلەق تەكرارلىمايدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

قانداقتۇر هايات شەكلىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى مەخسەت قىلمىغان تامامەن شەرتلىك رەسىملەر، ئۇلار بىرلەمچى كۇچلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ هەرىكىتى توغرىلىق بايان قىلىدۇ.

بۇ يەردە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن شەكىللەرنىڭ گەۋدىسى غول ياكى پىللە شەكلىگە ئىگە، بۇ پەقەت تۆرت ئىلاهى بىرلەمچى كۇچكە نىسبەتەن قوللىنىلىدىغان كۇچ ساقلاش جايىنىڭ قەدىمكى رەمزى. گەۋدە هەر خىل سىزىقلار بىلەن سىزنۇپتىلگەن. بۇ سىزىقلار ئۇ ياكى بۇ شەكىلنىڭ نېمىنى رەمزى قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدىغان يېزىقلارنىڭ ماهىيىتى. سىزىقلىق يېزىق— مەخپى خەتلەرنىڭ قەدىمىي تۇرلىرىنىڭ بىرى. مۇنداق خەتتە قوللىنىلىدىغان رەقەملەر بىردىن ئونغىچە ئىدى، لېكىن ئون سانى هېچ قاچان يېزىلمايتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا «لاخون» رەمزى ئىشلىتىلەتتى. مۇنداق ئالماشتۇرۇش، ئون ياراتقۇچىنىڭ سانى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش هۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقى بىلەن چۇشەندۇرۇلەتتى. كاهىنلار رەقەملىك خەتنى خېلى ئۇزاق دەۋرگىچە قوللاندى. مىسىردا ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى500- يىلغا يېقىن، هەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قوللىنىلدى. يۇنان پەيلاسوپى پىفاگور مىسىردا بولغان چېغىدا مىسىر دىنىنىڭ سىرلىرىغا چۆكۈپ، رەقەملىك يېزىقنى ئۇگەنگەن. يۇنانىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇز شاگىرتلىرىنى «ئىلاهى نامنى سانلار بىلەن هۆرمەتلەشكە»، شۇنداقلا «تۆرت سانى كۇچلەرنى ياراتقۇچىنىڭ مەخپى ئىسمى» ئىكەنلىكىگە ئۇگەتكەن. بارلىق سەلىپلەر شۇ جۇملىدىن مالتا سەلىپى سىرلىق ياراتقۇچى كۇچلەرنىڭ رەمزى بولۇپ هېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆرت ئۇچى ئەنە شۇ تۆرت كۇچكە ماس كېلىدۇ.

بۇ توپتىكى هەر بىر شەكىلنىڭ سىزىقلىرى ئۇنداق ياكى بۇنداق هالدا بارلىق باشقا كۇچلەرنى باشقۇرىدىغان ئىلاهى بىرلەمچى كۇچ سۇپىتىدە ياراتقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرت ئىلاهى كۇچ بولسا ئۇنىڭ (ياراتقۇچىنىڭ) پەرمانلىرى سۇپىتىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

بۇ يەردە هەر بىر شەكىلنىڭ گەۋدىسى كائىناتتا ئۇ ياكى بۇ كۇچلەرنىڭ سىلجىش يۆنىلىشلىرىنىڭ رەمزى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.



3ـ توپ.

**بىرلەمچى كۆچلەرنىڭ ھەرىكىتى**

ئۇ ئۇلارنىڭ چەمبەرسىمان ۋە تۇخۇمسىمان ھەرىكىتىنى، شۇنداقلا جىسىملارنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىستىسناسىز بارلىق شەكىللەر غەربكە، گەۋدە بولسا شەرققە قارىتىلغان. بەزى شەكىللەرنىڭ ئايىقى يوق بولسا،بەزىلىرىنىڭ ئايىقى بەشكە يېتىدۇ. ئاياقلار كۆچلەرنىڭ كائىناتتىكى ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

تاش پۈتۈكچىلەرنىڭ بۇ تويىدا مەركەزگە ئىنتىلىدىغان كۆچلەرنىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ كۆچلەر گازنى يىغىپ، ئۇنى بىر پۈتۈن ماسسىغا چىڭداپ، ئۇنىڭغا شەكىل بەردى ۋە يەرنىڭ ناھايىتى تېز ئايلىنىدىغان ۋە تۈرلۈك ۋەزىيەتتە مەھكەم تۇرىدىغان كۆچىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ كۆچ ئۇنى بىر ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە غۇلاپ چۈشۈشكە يول قويمايدۇ. بۇ جەريانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى مەن «كائىنات كۆچلىرى» دېگەن يەنە بىر كىتاب ئۈچۈن ساقلاپ قويىمەن.



**4- توپ.** قەدىمىي خەلقلەردە ئۇ ياكى بۇ قۇشلار مۇقەددەس دەپ ھۆرمەتلىنەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپلىگەن غۇۋا رىۋايەتلەر مەۋجۇت، ئۇلاردىن ئېنىق بىر مەلۇمات ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن

ئۆزەمنىڭ شەرق تەتقىقاتلىرىمدا بىر مۇقەددەس قۇش-غاز توغرىلىق مەلۇماتنى بايقىدىم. مەن شۇنداقلا تاشقا ئويۇپ ئىشلەنگەن نەقىش سۈرەتلەرنى بايقىدىم، ئۇنىڭدا قۇرۇقلۇقتىن باشقا ياقىقا ئاتلانغان كۆچمەنلەر سۇدا ئۈزۈۋاتقان غازلار سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا مىسىرنىڭ تەگرىسى سىب ياخشى مىسال بولالايدۇ، ئۇنىڭ بېشىدا غاز مەغرۇر تۇرىدۇ. مىسىرنىڭ «مەرھۇملار كىتاۋى» دا سىب ھەققىدە ئىلاھلارنىڭ ئاتىسى ۋە تۇخۇمىدىن يەر ھەم ئادەم پەيدا بولغان غاز توغرىلىق ئېيتىلىدۇ. ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ يوقىتىلىشى توغرىلىق رىۋايەتتە سىبغا مۇھىم رول ئاجرىتىلغان. مېنىڭچە قەدىمكى مىسىرلىقلار سىبنى ياراتقۇچىنىڭ رەمزى سۈپىتىدە قارىغان.

قۇش شۇنداقلا ئالياسكىدىكى بەزى ئىندىيان قەبىلىلىرىدىمۇ ياراتقۇچىنىڭ رەمزى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئېلىس ئۆزىنىڭ «**پولىنېزىيە تەتقىقاتلىرى**» دېگەن كىتاۋىدا بىر رىۋايەتنى مىسالغا كەلتۈرىدۇ، ئۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارغا ماس كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساندۋىچ ئاراللىرىدا شۇنداق رىۋايەت مەۋجۇت، ئۇنىڭدا ئەڭ ئاۋال سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغان. ئاسماندىن يوغان قۇش چۈشۈپ، سۇغا تۇخۇم سالىدۇ، ئۇ يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھاۋاي ئاراللىرى پەيدا بولىدۇ».

نىۋېنىنىڭ تاش پۈتۈكچىلىرىدە مەن كۆپلىگەن «قۇش» رەمزىلىرىنى كۆردۈم. ئۇلاردىكى يېزىقلار بۇلارنىڭ ياراتقۇچىنىڭ رەمزىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەن قۇشلار بىلەن باغلىق بولغان ئۆزەم توپلىغان ھەر خىل رەمزىلەر توغرىلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ياراتقۇچىغا ئادەتتىكىدەك شەكلى ئۆزگەرتىلگەن يىلان ئەمەس، بەلكى قۇش رەمزى قىلىنغان دېگەن خۇلاسىغا كەلدىم.

قەدىمي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە يېزىقلارنىڭ كۆپ ئۇچرىشىغا قارىماستىن بۇ، رەمزىلىك قۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مەن بايقىغان بىردىن-بىر قەدىمي يېزىقتۇر.




**4ـ توپ**

**«قۇشلار» پۆتۈكچىلىرى، يارالتقۇچىنىڭ كۈچ رەمزى**

<u>5ـ توپ</u>. يىلان ھەر دايىم سۇلارنىڭ رەمزى. ئىنسانلار تارىخىدا ئەڭ بېشىدىن باشلاپلا يىلان بۇ خىلدىكى بىردىن-بىر رەمزى بولغان.

نىۋېننىڭ توپلىمىدا، مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلارغا تەئەللۇق يارىتىشنىڭ بەشىنچى ئەمرىنىڭ ئايرىم جايلىرىنى رەمزى قىلىدىغان، كام دېگەندە ئەللىك پۆتۈكچە بار. مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ

تىپىك ئۇن بەشنى تاللىۋالدىم. كىتاپنىڭ كولىمى ماڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يەشمىسىنى كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكتىن، مەن پەقەت 328-نومېرلىق پوتوكچە بىلەنلا چەكلىنىمەن.



1. 2. 3. 4. 5.

## ئاچقۇچلارنىڭ تەھلىلى ۋە يەشمىسى

بۇ پوتوكچىدىكى رەسىم سۇدا پەيدا بولغان تەبىئەتتىكى دەسلەپكى جانلىق مەۋجۇداتلارنى رەمزى قىلىدۇ.

1-سۈرەت. خان، زىننەتلەنمىگەن يىلان.

2-سۈرەت. كائىنات تۇخۇمى، بوگۇنكى ھاياتلىقنىڭ باشلانمىسى.

3-سۈرەت. 4- ۋە 5- رەسىملەرگە بۆلۈنگەن قوشۇلما بەلگە.

4-سۈرەت. تەگسىز، چوڭقۇر غار، چوڭقۇرلۇق ۋە ھاكازىلار.

5-سۈرەت. 4 رەقەمنى يېزىشنىڭ ئۇيغۇرچە شەكلى.

**يارىتىشنىڭ بەشىنچى ئەمرى:** ياراتقۇچى«سۇلار ھاياتلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرسۇن» دېدى. شۇ چاغدا قۇياش نۇرلىرى سۇلارنىڭ لاتقىلىرىدا يەر نۇرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە لاتقا زەررىلىرىدىن كائىنات تۇخۇملىرى ھاسىل بولدى. ئەمرگە مۇۋاپىق ئەنە شۇ تۇخۇملاردىن ھاياتلىق پەيدا بولدى.

بۇ پوتوكچىدە پەقەتلا بىر تۇخۇم كۆرسىتىلگەن، جوملىدىن ئۇ يىلان چەمبىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان شۇنداق قىلىپ يىلان تۇخۇم سىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرسىتىلگەن.

چۈنكى تۇخۇم بىر بولغانلىقتىن، ئۇ دەسلەپكىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە سۆز سۇدىن چىققان دەسلەپكى ھايات ۋە يەر يۈزىدە پەيدا بولغان دەسلەپكى ھاياتلىق توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ. مۇقەددەس يېزىقلاردا يىلان ئۇۋۇسىدا تۇخۇملارنى ئۆز چەمبەرلىرى بىلەن قۇچاقلىغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھەر خىل ھاياتلىق شەكىللىرىنىڭ بىر مەزگىلدە پەيدا بولمىغانلىقىنى




5ـ توپ

سۇ — ھاياتلىقنىڭ ئانىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆرسىتىدۇ.

تۇخۇم سىلىۋاتقان يىلان ئاستىدا چاتما رەمزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تىك يار ئۈكيانىنىڭ تېگى بىلەن تۇگەيدۇ. ئۇ يەرگە لاتقا تۇپلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدىن كائىنات تۇخۇمى ھاسىل بولۇش كېرەك. 4 رەقىمى ياراتقۇچىنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار، تۆرت ئۇلۇق ئىلاھى كۈچنى رەمزى قىلىدۇ.

**رىۋايەت:** «ياراتقۇچى مۇقەددەس تۆرتلىككە، سۇلار ھاياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرسۇن، دەپ پەرمان قىلدى. مۇقەددەس تۆرتلۈك ھەرىكەتكە كىرىشتى ۋە لاتقىدىن، سۇ ئېقىنىدىن كائىنات تۇخۇمى ھاسىل بولدى، ئۇنىڭدىن پەرمانغا مۇۋاپىق، دەسلەپكى ھاياتلىق پەيدا بولدى».

موشۇ پۈتۈكچىنىڭ ئۆزىدىنلا مېكسىكىنىڭ قەدىمكى تۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى يېزىقلىرىدىن مىراس ئالغان، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ.




**6- توپ**

1- سەلىپ ئەتراپىدىكى تاشقى چەمبەر: كائىنات.

2- را ... قۇياش ئۇچۇن ناگلارنىڭ ئۇمۇمى رەمزى.

3- ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى شۇنداق.

4- «قۇرۇلۇشچى» بەلگىسى.

5- «تۇۋۇرۇك» بەلگىسى.

6- «گېئومېتر» بەلگىسى.

7- «مېمار» بەلگىسى.

8 - «هۆكۈمران» بەلگىسى (تەختىگە چىقىدىغان پەلەمپەي).
9 - «ئاسمان» بەلگىسى (ئۈچ بۇلۇڭلۇق).
10 - تاماملانغان.







**6- توپ**

**مۇقەددەس تۆرتلىكنىڭ قەدىمي رەمزى**

مۇقەددەس تۆرتلۈك (1 - رەسىم).
قۇدرەت (2 - رەسىم).
ئىنقلاندى (3 - رەسىم)

7-توپ. بۇ پۈتۈكچىلەرنىڭ ھەر بىرى تۆرت ئۇلۇق ئىلاھى كۆچنىڭ بىرىنىڭ ياكى بىر نەچچىسىنىڭ ھەركىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.




**7- توپ**

**تۆرت ئۇلۇق ئىلاھى كۆچنىڭ ھەركىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پۈتۈكچىلەر توپى.**

www.uyghurkitap.com

# 5 - باپ: جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى

مەن ئەندىلا تارىختىن ئىلگىرىكى ئۆتمۈشنى ئۆگىنىشكە باشلىغىنىمدا، جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى مەندە يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق باشقا يەرگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلدى. مۇ قۇرۇقلۇقى بىلەن يانمۇ- يان دېگىدەك جايلاشقان بۇ ئىنتايىن چوڭ قىتئە تېخىچە يەر يۈزىنىڭ دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيىتى توغرىلىق ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خوشنا رايونلار، مەركىزى ۋە شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە مۇنداق گۇۋالىقلار ناھايىتى مول ئىدى. مەن جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىدە بۇ خىلدىكى يادىكارلىقلارنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى شەرق قولىيازمىلىرى ۋە پولىنېزىيە رىۋايەتلىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن چىققان كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز كېمىلىرىدە پۈتكۈل دۇنيانى كېزىپ چىققانلىقى سۆزلىنەتتى. دېمەك، ئۇلار خوشنا جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىمۇ زىيارەت قىلغان بولۇشى ۋە دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئۇ يەردىنمۇ تېپىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا بۇ قىتئە مەن ئۈچۈن دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمى گەۋدىسىگە سىڭىشنى خالىمايدىغان قانداقتۇر غەلىتى تېپىشماقتەك كۆرۈنگەن ئىدى. مەن ئىنكلار توغرىلىق يېزىلغان ئىلمى ماقالىلارغا ئىشىنىپ توغرا يولدىن ئېزىپ قالغان ئىدىم، دىققەت بىلەن تەھلىل قىلغاندا، بۇ ماقالىلار تەجرىبىسىز ئارخېئولوگلارنىڭ تامامەن خاتا نەزەرىيەلىرى بولۇپ چىقتى.

مەن ئاخىرقى قېتىم تىبەتكە قىلغان سەپىرىمدە غەربى ساگراملارنىڭ بىرىدىن يوغان تاش پۈتۈكچىلەرنى بايقىدىم، كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، ئۇلاردا دۇنيانىڭ ھەر خىل قىسىملىرىنىڭ خەرىتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىدىن مەن جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسىنى تونۇدۇم. ئۇنىڭ سىزىلغان يىللىرى مەلۇم يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئورۇنلىشىش ۋاستىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن. ئاسترونوملار ماڭا يۇلتۇزلارنىڭ مۇنداق ھالەتتە يىگىرمە بەش مىڭ يىل

ئىلگىرى تۇرغانلىقىنى ئىپتقان ئىدى. بۇ خەرىتە ماڭا ئىلگىرى




قەدىمكى ئامازون دېڭىزى ۋە ئۇنى تىنچ ئوكيان بىلەن باغلاشتۇرىدىغان جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسى. تىبەتتىكى غەربى ساڭرامىلارنىڭ بىرىدىن تېپىلغان پۈتۈكچىدىن ئېلىندى. سەنەسى 25 مىڭ يىل

چۈشىنىكسىز بولغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى چۈشۈنۈشكە ئاچقۇچ بولدى. يەر يۈزىدىكى ئەڭ باي ئارخېئولوگىيەلىك رايون ئەندى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى سىرلىرىنى ئېچىشقا تەييار ئىدى.

مەزكۇر خەرىتىگە مۇۋاپىق، بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش مىڭ يىل مۇقەددەم ئىككى چوڭ كۆچمەنلەر ئېقىمى كېيىنلەردە جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن چىققان بولۇپ، تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ ئاتلانتىداغا كېلىدۇ. ئاندىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ (ئوتتۇرا دېڭىز ئارقىلىق) كىچىك ئاسىياغا بارىدۇ.

ئەتىمالىم، ئالىملاردىن ياكى ئارخېئولوگلاردىن ھېچ كىمنىڭ ئويىغا جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنى قەدىمىي مەدەنىيەتلەر بىلەن باغلاشتۇرۇش كەلمىگەنگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى سۇغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە مايمۇن سىياقىدىكى ياۋروپالىقلار كېلەچەك ئالىملىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇ يەرگە ئۆز سۆڭەكلىرىنى بولۇشچە تاشلاشتىن ئونمىڭلىغان يىللار ئىلگىرى ئۇ يەردە ئۇلۇق مەدەنىيەت مەۋجۇت ئىدى.

يىراق ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىشتىن ئىلگىرى مەن جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى تارىخى توغرىلىق نېمە بىېزىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا پېرۇ ئىنكىلىرى توغرىلىق ئەمگەكلەر ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە «قەدىمكى تارىخ» توغرىلىق نېمە يېزىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى، تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇ يېقىنقىلا بىر نەرسە بولۇپ چىقتى.

**پېرۇ**. پېرۇ ئېلى ئىنكىلار مەدەنىيىتى نەتىجىسىدە شۆھرەت قازاندى. ئىنكىلار تارىختىن ئىلگىرىكى خەلق ئەمەس، ئۇلارنى ھەتتا قەدىمىي خەلق دەپ ھېساپلاشقىمۇ بولمايدۇ. ئىنك نامى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇنۋانىدىن كېلىپ چىققان. بىر ئۇمۇمى ھۆكۈمران سايىلانغىچە ئىنكىلار ھەر خىل خەلقلەردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېرۇغا گۋاتېمالادىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئايمارا دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدىغان خەلق ئىگىلىگەن يەرلەرگە ئورۇنلاشقان مەركىزى ئامېرىكىنىڭ كىچىلىرىمۇ بولغان. كىچىلارنىڭ پىرۇغا كېلىشى، بېسىپ كېلىش بولغان ئەمەس. ئۇنى ھازىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ بىزنىڭ ئارىمىزغا ئورۇنلىشىۋاتقانلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ئىنكلار ئىمپېرىيەسىنى تارىختىن ئىلگىرىكى دەپ ھېساپلاشقا قىلچىلىكمۇ ئاساس يوق. ئۇ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بولمىغان يۇقىرى مەدەنىيەتلىك خەلق تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بۇ يۇقىرى مەدەنىيەتلىك خەلق بۇنىڭدىن تۆرت يۈز يىل مۇقەددەم ئىسپانىيەلىكلەر كېلىپ ئۇلارنى يوقاتمىغىچە تاشقى دۇنياغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئىنك ئىمپېرىيەسى 900 ـ ۋە 1000 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان ۋە بەش يۈز يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ، 1532 ـ يىلى ئۇنى ئىسپانىيە ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۆز كۈنلىرىنى ئاياقلاشتۇرىدۇ.

ئىنكلارنىڭ ھۆكۈمران سۇلالىسى ئون ئۈچ ئىمپېراتور ياكى ئىنكتىن ئىبارەت. ئىمپېرىيەنىڭ ئاساسى سالغۇچى ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئىمپېراتورىنىڭ ئىسمى مانكو كاماك ئىدى. رىۋايەت بويىچە، ئۇ، پادىشا قېنىنىڭ تازىلىقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇنغا مۇۋاپىق، ئۆز سىڭلىسىغا ئۆيلىنىدۇ، ياخشى مەلۇمكى مۇنداق ئادەت شۇنداقلا قەدىمكى مىسىردا ۋە مايالاردا بار. مانكۇ كاماكىنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قۇياشتىن تۇغۇلغانلىقى توغرىلىق ئېيتىلىدۇ. بۇ رىۋايەت پىرۇدا خېلى نۇرغۇن ۋە قىزىقارلىق خۇداسىزلار جامائەسىنىڭ يىغىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە تەكىتلىنىشىچە، مانكو كاماكنىڭ ئانىسى ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ، ئەرگە چىقمىغان ئايال بولغان. ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرمەندە بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تىتىكاكا كۆلى ئاراللىرىنىڭ بىرىگە كېتىدۇ ۋە ئوغلى چوڭ بولغىچە ئۇ يەردە ياشايدۇ. ئوغلى چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئارالدىن قايتىپ، ئوغلىنى كىشىلەرگە خۇدانىڭ پۇشتى، ئۇلارغا پادىشا بولۇشقا ئەۋەتىلگەن، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئويدۇرمىسىغا ئىشىنىپ قالىدۇ ۋە بالىنى ئىنك قىلىپ سايلايدۇ.

برىتانىيە مۇزېيىدا ئاپلوئالىۋو ئىسىملىك روھانى تەرپىدىن 1631 ـ يىلى يېزىلغان، ئېلان قىلىنمىغان قەدىمكى پېرۇ قول يازمىسى ساقلانماقتا، ئۇنىڭدا ئىنكلار سولالىسىنى قۇرغان مانكو كاماكنىڭ ئەجداتلىرى كىچىك دەپ ئاتىلىدىغان مەركىزى ئامېرىكىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ.

ئەھۋالغا قارىغاندا، مانكو كاماك دەسلەپكى ۋەتەن، يەنى قۇياش ئىمپېرىيەسىدىكى پادىشا ئائىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، تەختتىكە چىققاندىن كېيىن قۇياش ئوغلى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن .

مەركىزى ئامېرىكا كىچىك كۆچمەنلىرى ئايمارلارنىڭ(يەرگە ئىگە بولۇپ، شۇ يەردە ئورۇنلىشىپ قالغان خەلق) مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ناھايىتى تەرەققىي ئەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنكلارنىڭ ئۆلۈق مەدەنىيىتى، بۇ كىچېلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئايمارلارنىڭ مەدەنىيىتى. بەزى بىر مۇئەللىپلەر ئىنكلار پېرۇغا بېسىپ كىرگەن ۋە ئۇنى ئىشغال قىلغان، دەپ تەكىتلىمەكتە. ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشكە قانداق ئاساسى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. رىۋايەتلەردىمۇ، يازما مەنبەلەردىمۇ بۇ خۇددى ياۋروپالىقلارنىڭ بىزنىڭ ئېلىمىزگە دوستلارچە كۆچۈپ كەلگىنىدەكلا بىر ئىش ئىكەنلىكى توغرىلىق ئېيتىلىدۇ. لېكىن بەرىبىر مانكو كاماك تەختتىكە چىقمىغىچە ھېچقانداق ئىنكلار مەۋجۇت بولمىغان، پەقەتلا ئايمارالار ۋە كىچېلار بولغان. ئەندى ئۇ تەختتىكە چىققاندىن كېيىن، ھەر ئىككى خەلق ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ شەرىپىگە ئىنكلار دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

لېكىن پېرۇ تارىخىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق سەھىپىسى ئىنكلار ياكى ئايمارالار توغرىلىق بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن بۇرۇنقىلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇنىڭدىن ئون ئالتە مىڭ يىل مۇقەددەم، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋال بولۇشى مۇمكىن، پېرۇدا خۇددى يۇكاتاندىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت گۈللەنگەن، تەخمىنەن موشۇ دەۋردىن مىسىرنىڭ تارىخى باشلىنىدۇ. پېرۇدا قەدىمكى تارىختىن ئىلگىرىكى شەھەرلەر بولغان، ئۇنىڭ خارابىلىرى ھازىر تىنىچ ئوكيان بېتىدىن 13500 فۇت

ئېگىزلىكتىكى تىتىكاكا كۆلىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ ۋە تىئائۇئاناكو دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەر دېڭىز يۈزىدىن ئارانلا بىر نەچچە فۇت ئېگىزلىكتىكى تۈزلەڭگە سېلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاند تاغلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى يۈز بېرىدۇ ۋە شەھەر تاغ بىلەن بىللە كۆتىرىلىدۇ. تىئائۇئاناكو شەھىرىدە رەمزىلىك سۆرەتلەر ۋە يېزىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن قىزىقارلىق ئۇيۇل تاش بار، مەن «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» كىتاۋىمدا ئۇلارنىڭ يەشمىسىنى بەرگەن ئىدىم. ئۇلاردىكى رەمزىلەر مايا رەمزىلىرى بىلەن ئوخشاش. ئۇلار بۇ تاشنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئۇچرايدىغان دېڭىز قۇلۇللىرى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە دېڭىز ئۈستىگىلا ئورنىتىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ۋە بۇ شەھەر توغرىلىق تىبەت تاش پۈتۈكچىلىرىدە مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا خەرىتىمۇ كەلتۈرۈلگەن، ماگا خەرىتىنىڭ كۆچۈرمىسىنى تېپىش مۇمكىن بولدى، ئۇنى تۆۋەندە بېرىمەن.

ئىسپانلار پېرۇنى ئىشغال قىلغاندا، يەرلىك ئاھالىدىن تىئائۇئاناكودا شۇنچىلىك ھەيران قالارلىق بىنالارنى كىم سالغانلىقىنى سورىغان ۋە مۇنداق جاۋاپ ئالغان: «ئۇلار قۇياش ئاسماندا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سېلىنغان»، يەنى ئۇلارنىڭ مەملىكىتى مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسى بولۇشتىن ئىلگىرى سېلىنغان. ھىندىستانلىق دانىشمەن تارىخچى ۋالمىكى ناگلار ئىمپېرىيەسى ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «تىتىكاكا كۆلى ئەتراپىدىكى ئىنشائاتلار قۇياش ئۇپۇق ئۈستىدە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، شۇنداقلا بۇ زېمىندا كۆتىرىلىشتىن ئىلگىرى سېلىنغان». بۇ پەقەت مېنىڭلا پىكرىم ئەمەس. جەنۇبى ئامېرىكىلىق مەشھۇر گېئولوگ ئې. ب. ئېنوكىنىڭ پېرۇ توغرىلىق كىتاۋى ئۇنىڭ ئاۋتورىنىڭمۇ خۇددى شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنلىكى توغرىلىق ناھايىتى روشەن گۇۋالىق قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۆز پىكرىلىرىمىزدە دۇنيانىڭ باشقا قىسىملىرىدا ناگلار پەيدا بولغان ۋاقىتلاردا قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇ چاغدا ئاندى تاغلىرى كۆتىرىلگەندە، ئۇ يەر بۇ يەرگە تاشلىنىپ قالغان ئازغىنا

كىشلەردىن تاشقىرى پېرۇنىڭ پۈتكۈل ئاھالىسى دېگىدەك ھالاك بولغان، دەپ پەرەز قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. بۇ ئامان قالغانلار ئامازونكا تارماقلىرى ئېقىپ چۈشىدىغان رايونغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە ئىپتىدائىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇ. دېمەك، ئۇ يەردە ياشايدىغان بوگۈنكى ياۋايىلار ئارىسىدا تىئائۇئاناكونى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇشى مۇمكىن.

1835 - يىل چارلىز دارۋىن پېرۇدا بولغان ۋاقتىدا، لىمادا قۇرۇلۇشچى ئىنژېنېر جىل ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقان، بۇ ئىنژېنېر تىتىكاكا كۆلى بويىدىكى خارابىلار ئىنكلار تەرىپىدىن سۇنئىي قانالىلارنىڭ سىلىنىشى سەۋەبىدىن ھوسۇلسىز يەرلەرگە ئايلانغان، چۈنكى بۇ قانالىلار ئەتراپتىكى بارلىق سۇنى ئۆزىگە يىغىۋالدى، دېگەن نەزەرىيەنى ئالغا سۈرىدۇ. لېكىن ئىنكلار بۇ قانالىلارنى قازمىغان، بۇ قانالىلار ئىنكلار پەيدا بولۇشتىن 16 ـ 18 مىڭ يىل ئىلگىرى سېلىنغان. ئايمارالار پېرۇغا دەسلەپ كەلگەندە (يەنى ئىنكلاردىن خېلىلا ئىلگىرى) قانالىلار يېرىم ۋەيران بولغان ھالەتتە ئىدى. بۇ قانالىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇنىڭ پېرۇ ئويمانلىق ۋە تۈزلەڭ مەملىكەت ۋاقتىدا، تاغلار كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى سېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ قانالىلار مەملىكەتنى قۇرغاقچىلىقتا ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى سۇ يوللىرى خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

يۇقىرىدا بېرىلگەن خەرىتە، تەكشۈرۈلۈشچە 25 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، ھالبۇكى، ئۇنىڭدا يىللار كۆرسىتىلمىگەن. بۇ موشۇ قانالىلار كۆرسىتىلگەن بىرگە مەلۇم ئەڭ قەدىمىي مەنبەدۇر. ئۇ تىنچ ئوكيانىنى ئامازون سازلىقلىرى پۈتكۈل تەۋەنى قاپلاپ تۇرغان ئىچكى دېڭىز بىلەن باغلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ شەرقى تەرىپىدە ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېلىپ بارىدىغان بوغاز بار. تىئائۇئاناكو شەھىرى قانالغا يېقىن جايلاشقان. خەرىتىدە شۇنداقلا باشقىمۇ شەھەرلەر، شۇ جۈملىدىن رىۋايەتكە ئايلانغان ئالتۇن شەھەر مانوئا كۆرسىتىلگەن.

ئالىملارنىڭ يەكدىللىك بىلەن قىلغان پىكرىگە قارىغاندا، پېرۇلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى شەرقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ -

www.uyghurkitap.com

ئادەتلىرى بولۇپ، ئىلىم-پەن ساھەسىدە بۇ ئۆرپ-ئادەتلەر كۆپلىگەن ئوي-پىكىرلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىككى يولى بولۇشى ئېھتىمال،بىرىنچىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىدىن، ئىككىنچىسى ئىسپان ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىگە بېسىپ كىرگەن ۋە ئۇنى ئىشغال قىلغان ئىسپانلار، ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، بۇ يەردە ھەممە نەرسە ماۋرىتانىيە روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، چۈنكى ئۇلار يېرىم ماۋرىلار ئىدى. ھازىرقى پېرۇلىقلار قەدىمىي ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، ھەر قانداق بىر قاچىدىن سۇ ئىچىش ئالدىدا بىر نەچچە تامچىنى يەرگە تۆكىدۇ، نان-بولكىلار بىلەن ئوزۇقلىنىش ئالدىدا، يەرگە ئۇۋاقلىرىنى چېچىپ: «پاچا-ماما ئۆچۈن» دەيدۇ. (بۇ ئۆرپ-ئادەتلەر بەزىبىر ئۇيغۇرلاردىمۇ ساقلانغان)

بۇ ھەر قانداق يېمەك-ئىچمەك ئۇلارغا ئانا-يەردىن بېرىلىدىغانلىقىغا نىسبەتەن مىننەتدارلىقىغا قىلىنغان ئىشارە بولسا كېرەك. بۇ يەردە بىز ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرىمىز. ماما — بىۋاستە دەسلەپكى تىلدىن كەلگەن سۆز، ما ياكى ماما (مەتىندىكىگە قاراپ)، دېمەك «يەر» سۆزىنى بىلدۈرىدۇ.

پېرۇلىقلارنىڭ رىۋايىتىدە، ئىمپېرىيەنىڭ تىتىكاكا كۆلى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ۋە باشقا خەلق بولغان چانكىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىنكىلارنىڭ يەرلىرى بىلەن چېگراداش بولغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. چانكىلار پېرۇدا ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى پەيدا بولغان. ئۇلار جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەركىزى ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرىدىن ئامازونكا دەرياسىنى بويلاپ كەلگەن. ئۇلار ئېگىز تاغلار چېگرا بولۇپ خىزمەت قىلغان قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەدىن — «ئورمانىنىڭ ئارقىسىدىكى يىراق مەملىكەتتىن كەلگەن». ئاجايىپ شەھەر مانوئا (ئالتۇن شەھەر) ئۇنىڭ پايتەختى بولغان.بۇ رىۋايەتتىن چانكىلار ئىمپېرىيەسى ئۇنى ئىنكىلارنىڭ ئىشغال قىلىشى ۋە كېيىن

ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە غايىپ بولغان، دەپ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن. بۇ رىۋايەت بىرازىلىيەگە بېغىشلانغان پاراگرافتا تولۇق كەلتۈرۈلگەن.

**ۋېنېسۇئېلا** مەن مەركىزى ئامېرىكىدا بولغان ۋاقتىمدا، مەركىزى ئامېرىكىنى تاشلاپ جەنۇپقا كەلگەن كارىبلار توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم، كارىبلار جەنۇپتا بىر قاتار چوڭ دەريالارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. بۇ رىۋايەتلەر بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق. جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى ساياھەتچىلىرى بىلەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نېمە يازغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

لېئونارد.ۋ.دالتون ئۆزىنىڭ «ۋېنېسۇئېلا» دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

« ۋېنېسۇئېلا بىلەن كولومبىيە چېگراسى ئەتراپىدىكى تاغلار بىلەن ئورمانلاردا كارىبلارنىڭ كۆپلىگەن قەدىمىي خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئورىنوكو دەرياسى بويىدا ۋە پۇتكۇل گۈئىئانادىكى چوڭ قارا تاشلاردا ئۇرغۇنلىغان قەدىمىي پىكتوگرافىيەلىك (ھەرىپ ئورنىدا سۈرەت سىزىپ خەت يېزىش) يېزىقلار ئۇچرايدۇ.

كارىبلار تاكى ھازىرقى ۋاقىتقىچە ۋېنېسۇئېلادا ساقلىنىپ قالغان. ئۆز ئۆرۈپىنى قەدىمىي زامانلاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرى گودخىرو بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر يېزىسىدا ئۆز داھىسى بار».

دىققەتكە سازاۋەر بىر نەرسە بار: كارىبلارنىڭ تىلىدىكى بىر قاتار سۆزلەر يۇئېبلو ئىندىئانلىرى تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ناھايىتى ماس كېلىدۇ، بۇ كىشىنى قەدىمكى زامانلاردا بۇ خەلقلەر ئامېرىكا قىتئەسىدە ياكى مۇ قۇرۇقلۇقىدا بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇپ ياشىغان بولسا كېرەك، دېگەن ئوي-پىكىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. «كاسىك» سۆزى ھەر ئىككى تىلدا ۋە باشقا ئىندىيانلار قەبىلىلىرى تىللىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ۋېنېسۇئېلانىڭ جەنۇبىدىكى ئادەم بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئورمانلىقلاردا گۇئاخارىبو قەبىلىسى ياشايدۇ ، ئۇلار

www.uyghurkitap.com

مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسى خەلقى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەملەر ۋېنېسۇئېلانىڭ ئەك رەھىمسىز، ۋەھشى، ئوچىغا چىققان ياۋايىلىرىدىن بولغان.

**بىرازىلىيە**. بىرازىلىيەدە ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرى پەيدا بولغان چاغدا، ئامازون دېڭىزى خۇددى ئوتتۇرا دېڭىزغا ئوخشاش ئىچكى دېڭىزدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئاتلانتىدا قىتئەسى سۇغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، سازلىققا ئايلانغان. ئاتلانتىدانىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىشى ئاقىۋىتىدە، ئاتلانتىك ئوكياندا پەيدا بولغان زور ئويمانلىقنى ئەتراپتىكى بارلىق سۇلار شىددەت بىلەن تولدۇردى. ئىلگىرىكى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس جايلارنىڭ ئورنىدا يەر كۆرۈنۈپ قالدى. ئامازون دېڭىزى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىن سۇنىڭ كېتىشى شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بولدىكى، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭدىن پەقەت چوڭ سازلىق قالدى. ئامازون دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان كۆپلىگەن دەريالار ھازىر ئۇلۇغ ئامازونكا دەرياسىنىڭ تارماقلىرىغا ئايلاندى.

مەركىزى ئامېرىكا كارىبلىرى ئۆز ماكانلىرىنىڭ بىرىنى ئامازون دېڭىزىغا جەنۇپتىن قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ بىرىنىڭ بويىغا سالغان. مەن كۆرگەن گۋاتېمالا رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كارىبلار كارىب دېڭىزى بويىدىن سەپەرگە چىقىپ، جەنۇپقا ماڭدى ۋە چوڭ دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇدىغان جايىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئۇلار قولايلىق يەرلەرنى تېپىپ ئورۇنلاشتى ۋە كۆپ سانلىق خەلققە ئايلاندى. ئۇلار گۈزەل كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا چوڭ شەھەر سالدى، ئالتۇن يالتىلىغان ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلدى ۋە شەھەرگە مانوئا دەپ نام بەردى».

بۇ يەردە بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىلىق سۆز بولىۋاتىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى پولكوۋنىك فوئۇسېتت، خىڭگۇ ۋە تاپاژوس دەريالىرىنىڭ بېشىدىكى، قىرغاقتىن بىر يېرىم مىڭ مىل يىراق بولغان بىرازىلىيەنىڭ مەركىزى قىسمىدا قەدىمىي بىر شەھەرنى تاپتى. بىرازىلىيەنىڭ بۇ قىسمى ئىنتايىن چوڭ ئاق داغ. خىڭگو بىلەن تاپاژوس دەريالىرى — ئامازونكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى جەنۇبى تارمىقى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى پولكوۋنىك

فوئۇسېتت كەڭ جامائەتچىلىككە ئانچە چوڭ بولمىغان ھەيكەلچىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ مەيدىسىدە يېزىق بار ئىدى. مەن ئۇنى بارى-يوقى بىر نەچچە سېكۇنت كۆردۇم، لېكىن بۇ خەتنى ئوقۇش ماڭا قىيىن بولمىدى، چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى كارا-مايا تىلىدا يېزىلغان ئىدى. مېنىڭچە بولغاندا پولكوۋنىك فوئۇسېتت مانۇئا شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىغا دۇچ كەلگەن بولسا كېرەك. تېخى يېقىندىلا ئەنە شۇ رايوندىن مېنىڭ ئىككى دوستۇم قايتقان ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە كۆپلىگەن خارابىلارنى، شۇ جۈملىدىن تىئا-خانكا دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي كۆۋرۈكنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان. دوستلىرىم ماڭا بۇ ئىنشائاتنىڭ 500-600 فۇت قىسمى ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول يەر ئۈستىدىن 300 فۇت ئېگىزلىككە جايلاشقان.

پېرۇ رىۋايىتى

«چانكىلار پېرۇغا جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەركىزى قىسمىدىن، تاغلار چەمبىرى بىلەن قورشالغان قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەدىن كەلگەن. ئۇنىڭ پايتەختى مانۇئا — ئالتۇن شەھەر ئىدى.

بۇ ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەختكە داۋا قىلىشقا باشلايدۇ، ئۆز ئارا جاڭجال باشلىنىدۇ، ئوغۇللارنىڭ بىرى دەسلەپكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئامەت كېتىدۇ ۋە يەنە بىر ئوغۇل ئۇنى چەتلەشتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئاخىرى ئوغۇللارنىڭ كىچىكى ئۆز ئاكىسىنى ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن ئورمانغا چېكىندۈرىدۇ. مەغلۇپ بولغانلار كېمىلەرنى ياساپ، ئورمان ئارقىلىق ئۆتكەن دەريا بويىچە يۇقۇرىغا قاراپ ئۈزىدۇ.ئۇلار كۆپلىگەن توسالغۇلار ۋە سىناقلاردىن ئۆتۈپ، تىتىكاكا كۆلىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىدۇ، بۇ يەردە ماكانلىشىدۇ. بۇ ئادەملەر كۆپىيىپ، ئۆزلىرىنى چانك دەپ ئاتايدىغان ئۇلۇق خەلققە ئايلىنىدۇ».

ئىنكىلار چانكىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلدى. چانكىلارنىڭ تىتىكاكا كۆلىنىڭ بويىغا كەلگەندىن تارتىپ ئۇلارنى

ئىنكلار ئىشغال قىلغىچە ئۆتكەن ۋاقىت ئومۇمەن مەلۇم، لېكىن ئۇ ئۆتكەن ئەۋلاتلار سانىغا ئاساسلىنىپ ھېساپلانغانلىقتىن، ۋە ھەر بىر ئەۋلاتقا توغرا كېلىدىغان يىلنىڭ سانى نامەلۇم بولغانلىقتىن، بۇ ۋاقىتنى پەقەتلا تەخمىنەن مىڭ يىل ئەتراپىدا دەپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

**ئارگېنتىنا**. تارىختىن ئىلگىرىكى خارابىلارنى ئارگېنتىنادىكى لاپلاتا دەرياسىنىڭ بويلىرىدىنمۇ تېپىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى بۇ خارابىلاردىن بىر پۈتۈكچە تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى يېزىق موڭغولىستاندىن تېپىلغان يېزىقنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ چىقتى.

بۇ لاتىن ئامېرىكىسى رىۋايىتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر بارلىق جايلاردىن تېپىلىدۇ. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، ئۇ ياكى بۇ پاكىتلار شۈبھىسىزكى مەلۇم رىۋايەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق. ئەگەر پاكىتنى تاپسىڭىز تارىخنى بېيىتىسىز.

**قەدىمكى تارىخ** ئەندى مەن جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى تارىخىنىڭ ئۆز پىكرىمچە،ناھايىتى قىزىقارلىق سەھىپىسىگە كۆچىمەن. بۇ بىزگە ھازىر قانچىلىك غەلىتە تۇيۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن پاكىت دېگەن پاكىت. قەدىمكى زاماندا جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى شەرقى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ ئىككى ئېقىمىنىڭ يولىدا تۇرغانلىقتىن، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تامامەن باشقىچە، ئۇ چاغدا كارىبلار بىلەن نېگىرلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى ماكان ئىزدەپ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئىدى. مۇنداق كۆچۈشنىڭ قاچان باشلانغانلىقى بىزگە ئېنىق ئەمەس، لېكىن بۇ كۆچۈشنىڭ تەخمىنەن 70 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغانلىقى توغرىلىق ھەر خىل گۇۋالىقلار مەۋجۇت. ئۇ چاغلاردا جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسى خۇددى باشقا يەرلەرگە ئوخشاش تۈزلەڭلىك بولۇپ، تاغلار تامامەن يوق ئىدى. دەسلەپكى تاغلار كام دېگەندە 15 مىڭ يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان، شۇنىڭدىن بويان ئىنسانلارنى ھەر خىل ئاپەتلەر ۋە سۇ

تاشقىنلىرىدىن ھېچ نەرسە ھىمايە قىلالمايۋاتىدۇ. يەر ئۈزۈل - كېسىل ماگنېتىكىلىق تەكشۈكلۈقتا كەلمەي تۇرۇپ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ،ئەلبەتتە.

ھازىرقى ئامازونكا ۋادىسىنىڭ ، جۇملىدىن بارلىق ئامازونكا سازلىقلىرى ۋە پۇتكۈل دەريانىڭ ھاۋزىسى ئورنىدا ئوتتۇرا دېڭىزغا ئوخشاش بارلىق تەرەپلىرى قۇرۇقلۇق بىلەن قورشالغان چوڭ دېڭىز بولغان ئىدى. قاناللار شەرقتە ئامازون دېڭىزىنى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن، غەربتە تىنچ ئوكيان بىلەن باغلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ قاناللار تاغلار ھاسىل بولغان ۋاقىتلارغىچە خېلى ياخشى ساقلانغان. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنى ئاتلانتىدا، غەربى ئافرىقا ۋە شەرقى ئوتتۇرا دېڭىز ئارقىلىق كىچىك ئاسىيا بىلەن باغلاشتۇرغان جانلىق سۇ يولىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىدى. ئامازون دېڭىزىنىڭ قىرغاق يولى ھازىرمۇ خېلىلا ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شىمالدىن ئۇنىڭ قىرغىقى ۋېنسۇئېلا دۆڭلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىسمىدا ئاق كۋارتس قۇملۇق بىر نەچچە ئاجايىپ گۈزەل پىلەژ (سۇدىن چىققاندا كۆنگە قاقلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان قىرغاق) بار. جەنۇپتىن ۋە شەرقتىن ئامازون دېڭىزى پان - ئالتو تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن، غەربتىن بولسا ئاندى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن قورشالغان.

مېنىڭ ئامازون دېڭىزىغا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشىمنى يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن تىبەت ساكراملىرى پۇتۇكچىلىرىدىكى خەرىتىلەر جەلىپ قىلدى. مەن بۇ خەرىتىلەرگە ئۇنىڭ سىزىلغان سەنەسى كۆرسىتىلگەنلىكىنى بايقىدىم، ئۇلاردا مەلۇم يۇلتۇزلار توپىدىكى بىر قاتار يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن.

ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېلىپ بارىدىغان قولتۇقتىن چىقىدىغان جايدا، خەرىتىدە قانداقتۇ نامسىز بىر يەر كۆرسىتىلگەن. مەن بۇنى ئاتلانتىدا دەپ پەرەز قىلدىم ۋە ئۇنى تېگىشلىك ھالدا بەلگىلىدىم. خەرىتىدە شۇنداقلا شەھەرلەر كۆرسىتىلگەن، بىرلىرىنىڭ ناملىرى كەلتۈرۈلگەن، باشقىلارنىڭ كەلتۈرۈلمىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، قانالنىڭ يېنىغىلا جايلاشقان. خەرىتىدە ئۇ نامسىز قالغان، لېكىن ھازىر

تىئائۇئاناكو شەھىرىنىڭ خارابىلىرى بولغان جايدا تۇرىدۇ. يەنە بىر شەھەر ئامازون دېڭىزىنىڭ غەربى-جەنۇبى قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ نامى كۆرسىتىلگەن ۋە «قىممەت باھالىق تاشلار شەھىرى» ياكى «چاقناپ تۇرىدىغان تاشلار شەھىرى» دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۇچىنچى شەھەر تەخمىنەن جەنۇبى قىرغاقنىڭ ئوتتۇرىغا، لېكىن دېڭىزدىن سال يىراق جايلاشقان، ئۇ «ئالتۇن شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەھەرنى رىۋايەتكە ئايلانغان مانوئا شەھىرىدۇر. تۆرتىنچى شەھەر يىراق جەنۇپتا، ئوكيان قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان، مېنىڭچە ئۇ ھازىر لاپلاتا دەرياسى ئۆتىدىغان جايدا بولسا كېرەك. شەھەرنىڭ نامى يوق. يەنە بىر شەھەر ئامازون دېڭىزىنىڭ شىمالى تەرىپىدە، ھازىرقى ۋېنېسۇئېلا تەۋەسىدە تۇرىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ نامى ئاتالمىغان. خەرىتىدىكى كۆرسىتىلگەن يېزىقلار كارا ياكى كارىيلارنىڭ بۇ شەھەرلەرنى قانداق سالغانلىقى توغرىلىق بايان قىلىدۇ.

كارىيلار بىۋاستە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كەلگەن ۋە ئامازون دېڭىزى يېنىغا ئورۇنلاشقان. كېيىنچە دېڭىزنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا ئۇلارنىڭ پادىشالىقى قۇرۇلىدۇ. تۆۋەندە مەن ئۇنى كارى پادىشالىقى دەپ ئاتايمەن، لېكىن بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنى چانكلار دەپ ئاتىغان دەپ ئويلاشقا بىر قاتار سەۋەپلەر بار. ماگا كارى پادىشالىقى قۇرۇلغىچە قانالار مەۋجۇت بولغانمۇ ياكى ئۇلارنى كېيىنرەك قازغانمۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاپ تېپىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ پادىشالىق ياكى ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان پادىشالىقنىڭ يەنە بىر يېرىم مىڭ يىل مەۋجۇت بولغانلىقى مەلۇم.

ئەتىمالىم، كارىيلار ئامازون دېڭىزىنىڭ بويىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار داۋاملىق شەرقى يۆنىلىشكە كۆچۈپ بېرىشقا باشلىغان. ئۇلار جەنۇبى ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقى قىرغىقى ئەتراپىغا ماكانلىشىدۇ. مايانىڭ يازما مەنبەلىرىدە ئۇلار مەركىزى ئامېرىكا قىرغىقىدا (ماياكسىدا) ئايال پادىشا مۇئو دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولغان. مۇئو بولسا، ترويان قولىيازمىسىغا مۇۋاپىق، بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىل مۇقەددەم ياشىغان. كارىيلار مەركىزى ئامېرىكا ئەللىرىدە

تاكى هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قېنى ساپ ئەمەس، ئۆتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار نېگىرلار بىلەن ناھايىتى كۆپ ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە هازىرغىچە ئىپتىدائىي هالەتتە ياشايدۇ. كارىب دېڭىزى موشۇ خەلقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

كارىبلار شۇنداقلا ئاتلانتىدا ئاغمۇ ئورۇنلاشقان ۋە ئۇ يەردىن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى قىرغىقىغىچە بارغان. ئۇ يەردە ئۇلار كىچىك ئاسىياغا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ خەلق موشۇ يەردە ئۆزلىرى ئېگىلىگەن تەۋەلەرنىڭ ناملىرى بويىچە يېڭى ئىسىملارنى قوبۇل قىلغان ۋە يېرىم مۇستەقىل قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ياكى ئۇلۇسلارنىڭ بىرى، ئافىنالار دەپ ئاتىلاتتى. بىزگە مىسىر مەنبەلىرىدىن مەلۇمكى، ئافىنالارنىڭ ئاساسى شەھەرلىرىنىڭ بىرى قەدىمىي ئافىنا.قەدىمكى مەنبەلەر بىزگە ئافىنا شەھىرىنىڭ بۇنىڭدىن 17 مىڭ يىل ئىلگىرى بەرپا بولغانلىقىنى خەۋەرلەيدۇ. ئاتلانتىدا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ۋاقىتتا — بۇنىڭدىن ئون بىر يېرىم مىڭ يىل مۇقەددەم يەر تەۋرەش ئاقىۋىتىدە ۋەيران بولغان ۋە سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ـ قەدىمكى ئافىنا شەھىرى ۋەيران بولغان.شۇ ۋاقىتتىن تاكى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1104 ـ يىلغىچە (دەسلەپكى ئولىمپىك پائالىيىتىگىچە) كارىبلار ھەققىدە هېچ قانداق مەلۇمات بولمىغان. هازىر ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى گرېكلار (يۇنانلار) دەپ ئاتايدۇ. بەزى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ كارىبلاردىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ. مەسىلەن هىرودوت ئۆزىنى كارىي دەپ ئاتايتتى.

كارىبلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاخىرغىچە بىلىش ئۈچۈن جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىگە قايتىمىز ۋە ئۇ يەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان پىكىرنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋالىقلار تېپىلامدۇ ـ يوق، كۆرۈپ باقايلى. ئاندى تاغلىرىدا، تىنچ ئوكيان بېتىدىن 13500 فۇت ئېگىزلىكتە، تىتىكاكا كۆلىنىڭ بويىدا تىئائۇئاناكو دەپ ئاتىلىدىغان تارىختىن ئىلگىرىكى شەھەرنىڭ خارابىلىرى تۇرىدۇ. ئۇلار دەل تىبەت خەرىتىسى كۆرسەتكەن يەرگە جايلاشقان. ئەنە شۇ خارابىلار ئارىسىدا ئارخېئولوگلار «دۇنيا

www.uyghurkitap.com

ئارخېئولوگىيە مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى» دەپ ئاتايدىغان ئۇيۇل تاش تۇرىدۇ. ئۇ كارا-مايا تىلىدىكى يېزىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» ناملىق كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن بۇ يېزىقلارنىڭ يەشمىسى بۇ تاشنىڭ تەخمىنەن 16 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىلىق گۇۋالىق قىلىدۇ.

بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ يېنىدىن تاش بىلەن قاپلانغان قاناللار ئۆتىدۇ، بۇنىمۇ شۇنداقلا تەبىئەت خەرتىسى ئىسپاتلايدۇ. بۇ قاناللار ئۇلارنى كۆرگەن ھەر بىر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى كىم ۋە قانداق سالغانلىقىغا باغلىق كۆپلىگەن پىكىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھازىر ئۇلار ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن،ئۇلارنىڭ تېگى كىشىگە ئوكيان دولقۇنلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

شەھەر ۋە قاناللار خارابىلىرىنىڭ غەربى تەرىپىدە پات-پاتلا دېڭىز قولۇلە قاپلىرى ئۇچرايدۇ، بۇلار شەھەرنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تاغ ھاسىل بولۇش دەۋرىدىن كېيىن قۇرۇقلۇققا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ شۇنداقلا شەھەرنىڭمۇ، قاناللارنىڭمۇ بىر چاغلاردا دېڭىز يۈزىدىن ئانچە ئېگىز بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مانۇئا شەھىرىنىڭ خارابىلىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىلىقمۇ مەلۇماتلار بار، لېكىن، مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇنى ھېچ كىم تەتقىق قىلمىغان.

بىر چاغلاردا كارىي ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ماتتو گروسسو رايونىدا بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ نامى Xingu دەپ يېزىلىپ، لېكىن شىنگۇ سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىناتتى. مۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىشتا مەن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مۇ قۇرۇقلۇقى ئېلىپبەسىدە لاتىنچە X (1-رەسىم) ھەرپىنى ئەسلىتىدىغان بىر بەلگە بار. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتەن ئېلىپبەسىنىڭ ئىبىراتىكلىق H ھەرپىنى تەتۈرسىگە سىزىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ (2-رەسىم).بۇ رەمزى «ش» تاۋۇشىنى ئاڭلىتاتتى.



1. 2.

زامانىۋى ھىندى تىلىدا «si» بىلەن باشلىنىدىغان بارلىق سۆزلەرنىڭ بېشى، «شى» دەپ ئوقۇلىدۇ، مەسىلەن تەگرىنىڭ ئىسمى شىۋىنى ئالايلى. ھازىر بۇ رايوندا(ماتتو گروسسو) ياشايدىغان قارا تەنلىك ياۋايىلار بارلىق ئاق تەنلىكلەرنى كارائىبلار دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز، شۈبھىسىز، «كارىب» تىن كېلىپ چىققان. دېمەك، بۇ ياۋايىلار بۇ يەردە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ياشىغانلارنىڭ بەدىنىنىڭ رەڭگى قانداقلىقىنى بىلگەن.

جەنۇبى ئامېرىكا كارىب ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاكىتى كۆپلىگەن باشقا قەدىمكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئوخشاش. ئۆز-ئارا زىددىيەتلەر خەلقنى ئاجىزلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭ سانىنى قىسقارتىۋەتتى، مەملىكەت بولسا ھۆجۇمكار خوشنا قەبىلىلەر ئۈچۈن مايلىق لوقمىغا ۋە ئوڭاي قولغا چۈشىدىغان ئولجىغا ئايلاندى. باسقۇنچىلار ئەرلەرنى قىرىپ تاشلىدى، ئەڭ چىرايلىق ئاياللارنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇردى.

پېرۇدا مەن قەدىمي چانك رىۋايىتىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق: «چانكلار بۇرۇنىسىدا تىتىكاكا كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان ئەمەس. ئۇلار قىتئەنىڭ مەركىزىدىكى يىراق مەملىكەتتىن كەلگەن. ئۇلار تاغلار بىلەن قورشالغان چوڭ خەلقنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ گۆزەل كۆل بويىغا سېلىنغان چىرايلىق پايتەختى بار ئىدى. بۇ شەھەر مانۇئا — ئالتۇن دەپ ئاتىلاتتى. پادىشا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى دادىسىنىڭ تەختىگە داۋا قىلغان ۋە ئۇلار ئارىسىدا كۆپ يىل داۋام قىلغان ئۆز ئارا قارىمۇ-قارشىلىق باشلانغان. دەسلەپ ئوغۇللارنىڭ چوڭى غالىپ چىقىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسى غالىبىيەت قازىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئاكىسىنى بارلىق تەرەپدارلىرى ۋە تۇققانلىرى بىلەن ئورمانغا قوغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز

مەملىكىتىدە ياشىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. مەرھۇم پادىشانىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئورمانلىقتا قولۋاقلارنى ياساپ، دەريا بويلاپ تۆۋەنلەپ ئۈزۈپ كېتىدۇ. ئۇلار چوڭ دەرياغا يېتىپ كېلىپ، ئاندىن قولۋاقلىرى بىلەن بۇ دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىغا قاراپ ئۈزىدۇ. ئاندىن قىرغاققا چىقىپ، كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، تىتىكاكا كۆلىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ماكان تۇتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ رەھبىرىنى، ئىنىسىدىن مەغلۇپ بولغان ئاكىسىنى پادىشا قىلىپ سايلايدۇ. ئۇلار چانكلار دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ، كۆپىيىدۇ ۋە ئۇلۇق خەلققە ئايلىنىدۇ».

بۇ رىۋايەتكە مۇۋاپىق ئىككى ئاكا-ئۇكا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۇرۇش «بۈنىڭدىن ئوتتۇز ئەۋلات ئىلگىرى» بولغان. بىر ئەۋلاتقا قانچە يىل توغرا كېلىدىغانلىقى توغرىلىق ئېيتىلمايدۇ، ئەۋلاتلارنى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500-يىلدىن باشلاپ ھىساپلاش كېرەك.

مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىدە كارىبلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇن شەھرى مانوئا ھەمدە بۇ خەلقنىڭ ئېچىنارلىق قىسمىتى توغرىلىق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. لېكىن ئۇلار شۇنچىلىك چۈشىنىكسىزكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق.

<u>پاسخا ئارىلى</u> مەن چانكلار توغرىلىق باياننى مۇناسىپ تاماملاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تۇرغان پاسخا ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان ئالقاندەك قۇرۇقلۇق توغرىلىق ھېكايىسىنى كىرگۈزۈشنى لايىق كۆردۈم، بۇ ئارال قەدىمىي زامانلاردا كارىبلارنىڭ ھاياتى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىق بولغان. پاسخا ئارىلى تارىخىنىڭ پاكىتلىرى «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» كىتاۋىدا بايان قىلىنغان. لېكىن تۆۋەنكى باياننى مەن مەزكۇر كىتاپ ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئىدىم. چۈنكى ئارال تېپىلغان ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئارال ۋە كارىبلار ئالىملار ئۈچۈن ھەل قىلىنماي كېلىۋاتقان تېپىشماق بولغانلىقتىن، ئۇنى پاسخا ئارىلىدىكى ھەيكەلچىلەر بىلەن كارىبلار ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر باغلاشتۇرغۇچى ھالقا سۈپىتىدە پەرەز قىلاتتىم. كىچىككىنە نېگىر بالىسى بىر تىلىم تاۋۇز يەۋاتقان يەنە بىر نېگىر بالىسىدىن تاۋۇزنىڭ بىر

پارچە شاپىقىنى قالدۇرۇشنى سورايدۇ. تاۋۇز يەۋاتقان مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «ھېچ قانداق شاپاق بولمايدۇ».

مەن پاسخا ئارىلى توغرىلىق بايان قىلىشقا نىيەت قىلىپ تۇرۇپ خۇددى تاۋۇز يېگەن نېگىر بالىسىغا ئوخشاش: «ئەسلىدە ھېچ قانداق قەدىمي پاسخا ئارىلى بولمىغان» دېمەكچىمەن، چۈنكى مەن تۆۋەندە بايان قىلىدىغان دەۋىردە ھېچ قانداق پاسخا ئارىلى بولمىغان. ھازىرقى پاسخا ئارىلى ئۇ دەۋىردە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان ئىنتايىن چوڭ مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىدى.

پاسخا ئارىلىدا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە ئۇ يەردىن ھەيكەللەرنى تاپقانلارنىڭ ھەممىسى، ئارالدا ھازىر ياشاۋاتقانلار بۇ ھەيكەللەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى ئەمەس، ئۇلار تەرەققىياتنىڭ خېلى تۆۋەن دەرىجىسىدە تۇرىدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلگەن. بۇ بولسا ھەيكەللەرنى كىم ياراتقان ۋە ئۇ ئىنسانلارغا نېمە بولغان، دېگەن سوئاللارنى جاۋاپسىز قالدۇرىدۇ.

تاكى ھازىرغىچە ھېچ كىم بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشكە ئۇرۇنمىدى. شەرقتىن تاپقان يازمىچە گۇۋالىقلارغا ۋە پاسخا ئارىلىدىكى ھەم كىچىك ئاسىيادىكى خارابىلىكلەرگە ئاساسلىنىپ، مەن قانداقتۇر بىر تەدبىركار ئارخېئولوگقا قىزىقارلىق تەكلىپ بېرىشنى خالىغان بولار ئىدىم. ھەممىدىن ئاۋال قانداق پاكىتلارغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىقلايلى، ھەممىنى تەرتىپلىك تىزايلى ۋە ئاندىن ئۇنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى كۆرەيلى. تىبەت پۈتۈكچىسىدىكى خەرىتىدىن قەدىمكى زامانلاردا تاغلارنىڭ بولمىغانلىقىنى، ھازىرقى ئامازونكا دەريا ۋادىسى تۇرغان جايدا ئىچكى دېڭىز بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئىلگىرى تەكشىلەنگەن جەنۇبى ئامېرىكا قاناللىرى دەل ھازىرقى پاسخا ئارىلىنىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان. كۆچمەنلەر ئەترىتى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن يول ئېلىپ، پاسخا تۇمشۇقىدىن شەرققە قاراپ ماڭغان ۋە ئاخىرى كىچىك ئاسىياغا يېتىپ كەلگەن. بەزىدە ئۇلارنى كارالار، بەزىدە كارىيلار دەپ ئاتايتتى. قولدا بار گۇۋالىقلار ئۇلارنىڭ يولىنى جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ غەربى قىرغىقىدىن ئامازون دېڭىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغىچە كۆزىتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ جەنۇبى ۋىلايەتلىرى كارىيلارنىڭ يەرلىرى بولغان ئىدى. بۇ يەرلەر ھازىرقى پاسخا ئارىلىنىڭ تەۋەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاسخىنىڭ تاش كانلىرىدا ئۇزۇنلىقى 70 فۇت كېلىدىغان تېخى پۈتمىگەن ھەيكەل تۇرىدۇ. ئۇنى ياردىكى تاشتىن ئويۇپ ياسىغان.

ئەندى پاسخا ئارىلىدىن كىچىك ئاسىياغا، باائالبېككە كېلىمىز. بۇ يەردە بىز قۇرۇلۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن، ئېلىپ كېتىشكە تەييارلانغان 1200 توننا سالماقتا ئېگە تاشنى كۆرىمىز. ھەر ئىككىلا تاشنىڭ چىقىرىلىش ئۇسۇلى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. قۇرۇلۇشچىلار ئىشلەنمىگەن تاشنى چىقىرىپ، ئوچۇق مەيداندا سىلىقلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى بىۋاستە تاش كانىدىن چېپىپ چىقىرىپ، شۇ يەردىلا يانتۇزۇپ قويۇپ پەدەزلىگەن. قەدىمكى ئادەملەر 70 فۇتلۇق ئۇيۇل تاشلارنى قانداق كۆتەرگەن؟ ئۇلار 1200 توننىلىق تاشنى تۆۋەندىن دۆڭنىڭ چوققىسىغا قانداق ئېلىپ چىققان ۋە ئۇ يەرگە بۇ ئۇيۇل تاشنى قانداق ئورناتقان؟ بۇ توغرىلىق مەندىن ئەمەس، بەلكى ئىنژېنېر- مېخانىكلاردىن سوراش كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، كارىيلارنىڭ ۋەتىنى، ھازىرقى پاسخا ئارىلى تەۋەسىدە بولۇپ چىقتى. كىچىك ئاسىيانىڭ قەدىمكى تۇرغۇنلىرى كارىيلار بولغان. يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن ھەر ئىككىلا تاش ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇلدا ئېلىنغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇدىكەنمىز، ئۇ تاشلارنى بىر خەلققە مەنسۇپ ئادەملەرنىڭ چىقارغانلىقى توغرىلىق خۇلاسە قىلىش مۇمكىن. پاسخا ئارىلىدىكى ھەيكەللەر قوپال ئىشلەنگەن، ئەندى باائالبېكنىڭ قۇرۇلۇشلىرى تاكى ھازىرغىچە تەڭدىشى يوق مېمارچىلىق دۇردانىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرا، لېكىن بۇ ئىككى ئەسىرنى مىڭلىغان يىللار ئايرىپ تۇرىدۇ. پاسخا ئارىلىدىكى ھەيكەللەر تاغلار ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى ياسالغان، ئەندى باائالبېك بىنالىرى بولسا تاغلار مەۋجۇت بولغان چاغلاردا سېلىنغان.

تەتقىقاتچىلارغا ئەڭ بېشىدىن باشلاپلا ھەيكەللەرنى ياسىغان ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولغان؟ دېگەن سوئال ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ توغرىلىق بىز ھازىر ئارالدا كۆرۈۋاتقان نەرسىلەر بويىچە پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ يەردە بىز پۈتمىگەن ئىشنى كۆرىمىز، دېمەك ئۇ تۇيۇقسىز توختىتىلىپ، ئاياقلاشتۇرۇلمىغان. بۇ قانداقتۇر بىر ھالاكەتنىڭ شەپىسىنى كۆرسىتىدۇ. پاسخا ئارىلىدىن تېپىلغان پۈتۈكچىلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندا، يەر تەۋرەشلەر نەتىجىسىدە يەرلەر نەچچە پارچىغا يېرىلىپ، زور سۇ دولقۇنى پاسخا ئارىلىغا بېسىپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئاھالىسىنى ھالاك قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

**<u>قەدىمكى ئامازونكا يولى</u>** تېپىشماقلارنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭغا جاۋاپ تاپسام مەن ئۆز ئەمگىكىمنىڭ نەتىجىسىنى ئاز-تولا قانائەتلىنەرلىك بولدى، دەپ ھېساپلىغان بولار ئىدىم.نېگىرلار قانداق قىلىپ ئاتلانتىدا بارغان ۋە ئۇلار قانداق قىلىپ ئافرىقىدا بولۇپ قالغان؟ بۇنىڭدا ئىككى پاكىتقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، پۈتكۈل زېمىننىڭ ئاھالىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىدىن تارالغان. ئىككىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە نېگىرلارنىڭ ياشايدىغان يېرى ھازىرقى مېلانېزىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئاراللار ۋە تاقىم ئاراللاردىن ئىبارەت مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپى بولغان. ئۇ يەرنىڭ نېگىرلىرى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاكىتىدىن ئامان قالغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تىبەت پۈتۈكچىسىدىكى خەرىتە بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ، مېلانېزىيە ئاراللىرىنىڭ ئاھالىسى ئۇنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن بىز ئافرىقىنىڭ ئىككى تېپلىق قارا تەنلىك ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ۋەكىللىرى يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى يۇنانلارنى (گرېكلارنى) ئەسلىتىدىغان، چاچلىرى يىرىك قارا تەنلىك ئېفىئوپىيەلىكلەر، ئۇلار نېگىرلار ئەمەس، بەلكى دەسلەپتە

ھىندىستاننىڭ جەنۇبى قىسمىدىن ماكان تۇتقان تامىللار، ئۇلار بۇ ماكانىنى دىراۋىدا دەپ ئاتىغان. ئۇلار ھىندىستانغا ئىنچىيانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن مالاي تاقىم ئاراللىرى ئارقىلىق كەلگەن ۋە ھىندىستاندىن شەرقى ئافرىقىغا كۆچكەن. ئۇلار شەرقى ئافرىقىدىكى ئۆز ماكانىنى ئېفىئوپىيە دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزلىرى ئېفىئوپلار نامى بىلەن مەلۇم بولدى. ھىندىستانلىق تامىللار «جەنۇبى ھىندىستانلىقلارنىڭ غەربتىكى چوڭ يەرگە كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇ يەردە ماكانلىشىپ چوڭ خەلققە ئايلاندى» دېگەن يازمىچە گۇۋاھلىقلىرى بار.

ئىككىنچىسىنىڭ ۋەكىللىرى، قارا تەنلىك، بودرە چاچلىق، ياپىلاق بۇرۇنلۇق، قېلىن كالپۇكلۇق، يۈزىنىڭ قىيابىتى قوپاللراق، بۇ ھەقىقى نېگىرلار. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى، مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربى-جەنۇبى چېتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇلار بىسمارك ئاراللىرى، سولومون ئاراللىرى، يېڭى گىبرىدلار ۋە موشۇ تاقىم ئاراللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاراللاردا ياشايدۇ. يەنە شۇ يەردە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى ئەڭ ئەشەددى ياۋايىلارنىڭ بىرى، تازا نېگىرلار نەسلى ياشايدۇ.

كۆچمەنلەرنىڭ پەرقلىق خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار كۆچكەندە ياكى يىراق يەرلەرگە ساياھەتكە چىققاندا، پەقەت سۇ يوللىرىنى تاللاپ ئالاتتى. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن خەرىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن ئامازون دېڭىزى ئارقىلىق ئافرىقىغا ۋە كىچىك ئاسىياغا بولغان توسالغۇسىز سۇ يولىنى كۆرۈنتىش مۇمكىن. نېگىرلار بىلەن نېگىروئىدلار مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربى-جەنۇبى چېتىدىن سەپەرگە چىققاندا، قىرغاق بويلاپ ئىلگىرىلەپ ئاخىرى پاسخا ئارىلى تۇمشۇقىغا، ئۇ يەردىن ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبى ئامېرىكا قاناللىرىغاباراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبى ئاتلانتىدانىڭ چېتىگە كېلەتتى ۋە ئېنىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ھازىرقى نېگىرىيەدىن سەل شىمالدىكى ئافرىقا قىرغاقلىرىغا كېلەتتى. ئۇلار شۇنداقلا شىمالغا يۈرۈپ ئاتلانتىدا قىرغىقىغا: ھازىرقى كانار ئاراللىرى تۇرغان جايغا ئۆزۈپ بېرىشىمۇ

مۇمكىن ئىدى، بۇ يەردە ئۇلار ئافرىقا قىرغىقىدىن بارى-يوقى يەتمىش مىل يىراقلىقتا بولاتتى.

1878-يىل كارولىن ئاراللىرىدا يەرلىك تۇرغۇنلار ماڭا «بۇ ئاراللاردا ياشىغۇچىلار، بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە ئارال ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭ قۇرۇقلۇق بولغانلىقىنى، دېڭىزچىلارنىڭ يوغان كېمىلىرى بولغانلىقىنى، بۇ كېمىلەردە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى كېزىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئۇلار سەپەردىن قايتقىچە بەزىدە بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدىغانلىقىنى» سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ھىندىستانلىق دانىشمەن-تارىخچى ۋالمىكى قەدىمكى يىلنامىلارغا ئاساسلىنىپ، مۇنداق دەپ يازغان: «ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ پەرزەنتلىرى يىراق ئۆتمۈشتە ئۆز كېمىلىرىدە شەرقى ئوكيانلاردىن غەربى ئوكيانلارغىچە ۋە جەنۇبى دېڭىزلاردىن شىمالى دېڭىزلارغىچە ساياھەت قىلغان ماھىر دېڭىزچىلاردىن بولغان». ھىندىستان بولسا بۈگۈندىن 30 مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىلگىرى ئىمپېرىيەگە ئايلانغان.

جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرى تۇرغۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىلىرىدە ھازىرمۇ مىڭ مىللىق ساياھەتلەرنى قىلىدىغانلىقى مەلۇم.

ھەر خىل ھۆججەتلەرنىڭ گۇۋالىق قىلىشىغا قارىغاندا، ئاتلانتىدانىڭ جەنۇبىنىڭ ئاھالىسى قارا تەنلىك بولغان. لېكىن مەن نېگىرلارنىڭ مەركىزى ۋە جەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىدە بولغانلىقى توغرىلىق گۇۋالىق بېرىدىغان بىرمۇ ھۆججەتنى ئۇچراتمىدىم. ئەگەر بۇ شۇنداق ئىكەن، ئۇلار قانداق قىلىپ ئاتلانتىداغا كېلىپ قالغان؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ. تەبەت خەرىتىسى بولسا بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: ئۇلار مەركىزى ئامېرىكىغىمۇ، جەنۇبى ئامېرىكىغىمۇ كىرمەي، ئامازون دېڭىزى ئارقىلىق ئىلگىرىلىگەن.

ئافرىقىدا نېگىرلار بىلەن نېگىروئىدلار كەڭ تارقالدى، كۆپەيدى ۋە تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى باشلانغىچە خاتىرجەم ياشىدى. تاغلار ھاسىل بولغاندا ئۇلارمۇ ۋەيران بولغان. زۇلۇسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى




مۇ قۇرۇقلۇقىدىن ئامازون دېڭىزى ئارقىلىق ئافرىقىغا، ئاتلانتىداغا، ئوتتۇرا دېڭىزغا ۋە كىچىك ئاسىياغا كۆچۈش يوللىرى

جەنۇبى ئامېرىكىدا ياشىمىغانلىقى توغرىلىق رىۋايىتى مەۋجۇت.بۇ يەرگە ئۇلار تاغلار كۆتۈرۈلۈپ كۆپلىگەن ئادەملەر ھالاك بولغاندىن كېيىن، شىمالدىكى ئۆز ۋەتىنىدىن كەلگەن.ئۇلارنىڭ قەبىلىداشلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئامان قالغان،ئۇلارجەنۇبى ئامېرىكا قىتئەسىگەكۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئەنە شۇ زۇلۇس قەبىلىسىنىڭ ئاساسنى سالغانلار ئىدى.

**ئامازون دېڭىزى نېمە ئۈچۈن سازلىققا ئايلاندى؟** مەنزىرىنى تولۇق پەرەز قىلىش ئۈچۈن بۇ سوئالغىمۇ جاۋاپ بېرىش كېرەك. جاۋاپ مۇنداق: ئاتلانتىك ئوكياننىڭ يۈزى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن ئامازون دېڭىزىدىن سۇ كېتىپ قالدى. ئۇ چاغدا شۇنداق سوئال پەيدا بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ يۈزى تۆۋەنلەپ كەتتى؟ جاۋاپ: ئاتلانتىك ئوكياندا شەرقتىن غەربكە مىڭ مىل، شىمالدىن جەنۇپقا مىڭ مىل ۋە مىڭ فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى غايەت زور ئويمانلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئاتلانتىدانىڭ چۆكۈپ كېتىشىگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئويمانلىقنى تولدۇرۇش ۋە سۇ يۈزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈنىڭغا بارلىق تەرەپلەردىن سۇ كېلىشى تەلەپ قىلىندى. ئۇ شۇنچىلىك سېزىلەرلىك بولدىكى، ھەتتا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ يۈزى بىر نەچچە يۈز فۇت تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەنە شۇ تۆۋەنلەش ئامازون دېڭىزىنىڭ، مىسسىسىپى ۋادىسىنىڭ ۋە مۇقەددەس لاۋرېنتى ۋادىسىنىڭ سۇلىرىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ھال فىلورىدانى قۇرۇقلۇققا ئايلاندۇردى، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەرنى قۇرۇقدىدى ۋە يەنە گېئولوگلارنىڭ دىققەت-نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان بەزى بىر قىزىقارلىق نەرسىلەرگە ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 6 ـ باپ: ئاتلانتىدا

تاكى ئاخىرقى يىللارغىچە ئاتلانتىدا تارىخى ئاجايىپ تارىخ بولۇپ كەلدى. لېكىن تەتقىقاتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ھازىرچە غۇۋا بولسىمۇ، بىزنى قارىمۇ-قارشى بولمىغان ھالدا يېزىلغان، تارىخقا ئىگە قىلدى. بىز كۈندىن-كۈنگە ئاتلانتىدا توغرىلىق قانداقتۇر بىر يېڭى مەلۇماتقا ئىگە بولۇۋاتىمىز، تېخى يېقىندىلا ئاتلانتىدانىڭ رىۋايەت ئەمەسلىكىنى ئىشىنەرلىك ھالدا ئىسپاتلايدىغان يازما مەنبەلەر پەيدا بولدى. ئاتلانتىدا شىمالى ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىدىن شەرقتە، ياۋروپادىن غەربتە، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت. ئاتلانتىدا بىر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئۇلۇق يەرنىڭ قەدىمىي تارىخىنى يورۇتۇشتا ھېنرىخ شلىماننىڭ تىنىمسىز پائالىيىتى چوڭ رول كۆيۈندى، ئاتلانتىدانىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى پاكىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئېنىقلاش شەرىپى موشۇ ئالىمغا مەنسۇپتۇر.

مىلادىدىن تۆرت يۈز يىل ئىلگىرى، ئەپلاتون ئۆز زامانىسىدا مىسىرلىق كاھىنلار تەرىپىدىن ئافىنالىق سولونغا ئېيتىلغان سۆزلەرنى دۇنياغا ئاشكارىلىدى: «سىلەرنىڭ دۆلەتىڭلارنىڭ ئۇلۇق ئىشلىرىدىن بىرى بار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇقۋارلىقى ۋە جەسۇرلىكى بىلەن ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ دۆلەتىڭلار ئاتلانتىك ئوكياندىن يولغا چىقىپ، پۈتكۈل ياۋروپا ۋە ئاسىيانى ئىشغال قىلىشقا ئاتلانغان سانسىز ھەربى كۈچلەرنىڭ شىددىتىگە چەك قويغان ئىدى. بۇ قۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ كۆلىمى بويىچە ئاسىيا بىلەن لىۋىيەنى قوشۇپ ھېساپلىغاندىنمۇ چوڭ بولۇپ، ئۇ يەردىن شۇ دەۋردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ باشقا ئاراللارغا بېرىشى،ھەمدە ئۇ ئاراللاردىن قارشى تەرەپتە تۇرغان پۈتكۈل قۇرۇقلۇققا يېتىشۋېلىشى ئوڭاي ئىدى.




ئاتلانتىدانىڭ جايلاشقان ئورنى

بۇ قۇرۇقلۇقنى شۇنداق نامغا مۇناسىپ بولغان ئوكيان ئوراپ تۇراتتى. ئاتلانتىدا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قۇرۇقلۇقتا پادىشالارنىڭ ئۇلۇق ۋە ھەيران قىلىشقا مۇناسىپ ئىتتىپاقى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى پۈتكۈل قۇرۇقلۇقتا، ۋە باشقا كۆپلىگەن ئاراللارغا تارقالغان ئىدى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، بوغۇزنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇلار مىسىرنى، لىۋىيەنى ۋە تىررېنىيەگىچە بولغان ياۋروپانى ئىگىلىدى.مانا شۇ قۇدرەتلىك كۈچ سىلەرنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ يەرلىرىمىزنى ۋە ئومۇمەن بوغۇزنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئەللەرنى بىر زەربە بىلەن قۇللۇققا مۇپتىلا قىلىش ئۈچۈن تاشلانغان ئىدى. شۇ چاغدا سولون، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى ۋە كۈچىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئاجايىپ نامايەن قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە ھەر بىر ئىشتا تەجرىبىلىكلىكى بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغان ھالدا، ھە دېگەندە ئېللىنلارنىڭ بېشىدا بولدى، لېكىن ئىتتىپاقداشلارنىڭ خائىنلىقىدىن ئۆزلىرى يالغۇز قالدى. شۇنداق يالغۇزلۇقتا ناھايىتى چوڭ خەۋپلەرگە دۇچار بولدى. لېكىن بەربىر باسقۇنچىلارنى يېڭىپ غالىبىيەت قازاندى. تېخى بېسىۋېلىنمىغان خەلقلەرنى قۇللۇق خەۋپىدىن قۇتۇلدۇردى، گېراكل تۈۋرۈكلىرىنىڭ بۇ تەرىپىدە ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىجاناپلىق بىلەن ئازات قىلدى. لېكىن كېيىنىرەك مىسلىسىز يەر تەۋرەشلەر ۋە سۇ تاشقىنلىرى ۋاقتى كەلگەن چاغدا، دەھشەتلىك بىر كۈن ئىچىدە سىلەرنىڭ پۈتكۈل ھەربىي كۈچىڭلار يېرىلغان يەرگە كىرىپ كەتتى، ئاتلانتىدا ھالاكەت گىرداۋىغا چۆكۈپ، غايىپ بولدى».

«ئاتلانتىدانىڭ ئاساسىنى سالغۇچى پوسېيدون بولغان. ئۇنىڭ شەرىپىگە سېلىنغان ئىبادەتخانا مەۋجۇت ئىدى. ھەر بەشىنچى ۋە ئالتىنچى يىلى ئۇ يەرگە ئادەملەر توپلىناتتى ۋە بۇقىلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىغا ئويۇپ يېزىلغان مۇقەددەس يېزىقلارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن قەسەم بېرەتتى».

پلۇتارخ ئۆزىنىڭ «سولوننىڭ ھايات پائالىيىتى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق يازغان:«سولون مىسىرنى زىيارەت قىلغان چاغدا(مىلادىدىن

600 يىل ئىلگىرى) سائىسنىڭ كاھىنى سۇكفىس ۋە گېلىئوپولنىڭ كاھىنى پسېنوفىس ئۇنىڭغا توققۇز مىڭ يىل ئىلگىرى ئاتلانتىدانىڭ ھالاكىتى ئاقىۋىتىدە ھاسىل بولغان ئىنتايىن نۇرغۇن مىقداردىكى لاتقىدىن دېگىز سۈيىنىڭ تارتىلىپ كېتىشى ۋە ئاتلانتىدانىڭ نېرىسىدىكى يەرلەردە بولغان يەر تەۋرەشلەر ۋە سۇ تاشقىنلىرى ئاپەتلىرىدىن مىسىرلىقلارنىڭ غەربتىكى يەرلەر بىلەن ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن».

سولون مىسىرنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 600 - يىلى زىيارەت قىلغان. ئاتلانتىدا ئۇنىڭدىن 9 مىڭ يىل ئىلگىرى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن. ئېرامىزنىڭ ئۆتكەن ئىككى مىڭ يىلىنى، 9000 ۋە 600 يىللارغا قوشايلى، شۇنداق قىلىپ ئاتلانتىدا ئون بىر يېرىم مىڭ يىل ئىلگىرى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن. لېكىن تۆۋەندە مەن ئاتلانتىدانىڭ خېلى ئۇزاققىچە ئۆزىنىڭ ھازىرقى دەرىجىسىگىچە چۆكمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن. مەن قەدىمىي يۇنان مەنبەسىنى تاپتىم، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئاتلانتىدا ھالاك بولغان مەزگىلدە ئۈچ مىڭ ئافىنا جەڭچىسى ئاپەتكە ئۇچراپ ھالاك بولغان. پوسېيدون ئاتلانتىدانىڭ دەسلەپكى پادىشاسى بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى پوسېيدونلار سۇلالىسى ئۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان مىسىرنىڭ پاپىرۇس قەغىزىگە يېزىلغان قوليازما مەۋجۇت. پوسېيدوننىڭ تاجى ئۈچ چىشلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۈچ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ رەمزى، ئۇنىڭ سەلتەنەت ھاسىسى (سەۋلىجان) ئۈچ چىشلىق ئىدى، بۇ ئۇنىڭ مۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ چىشلىق سەلتەنەت ھاسىسى بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل مۇقەددەم قوللىنىلغان ئۇيغۇر سەلتەنەت ھاسىسىنىڭ بىر تۈرى، كېيىنرەك ئۈچ چىشلىق سەلتەنەت ھاسىسى كامبودژا كېخمېرلىرىدا بولغانلىقى بايقالغان. لي پلونجو يۇكاتاندا مۇنداق مەزمۇندىكى يېزىقلارنى ئۇچراتقان: «ئاتلانتىداغا دەسلەپكى كۆچۈپ كەلگۈچىلەر مايالار

بولغان». «ئاتلانتىدا يەر تەۋرەشلەردىن پارچە-پارچە بولۇپ بېرىلىپ، ئاندىن سۇغا چۆكۈپ كەتكەن». بۇنىڭ بىلەن ئاتلانتىدا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەقدىرىنى تەكرارلىدى.

قەدىمىي ترويادا قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن مەشھۇر ھېنرىخ شلىماننىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، «روسسىيەدە، سانكت-پېتېربۇرگ مۇزېيلىرىنىڭ بىرىدە، ئەڭ قەدىمىي پاپىرۇس ئوراملىرىنىڭ (قولىيازمىلار) بىرى بار. ئۇ ئىككىنچى سۇلالىدىكى فىرئەۋن دەۋرىدە يېزىلغان. پاپىرۇستا يېزىلىشىچە، فىرئەۋن سېنت ئاتلانتىدا مەملىكىتىنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن غەربكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن 3350 يىل ئىلگىرى ئاتلانتىدادىن مىسىرلىقلارنىڭ ئەجداتلىرى كەلگەن، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ پۈتكۈل ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىلار بەش يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن، ئۇلار غايىپ بولغان يەرنىڭ سىرىنى ئېچىشقا ئاچقۇچ بولۇشى مۇمكىن بولغان ئادەملەرنىمۇ، بىرەر نەرسىنىمۇ تاپالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان». «يەنە شۇ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان، مىسىرلىق كاھىن تارىخچى مانېفون تەرىپىدىن يېزىلغان پاپىرۇستا، ئاتلانتىدا دانالىرىنىڭ (پادىشالىرىنىڭ) 13900يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرى توغرىلىق خەۋەر قىلىنىدۇ. بۇ پاپىرۇسنىڭ مەلۇماتىغا مۇۋاپىق، ئاتلانتىدا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى مىسىر تارىخىنىڭ ئەڭ بېشىغا، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ».

بۇ پاپىرۇستا ئەسكە ئېلىنىدىغان دانىشمەنلەر، ئاتلانتىدانىڭ پادىشالىرى بولغان. ئۇلار 13900 يىل داۋامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئاتلانتىدا 11500يىل ئىلگىرى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭدىن 25400 يىل ئىلگىرىلا ئاتلانتىدانى پادىشا باشقۇرغان، يەنى ئۇ يەردە پادىشالىق تۈزۈمى بولغان.

دوكتور شلىمانىغا ئاتلانتىداغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەشھۇر تېپىلمىلار تەئەللۇق، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى كېيىنىرەك نەۋرىسى پائۇل

شلىمان تەرىپىدىن ئىلان قىلىنغان: «مەن 1873 - يىلى ترويا خارابىلىرى جايلاشقان گىسسار ئېگىزلىكىدە قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپ، ئىككىنچى شەھەردە پرىئامنىڭ مەشھۇر غەزىنىسىنى بايقىدىم، مەن ئۇنىڭ ئارىسىدىن ناھايىتى يوغان غەلىتە تۇچ لوڭقىنى تېپىۋالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە كىچىك كوزا، ئالاھىدە مېتال ئېرىتمىسىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل ھەيكەللەر ۋە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار بار ئىدى. بۇ بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى ۋە تۇچ لوڭقا فىنىكى يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان ‹ **ئاتلانتىدانىڭ پادىشاسى كرونوستىن**› دېگەن خەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. پرىئامنىڭ بايلىقلىرى ئارىسىدا شۇنداقلا ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن، ھۇقۇشنىڭ(مۇشۇكياپىلاق) بېشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن لوڭقىمۇ بولغان.

لۇۋردىكى، تىئائۇئاناكو(جەنۇبى ئامېرىكا)بۇيۇملىرى توپلىمىدا،مەن پرىئام غەزىنىلىرى ئارىسىدىن تاپقان لوڭقىغا ئوخشاش بولغان يەنە بىر لوڭقا بار. جەنۇبى ئامېرىكا ۋە ترويىغا ئوخشاش بىر-بىرىدىن شۇنچىلىك يىراق يەرلەردە مۇنداق ماس كېلىش توغرىلىق ئويلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق،بىر-بىرىدىن يىراق جايلاردا بىر كۆلەمدىكى،ئوخشاش شەكىلدىكى، شۇنداقلا سىرلىق ھۇقۇشنىڭ بېشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىككى لوڭقىنىڭ تەييارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس».

شۇنداقلا پرىئام غەزنىلىرى ئارىسىدىن: « ئاتلانتىدا پادىشاسى كرونوستىن» دەپ يېزىلغان قاناتلىق شىر بەدەن ئادەم ھەيكىلى تېپىلغان ئىدى.

مېنىڭ پىكرىمچە، بۇ خەت كىمگە تەئەللۇق، دېگەن سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ تامامەن روشەن. ئۇ ئاتلانتىدا بىلەن ماياكس ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ قاناتلىق شىر بەدەن ئادەم ئەتىمالىم، ئايال پادىشا موئو شەرىپىگە ئورنىتىلغان مايا ھەيكەلتاراشلىق تۇركۇمىنىڭ بىر ئېلېمېنتى بولسا كېرەك. ئايال پادىشا موئونىڭ توتېمى توتى قۇش ماكائو ئىدى. شىر بەدەن ئادەم ھەيكىلى ماياكستا ئايال

پادىشا موئونىڭ ئىپرى شاھزادە كونىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان. شاھزادە كونىڭ توتېمى قاپلان ئىدى. شاھزادە شەرىپىگە ھازىر مېخىكونىڭ مىللىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئۆلۈۋاتقان قاپلاننىڭ ھەيكىلى ياسالغان.

كرىت ئارىلىدىكى شىرلار دەرۋازىسى ھەققىدە ھېنرىخ شلىمان مۇنداق دەيدۇ: «مىسىرلىقلار مىسوردىن كېلىپ چىققان. مىسورنىڭ دادىسى تارىخ ئىلاھى توت ئىدى. توت ئاتلانتىدالىق كاھىننىڭ ئوغلى، ئۇ پادىشا كرونوسنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قېلىپ، قېچىپ كېتىدۇ ۋە ئۇزاق ۋاقىت سەرسانلىقتىن كېيىن مىسىردا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ سائىستا بىرىنچى ئىبادەتخانىنى سالىدۇ ۋە ئۇ يەردە ئۆز ۋەتىنىنىڭ دانالىقلىرىنى ئۆگىتىدۇ». بۇ پاكىتتىن بىز بىرىنچىدىن، تۆۋەنكى مىسىرنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنىڭ كىم بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز، ئىككىنچىدىن توتنىڭ رىۋايەتتىكى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ بىر ۋاقىتلاردا ياشىغان شەخس بولغانلىقىنى ئېنىقلىۋالىمىز.

ترويان قولىيازمىسىغا مۇۋاپىق، نىل دەرياسىنىڭ بويىغا دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەنلەر مايالار ئىدى. لېكىن بۇ ئادەملەر ئاتلانتىدادىن كەلگەنلىكتىن، ئاتلانتىدانىڭ ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى مايالار بولغان.

يۇنان پەيلاسوپى ئورفېي مۇنداق دەپ يازغان: «خالدېيىدا مىسۇرنىڭ بىر تۇققان سىڭلىسى، پوسېيدوننىڭ قىزى، دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنىڭ ۋە لۇۋىيەنىڭ پادىشاسى...» بەزىبىر مۇئەللىپلەر بۇ ئۆزۈندىدىكى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنى ۋە غەربى يەرلەرنى بىر دەپ قارىغان، بۇنىڭدىن ئورفېينىڭ ئاتلانتىدانى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقى دەپ قارىغانلىقى ئېنىق.

ئۆز بايانىمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، مەن بۇ كامچىلىقنى تۈزىتىمەن. سولونغا مىسىر كاھىنلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: «بۇنىڭدىن توققۇز مىڭ يىل ئىلگىرى مىسىرلىقلارنىڭ غەربتىكى يەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئاتلانتىدانىڭ (يەنى«دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنىڭ») ھالاك بولۇشى

ئاقىۋىتىدە ھاسىل بولغان ئىنتايىن نۇرغۇن لاتقىدىن دېڭىز سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئۇزۇلۇپ قالغان ئىدى». شەرق ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرىدە بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل مۇقەددەم يېزىلغان ئاتلانتىدانىڭ كەڭ كۆلەملىك تارىخى بار.

مەن ئەندى ئاتلانتىدا توغرىلىق بايان قىلىدىغان يۇنان، مايا ۋە مىسىر مەنبەلىرىدىن نەقىل كەلتۈرمەيمەن. تۆۋەندە مەن ھازىرغىچە ھېچ كىم بايان قىلىشقا ئىنتىلمىگەن ئاتلانتىدانىڭ گېئولوگىيەلىك تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، مېنىڭچە ئۇ ھەر قانداق يازمىلاردىن كەم بولمايدىغان ئىشەنچلىك گۇۋالىق بولىدۇ.

**ئاتلانتىدانىڭ گېئولوگىيەلىك تارىخى** ، ئالدى بىلەن مەركىزى ئاسىيانىڭ بېرىش ناھايىتى قىيىن بولغان ۋادىلىرىنىڭ بىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، ئۇ يەردىن براخماپۇترا دەرياسى تارماقلىرىنىڭ بىرى ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئاساسى تاغ ھالقىسى ئېتەكلىرىنىڭ بىرىدە چوڭ بىر مۇناستىر بار. بۇ مۇناستىردا ئۆز تۇرلىرى بويىچە توپلارغا ئايرىلغان ئىنتايىن نۇرغۇن قەدىمىي تاش پۈتۈكچىلەر ساقلانماقتا. ئەنە شۇنداق توپلارنىڭ بىرى گېئولوگىيە ۋە تارىخقا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىنسان ئايىقى تېخى يەرگە قەدەم تاشلىمىغان دەۋرلەرنى بايان قىلىدۇ، بۇ يەردە ئاتلانتىدانىڭ تەپسىلى تارىخى بايان قىلىنغان، بۇ پۈتۈكچىگە تەخمىنەن كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئىككىدە ئىككى فۇتلۇق كۆلەمدىكى خەرىتە قوشۇمچە قىلىنغان. خەرىتىدە ئاتلانتىدا كۆرسىتىلگەن، ئاتلانتىك ئوكيانىنى چېگرا قىلىدىغان قىتئەلەرنىڭ كۆرسىتىلىشى ھازىرقى خەرىتىلەردىكىگە قارىغاندا خېلى پەرىقلىنىدۇ. بۇ تارىختىن ماڭا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلغان يېرىنى نەقىل كەلتۈرىمەن: « ئاتلانتىدا ئىلگىرى ئارال ئەمەس ئىدى. يىراق ئۆتمۈشتە، يەر يۈزىدە تېخى ئىنسانلار بولمىغان دەۋرلەردە، يەردە غايەت يوغان ھايۋانلار بولغان، دېڭىزدا بولسا يىرگىنىشلىك مەخلۇقلار تولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئاتلانتىدا، ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرى بىر تۇتاش ئىدى. ناھايىتى كۈچلۈك ۋۇلقان پارتلاش ئاپەتى يۈز بېرىپ،

ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاتلانتىدادىن ئامېرىكا ئايرىلىپ چىقىدۇ ۋە كۆپلىگەن ئاراللار ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن ئاتلانتىدانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ۋۇلقان پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. يەر يۈزىدە دېڭىز پەيدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتلانتىدا بارلىق تەرەپلىرى سۇ بىلەن قورشالغان چوڭ ئارالغا ئايلىنىدۇ». مەن بۇ قەدىمىي باياندىن بۇ ئۈزۈندىنى كەلتۈرۈپ، كىتابخانغا توپا بېسىپ كەتكەن كونا گەمىلەرنى ئاختۇرۇپ،ئۇنىڭدىن نىمە تېپىۋالدىغىنىڭنى بىلمەيسەن دېمەكچىمەن.

بۇ چوڭقۇر سۇدا بىلىق تۇتۇشنى ئەسلىتىدۇ، قارمىقىڭغا نىمە چۈشىدىغانلىقىنى ھېچ قاچان ئالدىن-ئالا بىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. بۇ تازا تەۋەككۇلچىلىك. نىمە قارماققا چۈشسە شۇنى تارتىپ چىقىرىسەن. خۇددى شۇنداقلا قاراڭغۇدا، توپا-چاڭ ئارىسىدىن نېمىدۇر قاتتىق بىر نىمىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئېلىپ چىقىسەن.

ئەندى ئاتلانتىدانىڭ ھالاكىتى بىلەن بىۋاستە باغلىق بولغان گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەرگە مۇراجەت قىلىمىز.

بىرىنچى، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالى قىسمىنىڭ تېگىدە كام ئۇچرايدىغان بىر خىل تەبىئىي ھالەت شەكىللەنگەن. ئۇ يەردە ئىنتايىن چوڭ سۇ ئاستى تېغى بولۇپ، ئۇنى بىر نەچچە قىسقا سۇ ئاستى تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ تاغ دېلفىن دۆڭگى نامى بىلەن مەلۇم. ئۇ شىمالى كەڭلىكتىكى 25 ۋە 50 گرادۇسلار ۋە غەربى ئۇزۇنلۇقنىڭ 20 ۋە 50 گرادۇسلىرى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئازور ئاراللىرى سۇ ئاستى تاغلىرىنىڭ چوققىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ سۇ ئاستى تېغىنىڭ چېگراسىنى بويلاپ بىر نەچچە يەردە تىك دەزلەر، ياكى ئېگىزلىكى مىڭ فۇتلۇق تاملار بار، ئۇلار ئۆگزىسى غۇلاپ چۈشكەن، قۇرۇق تاملىرى قالغان ئۆينى ئەسلىتىدۇ. بۇ چېگرانىڭ قالغان قىسمى بولسا تىك چوققىلارنى ئەسلىتىدۇ، گويا تۇرۇس ئۈچ تەرەپتىن غۇلاپ چۈشۈپ، پەقەت ئۇنىڭ بىر چېتىلا تامغا تايىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئەنە شۇنداق تاملارنىڭ بىرى غەربتىن ئالتە يۈز مىل يىراقلىقتا، ئىرلاندىيەدىن سەل جەنۇپ تەرەپتە تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئوكياننىڭ تېگى تۇيۇقسىزلا مىڭ فۇت تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇنى مەن ئىرلاندىيە تېمى دەپ ئاتايمەن. يەنە شۇنداق بىر تام كارىب دېڭىزىنىڭ چېتىدە تۇرىدۇ. (113-بەتتىكى خەرىتىگە قاراڭ) خەرىتىدە بەلگىلەنگەن نىيۇفائۇندلېندنىڭ تېيىز جايلىرىدىن جەنۇپتا، تىك چېدىرىنى ئەسلىتىدىغان يەنە بىر يانتۇلۇق سوزۇلغان. كارىب دېڭىزىنىڭ تېگىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. بۇ يەر گويا ئۆز ۋاقتىدا يەر ئاستىدا يەرنى سۇ ئۈستىگە ئىرەپ تۇرغان، ئۇزۇن تاغاق شەكىللىك، چىشلىرى ئاتلانتىك ئوكيان تەرەپكە قارىتىلغان قوزۇق تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. كېيىن بۇ قوزۇق يىقىلغان ۋە يەر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ، قوزۇقنىڭ چىشلىق تەرىپىدە ئۇزۇن ۋە كەڭ كەمسۇلۇق يەرلەر قالغان.

سۇ ئاستى تېغى (دېلفىن دۆڭى) ئەمەلىيەتتە ياپىلاق، بەزىدە ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئويمانلار ۋە تىك جايلار ئۇچرايدۇ، سۇ ئاستى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، مۇنداق جايلار توقۇنۇشقان ۋە ئاررىلىشىپ كەتكەن قىيا تاش ماسسىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. هازىرغىچە ماڭا گېئولوگىيەلىك قاتلاملارنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىنى ۋە ئارىلىشىپ كېتىشىنى ھەمدە تەكشىلىكىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدىكى چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ چۈشۈشىنى سىلىشتۇرۇشقا توغرا كەلمىگەن ئىدى. پۈتكۈل دۇنيادا كام دېگەندە غۇلاپ چۈشكەن قىيا تاش قاتلاملىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىمۇ قايتا كۆتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق غۇلاش ۋە بىر بىرى بىلەن ئۇرۇلۇش پەقەت چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش نەتىجىسىدىلا يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار ھازىر شىمالى ئاتلانتىك ئوكياندا بايقىلىۋاتقانلار بىلەن ناھايىتى ماس كېلىدۇ، يەر تارىخىنىڭ قايسىدۇر بىر دەۋرىدە ، ناھايىتى قۇدرەتلىك ۋۇلقان پارتلاش جەريانلىرى ئوكيان تېگىنىڭ توپوگرافىيەسىنى خېلىلا ئۆزگەرتىۋەتكەن. مېنىڭ نوۋەتتىكى

قەدىمىم ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالى قىسمىدا مۇنداق جەريانلارنى پەيدا قىلغان سەۋەپلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرى** 108 ـ بەتتىكى خەرىتىدە مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كىچىك ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرى كۆرسىتىلگەن. چەمبەرنىڭ ئىككى بۆلۈمى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، تىنچ ئوكيان ئاستىدىن شەرقى يۆنىلىشكە سوزۇلۇپ، ئاخىرى يۇكاتانغا ۋە مەركىزى ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە مەزكۇر چەمبەرنىڭ ھەر ئىككى ئاساسى تارمىقى ئۆز نوۋىتىدە پاراللېل تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. شىمالى تارماق يۇكاتان ئاستىدىن، جەنۇبى تارماق بولسا گۋاتېمالا ۋە گوندۇراس ئاستىدىن ئۆتىدۇ.ئامېرىكا قىتئەسى دائىرىسىدىن چىقىپ، ئۇلار ۋېست ـ ئىندىيە ئاراللىرى ئاستىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ يەردە تارماقلار يەنە قوشۇلىدۇ ۋە ئىككى چوڭ يولنى ھاسىل قىلىدۇ. شىمالى يول ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدىن ئازور ئاراللىرىغا ئۆتىدۇ. بۇ يەردە ئۇ نەچچە پاراللېل تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئازور ئاراللىرىدىن چىقىپ ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ئاستىدىن ياۋروپاغا كىرىدۇ. جەنۇبى يول ۋېست ـ ئىندىيە ئاراللىرىدىن كانار ئاراللىرىغا بارىدۇ، ئۇ يەردە پاراللېل تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ ۋە ئاتلاس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ماراكەش ئاستىدىن ئافرىقىغا كىرىدۇ.

چوڭ مەركىزى گاز چەمبەرلىرىنىڭ تارماقلىرى بىر مەزگىلدە ھاسىل بولغان ئەمەس، جەنۇبى تارماق شىمالى تارماقتىن ئىلگىرى ھاسىل بولغان. ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدا قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا بولۇشىمۇ ئوخشاش ئەمەس.جەنۇبى تارماق مىگلىغان فۇت، ھەتتا بىر نەچچە مىل چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان.بۇتارماقلارنىڭ چوڭقۇرلۇق پەرقى شۇ پاكىت بىلەن ئىسپاتلىنىدۇكى، ئاتلانتىدا بىرىنچى قېتىم چۆككەندە شۇ دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنكى، سۇ كەتكەندە ئۇنىڭ ئورنىدا ئىنتايىن نۇرغۇن مىقداردىكى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن لاتقىلىق يەرلەر پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالى قىسمىدا




مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كىچىك ئاسىياغىچە ئۆتۈدىغان مەركىزى گاز چەمبىرى

كېمىلەرنىڭ قاتنىشى مۇمكىن بولماي قالغان. بۇ پاكىت مىسىر ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. پەقەت چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ جەنۇبى تارمىقى ھاسىل بولغاندىلا ئاتلانتىك ئوكيان ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن ۋە كېمىلەرنىڭ قاتنىشىغا يول ئېچىلغان.

بەزى جەھەتلەردە ئاتلانتىدا مۇ قۇرۇقلۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەر ئىككى قۇرۇقلۇق يېپىق گاز بوشلۇقلىرى نەتىجىسىدە سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن ھەمدەھەر ئىككىسى شەكىللىنىۋاتقان گاز چەمبىرى يولىغا جايلاشقان ئىدى. ھەر ئىككى ھادىسىدە گاز چەمبەرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئايرىم بوشلۇقلارنىڭ ھىملىقى بۇزۇلۇپ ئۇلارنىڭ پارتلىشىغا ئېلىپ كەلگەن، ھەر ئىككى ھادىسىدە قۇرۇقلۇق ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن ۋە سۇ ئاستىدا قالغان.يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرنىڭ قانچىلىك غەلىتە تۇيۇلۇشىغا قارىماي، ھەر ئىككى ھادىسىدە ئەنە شۇ گاز چەمبەرلىرى ھالاكەتنىڭ سەۋەپكارى بولغان.

بۇ گاز چەمبەرلىرىنىڭ شۇ يەردە ھاسىل بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يەرنىڭ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنلىكى شۇنى كۆرسىتىدىكى، گاز چەمبەرلىرى ھاسىل بولغان بوشلۇقلار بىلەن ئاتلانتىدا ۋە مۇ قۇرۇقلۇقى تايىنىپ تۇرغان يەر ناھايىتى قىلىن جىسىملار قاتلىمى بىلەن ئايرىلغان. ئەگەر گاز چەمبەرلىرىنىڭ بوشلۇقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بوشلۇقلار بولغان بولسا، بۇ قۇرۇقلۇقلار تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بولار ئىدى. ئاتلانتىدا بىلەن مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاستى شەكىللىنىۋاتقان گاز چەمبەرلىرىدىن چىقىۋاتقان گازلارنى توختۇتۇپ قېلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە قېلىن قوم-تاش جىسىملىرىغا ئىگە بولغىنىدا، قۇرۇقلۇقلار چۆكۈپ كەتمەستىن، ئەكسىنچە بۇ يەردە تاغ چوققىلىرى كۆتۈرۈلەتتى.

گېئولوگىيە ئاتلانتىدانىڭ چۆكۈپ كەتكەن ئېنىق ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە قادىر ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدا چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرى ھاسىل بولغان ۋاقىتتا قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن. لېكىن، گېئولوگىيە

كۆچ ئېلىشالمايدىغان يەردە، تارىخ ياردەمگە كېلىدۇ،تارىختا خاتىرلىنىشىچە، مىلادىدىن توققۇز يېرىم مىڭ يىل ئىلگىرى ئاتلانتىدا دېڭىز يۈزىگىچە ئۆلتۈرۈشۈپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى چوڭقۇرلۇقىغا چۆككەن. ئاتلانتىدا ئىنتايىن چوڭ قۇرۇقلۇق بولغان ۋە ئاخىرقى ھېساپتا بىر نەچچە مىڭ فۇت چوڭقۇرلۇقتا قالغان. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىشى شىمالى ئاتلانتىك ئوكياندا كۆلىمى بويىچە شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى ئويمانلىقنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەتراپتىكى سۇلار ئويمانغا ئېتىلىپ ئاقتى،ئوكياننىڭ سۇ يۈزى تۆۋەنلىدى. تەخمىنەن يەر تارىخىنىڭ موشۇ دەۋرىدە ئاپپالاچسكو-ئىسلاندىيە-سكاندىناۋىيە گاز چەمبەرلىرى ھاسىل بولىدۇ ئۇ ئامېرىكىنىڭ شەرقى شىمالىدىن باشلىنىدۇ، لابرادور ئارقىلىق كاناداغا بارىدۇ، ئۇ يەردىن ئوكيان ئاستى ئارقىلىق گرېنلاندىيەگە، ئىسلاندىيەگە، ياۋروپاغا تارتىلىپ، ئۇرال تاغلىرىغىچە بارىدۇ. بۇ چەمبەر نۇرغۇنلىغان تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى يولى خەرىتىدە چېكىتلىك سىزىق بىلەن كۆرسىتىلگەن. ئۇ ھاسىل بولغان دەۋرگىچە، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا بىر بىرىدىن ئايرىم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى كېيىن سۇغا چۆكۈپ كەتكەن يەر باغلاشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ يەر خەرىتىدە سىزىقچىلار بىلەن كۆرسىتىلگەن ۋە C،B،A ھەرپىلىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. گېئولوگىيەدە بۇ يەر «ياۋروپاغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» نامى ئاستىدا مەلۇم. تەكتىلەنگەن گاز چەمبىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى بۇ كۆۋرۈكنىڭ بىر نەچچە قىسمىغا پارچىلىنىشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە يېرى سۇ ئاستىدا قالدى.

ئاتلانتىدانىڭ ۋە قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ چۆكۈپ كېتىشى غەربى ياۋروپانىڭ ۋە شەرقى-شىمالى ئامېرىكا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئاتلانتىدانىڭ ۋە قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ چۆكۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئويمانلىققا سۇ تولۇشى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئوكيان ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ سۈيىمۇ ھاسىل

بولغان ئويمانلىقتا ئېقىپ كەتتى. بۇ خۇلاسىلارنى گېئولوگىيە ئىسپاتلامدۇ؟ سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ روشەن دەلىللىرى سۈپىتىدە تۆۋەنكى مىساللارنى كەلتۈرىمەن:

- ئامازونكا دېڭىزىنىڭ يوقاپ كېتىشى.
- مىسسىسىپى ۋادىسىنىڭ قۇرۇشى.
- مۇقەددەس لاۋرېنتىي ۋادىسىنىڭ قۇرۇشى.
- فىلورىدا يېرىم ئارىلىنىڭ پەيدا بولۇشى.
- شىمالى ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدا قىرغاق يولىنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك كېڭىيىشى. ئۇنىڭغىچە مىسسىسىپى ۋە مۇقەددەس لاۋرېنتىي ۋادىلىرى دېڭىز قولتۇقلىرى ئىدى.

يۇقىرىدا مەن گېئولوگىيە مېنىڭ خۇلاسىلىرىمنى ئىسپاتلايدۇ دېگەن ئىدىم. شۇنداق، لېكىن تامامەن ئەكسىچە ئىسپاتلايدۇ. بىچارە گېئولوگىيە ھەر دايىم ھارۋۇنى ئاتنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەلگەنغۇ.

گېئولوگىيەدە «يەر تارىخىنىڭ مۇز دەۋرىدىن كېيىن شىمالى ئامېرىكا ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك تارايغانلىقى ۋە قىتئەنىڭ غەربىي قىرغىقىدا مۇنداق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى» ئەكتىلىنىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، گېئولوگلار مۇنداق خۇلاسىلارنى شىمالى ئامېرىكىنىڭ شەرقىدە بايقالغان قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى كۆپلىگەن دېڭىز قىرغاقلىرى ئۇچاستكىلىرىغا ئاساسلىنىپ چىقارغان بولسا كېرەك. گېئولوگىيەدە ئۇلار شامپلېين قىرغاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. گېئولوگىيەلىك شامپلېين دەۋرى پلېيستوتسېن دەۋرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. پلېيستوتسېن دەۋرىدە گاز چەمبەرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى، چوڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ چۆكۈپ كېتىشى ۋە بەزى يەرلەرنىڭ قۇرۇقلۇققا ئايلىنىشى يۈز بەرگەن. شامپلېين قىرغاقلىرى تامامەن قۇرۇقلۇقنىڭ كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان، دەپ گېئولوگلار خاتالىشىدۇ. بۇ قۇرۇقلۇقلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئىككى ئامىلنىڭ ھەرىكىتى بىلەن شەكىللەنگەن، ئوكيان سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن گاز

چەمبەرلىرىنىڭ شەكىللىنىشلىرى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ۋۇلقان پارتلاشلىرى قۇرۇقلۇقنىڭ كۆتىرىلىشىگە ئېلىپ كەلدى.

**كانار ئاراللىرى** كانار ئاراللىرى چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ جەنۇبى ئاتلانتىكا تارمىقى ئۈستىگە جايلاشقان. ئۇلار ئافرىقىنىڭ غەربى-شىمالىدىن 120-60 مىل ئارىلىقتا، گاز چەمبەرلىرى ئافرىقا قىتئەسى ئاستىدىن ئۆتۈدىغان ماراكەش تەۋەسىدىكى جاينىڭ قارشى تەرىپىگە جايلاشقان.

كانار ئاراللىرى ۋۇلقان پارتلاش جەريانلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلاردا ئىنتايىن چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ يەردە قەدىمىي ۋە ياش ۋۇلقان ئېغىزلىرى ناھايىتى كۆپ. مەن قەدىمىي ۋۇلقان ئېغىزلىرى دەپ گاز چەمبەرلىرى ھاسىل بولغىچە مەۋجۇت بولغانلارنى ۋە ھېچقاچان گاز چەمبەرلىرى بىلەن قوشۇلمىغانلارنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن. بۇ ۋۇلقان ئېغىزلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاتلانتىدانىڭ چۆكۈپ كېتىشى توغرىلىق گۇۋالىق قىلالايدۇ. كانار ئاراللىرىدا تېنېرىفې تېغى ئەڭ مەشھۇر ۋۇلقان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭ قارلىق چوققىسى 12 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتە قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن ماڭا باشقا ئىككى ۋۇلقان، پالما ئارىلىدىكى گران-كالدېرا ۋە گران كانارىيە ئارىلىدىكى گران-كالدېرا دې بانداما ۋۇلقانلىرى قىزىقارلىق.

تېنېرىفې چوققىسى، گاز چەمبىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ياش ۋۇلقان ئېغىزى. ئەندى تېنېرىفې ئارىلىدىكى ۋۇلقان ئېغىزلىرىنىڭ بىرى چاخوررا بولسا سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەدىملىكى توغرىلىق ئىسپاتلار قانچىلىك كۆپ بولسا، يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق ئىسپاتلارمۇ شۇنچىلىك كۆپ. مەن ئۇنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا پارتلىغانلىقى ھەققىدە بىرمۇ يازما مەنبەنى تاپالمىدىم. تېنېرىفې ئارىلىنىڭ غەربى – شىمالىدىن 50-60 مىل يىراقلىقتا پالما ئارىلى تۇرىدۇ. بۇ ئارالدا گران – كالدېرا دەپ ئاتىلىدىغان ۋۇلقان ئېغىزى بار. ئۇ شۈبھىسىز قەدىمىي ۋۇلقانلار قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ھېچقاچان بىرەر گاز چەمبىرى بىلەن باغلاشمىغان. بۇ ماڭا




## كانار ئاراللىرى

رەسىمدە: گران-كالدېرا، پالما ئارىلى، لانساپوتې ئارىلى، تېنېرىفې ئارىلى، گومېرا ئارىلى، ئېئېررو ئارىلى، گران-كاناربيه ئارىلى، فۇئېرتېۋېنتۇرا ئارىلى، چاخوررا، تېنېرىفې چوققىسى، گران-كالدېرا دې بانداما .

مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ ۋۇلقان ئېغىزى. ئۇز دىئامېترى بويىچە ئۇ تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى بارلىق ۋۇلقانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھاۋايدىكى كىلائۇئېئا ۋۇلقانىنىڭ دىئامېترى ئۈچ مىل بولسا، گران-كالدېرا ۋۇلقانىنىڭ ئېغىزى 4-5 مىلنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ۋۇلقان ئېغىزىنىڭ چوڭقۇرلۇغى 6500-7000 فۇت كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىگىنى تەكشۈرۈش ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۈنچىلىك چوڭقۇر بولمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئېنىقلانغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇنداق چوڭقۇرلۇق بىردىنلا ھاسىل بولمىغان، بەلكى پەيدىن-پەي ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن بولغان. مېنىڭچە، گاز چىقىش توختىغاندا، ۋۇلقانىنىڭ ئەتراپى يىغىلغان،ئەمما ئۇنىڭ ئېغىزى ئانچىمۇ ھېم يېپىلمىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋە يەر تەۋرەشلەر نەتىجىسىدە بۇ ئېغىزدىكى جىسىملار چىڭدىلىپ ئۆزىنىڭ ھازىرقى چوڭقۇرلىقىغىچە چۆككەن. ئۇ ۋۇلقانىنىڭ كۆچلۈك بېسىمى بىلەن ئېغىزىدىن گاز چىقىشى ئاقىۋىتىدە ھاسىل بولغانلىقتىن، مېنىڭچە بولغاندا، ئاتلانتىدا ئاستىدىن گازنىڭ چىقىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىگە تۈرتكە بولغان. باشقىچە ئېيتساق پالما ئارىلى بىر چاغلاردا ئاتلانتىدانىڭ بىر قىسمى بولغان.

پالما ئارىلىدىكى يەرلىك تۇرغۇنلاردا گران-كالدېرا ۋۇلقانى ۋە تېنېرىفې چوققىسى توغرىلىق رىۋايەتلەر ساقلانغان، ئۇنى موشۇ پاكىتنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل دەپ ھېساپلاش مۇمكىن. رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دەھشەتلىك ۋۇلقان پارتلاش ۋاقتىدا گران-كالدېرا غەزەپلىنىپ، تېنېرىفې چوققىسىنى يۇقىرىغا ئاتتى». مۇنداق رىۋايەتنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق پەرەز قىلىش مۇمكىن.

گاز چەمبىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن يۈز بەرگەن ئىنتايىن زور ۋۇلقان پارتلاش جەريانلىرى ۋاقتىدا، تېنېرىفې چوققىسى تۇرغان يەر بىۋاستە گاز چەمبىرى شەكىللىنىۋاتقان جايغا توغرا كەلگەن.دەل موشۇ جايدا يەر پوستى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان. چوققا كۆتىرىلگەندە بۇ يەر يېرىلىپ، گازنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت بەرگەن.

ئەندى 40-50 مىل چەتتە تۇرغان گىران-كالدېرا ۋۇلقانى بولسا شەكىللىنىۋاتقان گاز چەمبەرلىرى بىلەن ئالاقىسىز. تېنېرىفى ئارىلىنىڭ شەرقى-شىمالىدىن 40 مىل يىراقلىقتىكى گىران-كانارىيە ئارىلىدا بىر قەدىمىي ۋۇلقان بار. ئۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى ئارانلا بىر مىلنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ گىران-كالدېرادىي باندااما دەپ ئاتىلىدۇ. كانار ئاراللىرىنىڭ بارلىق باشقا ۋۇلقانلىرى ياش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ ۋە گاز چەمبەرلىرى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن.

**ئازور ئاراللىرى** ئازور ئاراللىرى ئاتلانتىك ئوكياندا ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ تاقىم ئاراللارنىڭ ئاستىدىن چوڭ مەركىزى گاز چەمبەرلىرىنىڭ شىمالى تارمىقى ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاراللار موشۇ گاز چەمبەرلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. ئاراللار سۇ ئاستى تاغلىرىنىڭ دېڭىزيۈزىدىن كۆتىرىلگەن چوققىلىرىدىن ئىبارەت. دەسلەپكى گاز بوشلۇقىنىڭ پارتلىشى ئاتلانتىدانىڭ چۆكۈپ كېتىشىگە ئېلىپ كەلگەندە، بۇ يەرمۇ شۇنداقلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. ئەندى گاز چەمبەرلىرى شەكىللەنگەن چاغدا بولسا بۇ يەر قاتلىمى تاغقا ئايلىنىپ، سۇ ئۈستىگە كۆتىرىلگەن. ئازور ئاراللىرىنىڭ ئاتلانتىدا بىلەن بىر چاغلاردا باغلىق بولغانلىقىنىڭ پەقەت بىرلا بەلگىسى بار، بۇ فۇرنا دې فۇرنائو غارى، بۇ بوشلۇق ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن قەدىمىي ۋۇلقان ئېغىزىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت. مەندە مۇنداق ئىلمى پەرەز پەيدا بولدى: بۇ ۋۇلقان ئاتلانتىدا ئاستىدا تۇرغان گاز چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ بىرى بولغان. گاز چىقىپ بولۇپ بوشلۇقنىڭ ئۈستى غۇلاپ چۈشكەندە، ئۇ پۈتكۈل زىمىن بويىچە تولۇقى بىلەن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. مۇنداق ھالەتتە ۋۇلقان ئېغىزى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. (1-رەسىم)گاز چەمبىرى شەكىللەنگەندە گاز قارشىلىق ئەڭ ئاز بولغان يەردىن ئېتىلىپ چىققان (1d). aئۇچاستكىسىنىڭ يۈزى شۇنىڭدىن كېيىن 2d ھالىتىگە كۆتىرىلگەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ۋۇلقان ئېغىزى (1-رەسىمدىكى 1b) تىك ھالىتىدىن گورىزونتال ھالەتتە

www.uyghurkitap.com

غۇلايدۇ (2-رەسىم 2b). مۇنداق ئەھۋالدا بۇ ۋۇلقان ئېغىزى غارغا ئايلىنىدۇ.

مەن ئۆزەمنىڭ گېئولوگىيەلىك بايانىمدا پەقەت يۇزە مەسىلىلەرگىلا توختالدىم. تەپسىلى بايان قىلىش ناھايىتى نۇرغۇن ئورۇننى ئىگىلىگەن بولار ئىدى. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار گېئولوگىيە ئاتلانتىدانىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش ئۇچۇن يېتەرلىك دەپ ھېسابلايمەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 7ـ باپ: غەربى ياۋروپا

**سكاندىناۋلار** ياۋروپادا ئىنسانلار دەسلەپ ئۇنىڭ غەربى-شىمالى قىسمىغا ئورۇنلاشقان. بۇ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن، قىتئەدىن برىتانىيە ئاراللىرى بۆلۈنۈشتىن ۋە كىشلەر ئاتلانتىدادىن ماكان تۇتۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن. ھازىر سكاندىناۋىيە دەپ ئاتىلىدىغان ياۋروپانىڭ بۇ قىسمىدا كام دېگەندە بۇنىڭدىن 50 مىڭ يىل مۇقەددەم مەركىزى ئامېرىكىدىن كەلگەنلەر ماكانلاشقان. ئۇلار چوڭ ماگنېتىكلىق ھالاكەتتىن ئامان قالغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ-ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە مەن ھېچ نەرسە ئېيتالمايمەن.

ياۋروپا يېرىگە ئورۇنلاشقان دەسلەپكى ئادەملەر ئۆز پادىشاسى كېتسال رەھبەرلىكىدىكى مەركىزى ئامېرىكىلىق كېتساللار بولغان. ئۇلار ئۆز يېرىدىن باسقۇنچىلار تەرىپىدىن قوغلانغانلار ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار لاتىن ئىرقىنىڭ ھازىرقى ۋەكىللىرىنىڭ ئەجداتلىرى بولۇپ قالدى. «بەزىلەر ئۆز كېمىلىرىدە ئامان قالدى، يەنە بىرلىرى ئورمانلارغا قاچتى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار توغرىلىق ھېچ نەرسە ئاڭلانمىدى. كېمىلەردە ئۈزۈپ كەتكەنلەر كۆن چىقىش تەرەپتىكى يىراق يەرگە كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەملىكىتىدە ئۇلار گۈللەندى ۋە ئۇلۇق خەلققە ئايلاندى». مەركىزى ئامېرىكا رىۋايەتلىرىدە ئەنە شۇنداق دېيىلىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇ ئادەملەر سكاندىناۋىيەگە بارغىچە قىرغاق يولى بىلەن ئىلگىرىلىگەن ۋە شۇ يەرنى ماكان قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار دەسلەپتە كېمىلەردىن چۈشۈپ ئورۇنلاشقان يەر ئاللىقاچان سۇ ئاستىدا قالغان.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى سكاندىناۋىيەدە پەۋقۇللادە قەدىمي ئىرقنىڭ ئىزلىرى تېپىلدى. بۇ ئىزلارنى تاپقانلار، ئۇلارنى ياۋروپادىكى ئەڭ قەدىمي ئادەملەرگە تەئەللۇق دەپ ھېساپلايدۇ، لېكىن ئورتودوكسال (كونا ئىلىمگە بېرىلگەن، ئۆز پىكرىدىن قايتمايدىغانلار) پەننىڭ ۋەكىللىرى قەتئى ھالدا، دەسلەپكى ياۋروپالىقلار كىچىك

ئاسىيادا زاكاۋكازىيە تۈزلەڭلىرىدە پەيدا بولغان، ئۇ يەرگە مەركىزى ئاسىيادىن كەلگەن، دىگەن پىكىرىدە مەھكەم تۇرۇشتى. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ تالاشتا تەرەپلەر بىر پىكىرگە كەلمىدى. بۇ تالاش ئىلىم-پەن دۇنياسىدا ئىككى نەزەرىيەنى پەيدا قىلىدۇ. «شىمالى نەزەرىيە» تەرەپدارلىرى ئۆز خۇلاسىلىرىنى تېپىلمىلار، يەنە پاكىتلار ئاساسىدا ئاساسلاندۇردى. «ئاسىيا نەزەرىيەسى»نىڭ تەرەپدارلىرى بولسا ئۆز خۇلاسىلىرىنى خىيالى پەرەزلىرى ئاساسىدا تۈزدى. كىچىك ئاسىيادا (كاۋكاز تۈزلەڭلىرىدە) تېپىلغان بۇيۇملار پلېيتۇتسىن دەۋرىگە، يەنى تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىنكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەندى نورۋېگىيەدە تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ سەنەسى تاغلار ھاسىل بولۇشتىن ئۇنمىڭلىغان يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ خاتىرەمدە قېلىشىچە، «شىماللىق» ئالىملار بۇ ئادەملەرنى «گۆپتسلار»ئىدى، دەپ تەكىتلەشكەن. مانا بۇنىڭغا مەن گۇمان بىلەن قارايمەن.

بارلىق ھەل قىلىنمىغان ئىلمي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئاسىيانى دەستەك قىلىش ماڭا قىزىقارلىق ۋە ھەتتا غەلىتى تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى ئەللىك يىل ئىچىدە ئاسىيانىڭ مەركىزى رايونلىرى توغرىلىق شۇنچىلىك نۇرغۇن نەرسىلەر مەلۇم بولدىكى، بارلىق نامەلۇم نەرسىلەرنى ئۇلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئەندى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەندى ئىلمي تەپەككۇر قارا قىتئەگە-ئافرىقا تەرەپكە قارىتىلىشى كېرەك.

ياۋروپانىڭ شىمالىدىن تېپىلغان نەرسىلەر قەدىمىي كېتساللارنىڭ ئىزلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەركىزى ئامېرىكا رىۋايىتىدە، كېتساللار «سۇتتەك ئاق تەنلىك، كۆك كۆزلۈك، چاچلىرى سامان رەڭلىك» دېيىلگەن، بۇ بۈگۈنكى سكاندىناۋلارنىڭ خاراكتېرىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. كېتساللار ئەۋلاتلىرىنىڭ ئازىراق بىر قىسمى ئامېرىكىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ماكانلىرى گوندۇراس بىلەن گۋاتىمالانىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەم بېرىشقا مۇمكىن بولمىغان ئورمانلىرىغا يوشۇرۇنغان. ماڭا مەلۇم بولغان خېلى دىققەتكە سازاۋەر كېتساللار رىۋايەتلىرى شۇلاردىن كېلىپ

چىققان، بۇلارنى ماگا ئۇ يەردە بىر نەچچە ھەپتە بولغان بىر بۇرادىرىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۇ رىۋايەتلەر تاغلار ھاسىل بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

نورۋېگىيەدە ھازىرغىچە كۋانلان دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي تىل ساقلىنىپ قالغان. مەن بۇ تىل ـ يېزىقتىن ئۆرنەكلەرنى ئۇگۇنۇپ، مۇ قۇرۇقلۇقى تىلىدىكى خېلى مىقداردىكى سۆزلەرنى بايقىدىم. ئۇنىڭدا مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى تىلنىڭ تومۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەرمۇ ئۇچرايتتى. لېكىن شۇ نەرسە قىزىقارلىقكى، كۋانلان تىلىدا پات ـ پاتلا جەنۇبى ھىندىستاندىكى بەزى تىللار بىلەن ماس كېلىدىغان ۋە خۇددى شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە سۆزلەر ئۇچرايتتى. نورۋېگىيەدىكى كۋانلان تىلى بىلەن مەركىزى ئامېرىكىدىكى كېتساللار مەملىكىتى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بارلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇرغۇن باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

كېتساللارنىڭ ياۋروپانىڭ شەرقى ـ شىمالىغا كەلگەن ۋاقتىنى، ئۇلارنىڭ ئاتلانتىداغا ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان ۋاقتىدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن دەپ ئېيتىش مۇمكىن، بۇ ھەر ئىككى تەۋەگە دەسلەپ كەلگەنلەر ئۇ يەرلەردىن كېتساللارنى قوغلىۋەتكەن. كېتساللار بولسا ئۇ يەرلەردىن قوغلىنىپ خېلى كۆپ دەۋردىن كېيىن ئاتلانتىدا بىلەن ياۋروپاغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان.

**ئۇيغۇرلار ياۋروپادا** ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئۇرال تاغلىرىغىچە پۈتكۈل مەركىزى ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە مەركىزى ياۋروپادا ئۆز ماكانلىرىغا ۋە مۇستەملىكىلىرىگە ئىگە بولغان ئىنتايىن چوڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت ئىدى. پەقەت ئاتلانتىك ئوكيانىلا **ئۇيغۇرلارغا** يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولغان.

**ئۇيغۇر** خەلقى ياۋروپاغا ئىككى دولقۇن بولۇپ كۆچكەن. بىرىنچى دولقۇننىڭ ۋەكىللىرى ئەمەلىيەتتە توپان بالاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدا تولۇقى بىلەن يوقالغان. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىرلەشمىسىگە ئامان قېلىش نېسىپ بولغان، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلاتلىرى فىرانسىيەدىكى برىتونلار، ئىسپانىيەدىكى

باسكىلار ۋە ھەقىقى ئىرلاندىيەلىكلەر. بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تىل مۇناسىۋىتىدە تۇققانلاردۇر.

يېقىندا نيۇيوركلىق بىر كۆتىرىكە ئالغۇچى كۇبادا مەلۇم ئىشلارنى ئورۇنلاش ھەققىدە شەرتنامە تۈزىدۇ. شەرتنامە شەرتلىرى بويىچە، ئۇنىڭغا ئىشچىلارنى يەرلىك ئاھالىدىن يالىلاش، لېكىن رەھبىرى خادىملارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىش كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. شەرتنامىغا مۇۋاپىق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە ئىرلاندىيەلىك ئۇستىنى ئېلىۋالىدۇ. ئۇلار كۇباغا كەلگەندە ئۇلارنى كۆنلۈك ئىشچىلىققا ياللىنىشنى خالايدىغانلار قارشى ئالىدۇ. نيۇيوركلىق كۆتىرىكە ئالغۇچى ئىرلاندىيەلىك ئۇستىغا قاراپ: «ماڭا تەرجىمان كېرەك بولىدۇ. مەن كەلگىچە ئۇلار بىلەن بولۇپ تۇرۇڭ» دەيدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن تەرجىمان بىلەن كەلگەن كۆتىرىكە ئالغۇچى ئىرلاندىيەلىك ئۇستىنىڭ باشقىلار بىلەن خوشال پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. تەرجىماننى ئەۋەتىۋېتىڭ، دەيدۇ ئىرلاندىيەلىك ئۇستا، بۇلارنىڭ تىلى بىلەن بىزنىڭ تىلىمىز ئانچە پەرىقلەنمەيدىكەن.

بۇنداق ئەھۋال ھىندىستاندىمۇ يۈز بەرگەن. ئىنگلىز ئەسكەرلىرى ئىرلاندىيەلىك سېرژانتنىڭ رەھبەرلىكىدە تىبەت چېگراسىغا يېقىن نېپال تەۋەسىدە چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، يېزىلارنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سېرژانت توختاپ ھەيرانلىق بىلەن سەپتىن چىقىپ، «ھوي، مونۇ شەيتانلار مېنىڭ ئانا تىلىمدا سۆزلىشىۋاتىدىغۇ!» دەپ ۋاقىراپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يەرلىك ئاھالى توپىغا ئۆزىنى ئاتقان.

«نيۇ-يورك تايمس» گېزىتىنىڭ 1929- يىل 18- ئاۋغۇستىكى سانىدا لېنىنگرادتىن كەلگەن بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا رۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، پروفېسسور ن. مارر «ئىرلاندىيەلىكلەر بىلەن ئەرمەنلەرنى ئىرقى قېرىنداشلار دەپ ئاتاش مۇمكىن» دەپ تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇلارنى قەدىمكى ئەڭ رەھىمسىز

جەڭگىۋار خەلق-ساكلار بىلەن باغلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پروفېسسور ئىرلاندىيەنىڭ ھازىرقى بارلىق ئاھالىسى ئەمەس، بەلكى بۇ ئارالنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەشھۇر تۇرغۇنلىرىلا بۇ ئاسىيالىقلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، دەيدۇ.

تەۋراتتىكى «توپان سۇ تاشقىنىدىن» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تاغ ھاسىل بولۇشتىن كېيىن، ھازىر ئارىيانلار دەپ ئاتىلىدىغان ئانچە چوڭ بولمىغان **ئۇيغۇرلار** توپلىرى مەركىزى ۋە غەربى ئاسىيا تاغلىرىدىن شەرقى ياۋروپاغا كۆچىدۇ. ئالىم ماكس مىيۇللېر بۇ پاكىتنى ئۆز ئەمگەكلىرىدە تەكىتلەيدۇ. بۇلار ئاسىيادا ۋە ياۋروپادا سۇ تاشقىنى، تاغ ھاسىل بولۇش ھادىسلىرىدىن ئامان قالغان **ئۇيغۇرلاردۇر**. **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ياۋروپاغا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم كۆچكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان شەرق يازما مەنبەلىرى بار. **ئۇيغۇرلارنىڭ** بىرىنچى كۆچۈشى پلىيوتسېن دەۋرىدە، **يەنى** تاغلار ھاسىل بولمىغاندا، ئىككىنچىسى بولسا پلېيستوتسېن دەۋرىدە، تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن ۋە بىرىنچى كۆچۈشتىن بىر نەچچە مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بولغان. دەسلەپكى **ئۇيغۇرلارنىڭ** ئىزلىرى كۆپ تېپىلمىدى. ھازىرقى موراۋىيە تەۋەسى **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئىزلىرى خېلى كۆپ بايقالغان جايدۇر. تاغ ئېتەكلىرىدە سۇ تاشقىنى ۋە تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى نەتىجىسىدە كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر پۈتۈن **ئۇيغۇر** مەھەللىسىنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى.

**<u>فرانسىيە ۋە جەنۇبى ياۋروپا</u>** مېنىڭ ئىختىيارىمدا جەنۇبى ۋە غەربى-جەنۇبى ياۋروپادىكى قەدىمىي ماكانلار توغرىلىق مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يازما مەنبەلەر يوق. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى، پاكىتلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت، ئۇلار ئاساسىدا مېنىڭ كىتاپخانلىرىم ئۆز نەزەرىيەسىنى تۈزۈپ چىقىشى مۇمكىن.

ياۋروپانىڭ بۇ قىسمىدىن تېپىلغان دەسلەپكى قەدىمىي ئىرقلاردىن بىرىنچىسى، كرومانئونلار دەپ ئاتالغان ئىدى. كرومانئونلارنىڭ بۇ يەرلەرنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپلىگەن ھەر خىل ئىسپاتلار بار. ھەممىدىن ئاۋال، ئۇلارنىڭ ياشىغان

ئىزلىرى تاغلىق رايونلاردا بايقالغان، دېمەك ئۇلار ياۋروپاغا تاغلار كۆتىرىلگەندە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە پائالىيەت ئىزلىرى ئاخىرقى ماگنېتىكلىق ئاپەتتىن كېيىن سۇ بىلەن ئېقىپ كەلگەن شېخىل قاتلاملىرىدىن تېپىلغان. بۇ ئاپەت تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. دېمەك قالدۇقلىرى مۇنداق قاتلاملاردىن تېپىلغان ئادەملەر، كرومانئونلاردىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان. سمىرنىنىڭ (كىچىك ئاسىيادا) قورغان دۆڭىدىكى يولنىڭ كېسىلگەن جايى ئىنسانلارنىڭ بۇ يەردە تاغلار ھاسىل بولۇشتىن مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى ياشىغانلىقى ۋە مەدەنىيەتلىك بولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ (بۇ ھەقتە نوۋەتتىكى باپتىن ئوقۇيسىز). كرومانئونلاردىن مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ بىر تەرىپىدە تەرەققىي ئەتكەن مەدەنىيەت مەۋجۇت بولغان ئىكەن، دېمەك ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا يېتەرلىك دەرىجىدە مەدەنىيەتلىك بولغان خەلقلەر ياشىغان، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ياۋروپانىڭ غەربى رايۇنلىرىغا دۇنيانىڭ باشقىمۇ يەرلىرىگە ئوخشاش، كۆپ قېتىم كىشلەر كۆچۈپ كېلىپ، يەنە كۆچۈپ كەتكەن.

قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ئىزلار ئانچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى ئاخىرقى ماگنېتىكلىق ئاپەتنىڭ سۇلىرى ئېقىتىپ كەلگەن مۇز ماسسىلىرى ئۆزىدىن كېيىن پەقەت جانلىقلارنىڭ ئازغىنا ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، ھەممىنى تالقان قىلىپ يوقاتقان. شىمالى ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىمۇ شۇنداق بولغان، بۇ يەردە قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر بىردىن-بىر ئىسپات گىلدېرنىڭ نېبراس غار تۈرغۈنلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئالىملار خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش، ياۋروپاغا نىسبەتەنمۇ ئۇ يەردە تېپىلغان چاقماق تېشى ئەسۋاپلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئاساسلانغان كۆپلىگەن نەزەرىيەلەرنى تۈزدى. بۇنىڭدىن نېمە چىققانلىقى توغرىلىق مەن «**قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ**» ناملىق كىتاۋىمنىڭ «كىشلەر قانداقلارچە ياۋايىلىشىپ كەتكەن» دېگەن بابىدا بايان قىلغان ئىدىم.بۇ قوپال تاش ۋە چاقماق تېشى

www.uyghurkitap.com



ئەسۋاپلىرى، ھالاك بولغان مەدەنىيەت بىلەن بىر ئەندى قەدەم تاشلاۋاتقان مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلۈش ھەققىدە گۇۋالىق بېرىدۇ. ئوسبورنىنىڭ «تاش ئەسرىنىڭ بېشىدىكى ئادەم» ناملىق كىتاۋىنىڭ 477-بېتىدە «غايەت چوڭ ئوفۇئېت غارىغا باش سۆڭەكلىرىنىڭ كۆمۈلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەربكە قارىتىلغانلىقى» تەكىتلىنىدۇ. بۇ باش سۆڭەكلىرى غەربكە- مۇ قۇرۇقلۇقى تەرەپكە يەنى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىگە قاراپ تۇراتتى، بۇلار شەرقى يول بىلەن كەلگەنلەر ئىدى. مەن مىسىرغا بېغىشلانغان باپتا غەربى ۋە شەرقى يوللار توغرىلىق تەپسىلى بايان قىلىمەن. شەرقتە ۋە تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربى قىرغىقىدا بارلىق قۇرۇلۇشلارنى شەرققە قارىتىپ سالاتتى، چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىدە ئىدى. بۇ توغرىلىق ئاڭكوردىكى (كامبودژا) ھەيكەللەرنىڭ، دارۋازىلارنىڭ، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ۋە يوللارنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئورۇنلىشىشى ناھايىتى روشەن گۇۋالىق بېرىدۇ.

مەن «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» ناملىق كىتاۋىمدا ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ياشاش پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالاكەتلەر ھالقىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆپلىگەن مىساللار بىلەن كۆرسەتكەن ئىدىم. پۈتكۈل دۇنيادا ئىرقلار، مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارقا-ئارقىدىن ھالاك بولدى. بۇ ئىرقلار بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئارخېئولوگلار ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تاپمىغۇچە،ھازىرقى ئىنسانلارغا مەلۇم ئەمەس ئىدى.

مىسىر يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىملىرى، بۇ پەقەت ئىنسان تارىخىنىڭ تۈنۈگۈنى، يۇكاتان يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىملىرى بولسا، بار-يوقى بىر كۈن ئىلگىرىكى ئىش، ئەندى كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمىي شەھەرلەر بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرىقىلاردىن يەنە بىر كۈن بۇرۇنقى ئىزلار. بىز قاچان ئەڭ قەدىمكى ئىنساننىڭ ئىزىنى تاپىمىز؟ ھىمالايا مۇناستىرلىرىدىن بۇنىڭدىن 70 مىڭ يىل ئىلگىرىكى يېزىق يادىكارلىقلىرىنى ئۇچرۇتۇش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانىيەت

پەيدا بولغان سەنەنى 200 مىڭ يىل، ھەتتا 270 مىڭ يىل دەپ بەلگىلەيدۇ. بۇنى ئېنىقلاش ئاسترونوملارنىڭ ۋەزىپىسى. بۇ ھۆججەتلەردە يىللار يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئارا ئورۇنلىشىشىنى كۆرسىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بېرىلگەن. لېكىن ئۇلاردا شۇنىڭغا قارىماي ئىنسان توغرىلىق ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆنلىرىدىن باشلاپ بايان قىلىنىدۇ.

**بىزون** (ئامېرىكا ياۋا كالىسى) ھەقىقى بىزون قەدىمىي فرانسىيە رەسساملىرى ئارىسىدا ئەڭ ئاممىباپ ھايۋان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە بىزوننىڭ بىرەرمۇ رەسىمى تېپىلمىدى. بىز بۇ يەردە ئېيىقنى، بۇقىنى، تاغ تېكىسىنى، ماستودونتنى (قەدىمكى زاماندا ياشىغان ۋە ھازىر تۇخۇمى قۇرۇپ كەتكەن ناھايىتى يوغان پىلسىمان ھايۋان)، ھەتتا ناھايىتى يوغان ئۈمۈلەپ يۈرىدىغان مەخلۇقلارنى ئۇچرىتىمىز، لېكىن بىزوننى كۆرمەيمىز. بۇ ھادىسە مېنىڭ بۇ ھايۋاننىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمغا تۈرتكە بولدى، شۇنى ئالدىن ئالا ئاگاھلاندۇرۇشقا ئالدىرايمەنكى، ئۇنى پەقەت تەخمىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك. ماڭا ئۇنى ئىسپاتلاشقا قادىر بولغان بىرمۇ پاكت مەلۇم ئەمەس.

بىزون ھازىر ئامېرىكا ھايۋىنى سۈپىتىدە مەلۇم بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ تارىخى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئۇ بۇ يەردە ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئامېرىكىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق ھېچ قانداق مەلۇماتلار يوق. بىزونلار ياۋروپادا ياشىغان دېگەن پىكىرلەر مەۋجۇت. بۇنىڭدا ھېچ قانداق شۈبھە يوق،بولمىسا قەدىمىي فرانسۇزلار بۇ ھايۋاننى قانداق قىلىپ شۇنچىلىك ئېنىق ئەكىس ئەتتۈرگەن بولار ئىدى؟ ياۋروپا تەۋەسىدە يوغان بۇقىلار ياشىغان، تېپىلغان سۆڭەك قالدۇقلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن ئۇلار يەنە شۇ بىزون دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋان تۈرىمۇ، ئۇ موشۇ يەرنىڭ توپلۇك ھايۋىنى قاتارىغا كىرەمدۇ؟ بۇ يەردە جاۋاپ ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. فرانسىيە سۆرەتلىرى بىزوننىڭ ياۋروپادا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ موشۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

يەرنىڭ توپلۇك ھايۋىنىمۇ ياكى باشقا ياقتىن كەلتۈرۈلگەنمۇ، بۇ باشقا مەسىلە. شەخسەن مەن بىزون ياۋروپاغىمۇ ئېلىپ كېلىنگەن دېگەن پىكىردە. ئويلايمەنكى، ياۋروپاغا بۇرۇنراق ئېلىپ كېلىنگەن. لېكىن بۇ چاغدا ياۋروپاغا بىزوننى كىم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ.

بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بىز ئاۋال قەدىمىي فرانسۇز رەسساملىرى قەيەردىن پەيدا بولغان؟ دېگەن سوئالنى قويىمىز. بىزونغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ياۋروپالىق ئەمەس. ھەر خىل مەنبەلەر فرانسىيەنىڭ، ئىسپانىيەنىڭ ۋە پورتۇگالىيەنىڭ غەربى-جەنۇبى ۋىلايەتلىرىگە ئاتلانتىدا ئاھالىسىنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدا بىزوننىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنلىكى ئۇ دەۋرلەردە ئامېرىكىنىڭ غەربىدە ۋە غەربى-جەنۇبىدا بىزونلارنىڭ تېخى پەيدا بولمىغانلىقىغا ياخشى گۇۋا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىزون ئامېرىكىغا ئاتلانتىدادىن كەلتۈرۈلگەن، فرانسىيە رەسساملىرى ئەسلىدە ئاتلانتىدانىڭ سابىق تۇرغۇنلىرى، ئۇلار كۆچكەندە ئۆزلىرى بىلەن بىزونلارنى بىللە ئېلىپ كەلگەن،دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

ئاتلانتىدا بىزونلارنىڭ ۋەتىنى بولغانمۇ؟ بىزون فرانسىيەگە ئاتلانتىدادىن ئېلىپ كېلىنگەنمۇ؟ ئۇ ئاتلانتىدادىن ئامېرىكىغا ئاپىرىلغانمۇ؟ بۇ سوئاللارغا كىتاپخاننىڭ ئۆزىنى جاۋاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

بىزون ئامېرىكىنىڭ تۈپلۈك ھايۋىنى ئەمەس، دېمەك ئۇنى غەربنىڭ ۋە غەربى-جەنۇپنىڭ قىيا تاشلىرىغا رەسىملەر سىزىلغان دەۋرلەردىن كېيىن، باشقا يەردىن ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزونلار ئامېرىكىدا ئاخىرقى ماگنىيتىكلىق ھالاكەتتىن كېيىن پەيدا بولغان. ئەكس ھالدا، نېبراسكىنىڭ غارلىرىدا ياشىغانلارغا ئوخشاش، سۇ ۋە مۇز ئۇلارنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغان بولار ئىدى. بىزنىڭ ئالىملىرىمىز دايىم بىزونلار ئامېرىكىغا ئاسىيادىن « بېرىڭگوۋ كۆۋرۈكى»

دەپ ئاتىلىدىغان، ھەممىنىڭ ئاغزىدا تەكرارلىنىدىغان بىر پارچە يەر ئارقىلىق كەلگەن، دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ بىر پارچە يەر ئالىملار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاقلايدىغان بىر ۋاستىغا ئايلاندى. قىيىن ئەھۋالغا قالغاندا، ئۇلار دايىم بۇ كونا كۆۋرۈككە ئېسىلىدۇ. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئالىملارنىڭ سۇدىن قۇرۇق چىقىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن ئىدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئاسىيادا قەدىمىي بىزوننىڭ مۈڭگۈزى تېپىلغانلىقى ھەققىدىكى يېڭىلىق ئىلىم-پەن دۇنياسىدا ناھايىتى چوڭ ۋاڭ-چۇڭ پەيدا قىلدى، ئالىملارنىڭ خوشاللىقىدا چەك يوق ئىدى. كېيىن بۇ مۇسكوس بۇقىسىنىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ چىقتى. بىزونلارنىڭ ئامېرىكىغا ئاسىيادىن كەلمىگەنلىكى ئۆزلىكىدىن روشەن نەرسە،چۈنكى بۇ ھايۋاننىڭ سۆڭەكلىرى ئاسىيادا، ھەتتا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ «سۆڭەك ئارىلى»دىمۇ ئۇچرىغان ئەمەس. ئاخىرقى ماگنېتىكىلىق ھالاكەتنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى تېررىتورىيەسىدىكى موڭغۇلىستان ۋە سىبىر تۈزلەڭلىكلىرىدىن ئۆتۈپ، سان-ساناقسىز ياۋايى ھايۋانلارنى ئېقىتىپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا، لېنا دەرياسى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يەرگىچە ئېلىپ كەلگەن.ھازىر ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزونلارنىڭ سۆڭەكلىرى يوق.

يېقىندا ئاتاقلىق بىر تەتقىقاتچىنىڭ بور قاتلاملىرىدا بىزوننىڭ مۈڭگۈزىنى تاپقانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرى ئىلىم-پەن دۇنياسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. دەرھاللا بۇ بىزوننىڭ يېشى مەسىلىسىگە بېغىشلانغان توم-توم ئەسەرلەر پەيدا بولدى. مۇنازىرىلەرنىڭ باش ئايىقى كۆرۈنمەيتتى. كۆپچىلىكنىڭ بەختىگە يارىشا، بىزون مۈڭگۈزى تېپىلغاندىن كېيىن بۇ ھايۋاننىڭ باشقا قىسىملىرىنى تېپىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ھېلىقى ۋاڭ-چۇڭ چىقارغان مۈڭگۈز تېپىلغان جايدا تەپسىلىي قېزىلما ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ۋاڭ-چۇڭلۇق مۈڭگۈز تېپىلغان يەرنىڭ يېنىدىن تاشپاقا قاپلىق كەركىداننىڭ باش سۆڭىكى ۋە قېپى تېپىلدى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى يېتىشمەيتتى .ھېلىقى بىزون

www.uyghurkitap.com

مۇڭگۈزى تېپىلغان باش سۆڭىكىگە ناھايىتى توغرا كەلدى. ۋاڭ-چۇڭ توختىدى.پەن ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى سوۋغىسىنى ئىزدەپ ئالغا ئىلگىرلىدى. كىشلەر بولسا بىر پۈتۈن نەزەرىيەلەر كىتاپخانىسىدىن قۇتۇلدى.



**كىچىك ئاسىيادىكى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلاردىكى ۋۇلقان پارتلاش ۋەزىيىتى.**

1. چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ شىمالى تارمىقى.
2. چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ جەنۇبى تارمىقى.
3. ئىتالىيە-بالقان تارمىقى.
4. بالقان تارمىقىنىڭ شەرقى ۋە غەربى قىسىملىرى.
5. غەربى پارس تارمىقى.
6. غەربى ئەرەپ تارمىقى.
7. شەرقى ئەرەپ تارمىقى.
8. مەركىزى پارس تارمىقى.

9.ئۇرال تارمىقى. چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدا كېسىشىدىغانلىقىغا ۋە كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقى قىرغاقلىرىدا ئەسلى ھالىتىگە كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ، جەنۇبى تارماق شىمالى تارماققا قارىغاندا چوڭقۇرراق جايلاشقان.

# 8 ـ باپ: يۇنانىستان

بىز يۇنانلارنى قەدىمىي زامانلاردىن ھازىرقى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ قالغان بىر قاتار خەلقلەرنىڭ ئەجداتلىرى، دەپ ھېساپلاشقا ئۆگىنىپ قالدۇق. يۇنانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن 12 ـ 15مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ بەزى يالدامىلىرى ئۇ دەۋرلەردە ئافىنيان دەپ ئاتىلىدىغان يۇنانلارنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ۋە ساۋاتلىق خەلق بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن تۆۋەندە بۇ ئۇزاق تارىخى دەۋرلەرنى قولۇمدىن كېلىشىچە يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

يۇنانلارنىڭ يازما تارىخى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1104 ـ يىلى بولغان دەسلەپكى ئولىمپىك پائالىيىتىدىن باشلىنىدۇ. يۇنانلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ناملىرى بىلەن ئونلىغان مىڭ يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرىنى كىچىك ئاسىيادا، بالقان يېرىم ئارىلىدا ۋە ئۇ دەۋردە ئەگەر مەۋجۇت بولغان بولسا، خوشنا ئاراللاردا بەرپا قىلغان ئىدى. بۇ كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار، رىۋايەتلەر ۋە نادىر گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

يۇنانلارنىڭ ئاجايىپ قەدىمىي تارىخى توغرىلىق كۆپلىگەن كىتاپلار يېزىلغان. بەزى مۇئەللىپلەر بۇ رىۋايەتلەرنى ئەپسانىلەر، دەپ ئېلان قىلىشتى، لېكىن، رىۋايەتلەر ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەي مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭچە بائالبېكتىكى مەشھۇر ئىنشائاتلارنىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى ھازىرقى يۇنانلارنىڭ قەدىمىي ئەجداتلىرى بولسا كېرەك. كىچىك ئاسىيادا، مېكسىكىدا، مەركىزى ئامېرىكىدا ۋە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن باشقا يەرلىرىدە بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى كۆمۈلگەن ۋە كۆپۈنچە ھاللاردا بىرلا ھالاكەتلىك كۆچ ـ سۈتاشقىنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، تارىختىن ئىلگىرىكى شەھەرلەر تېپىلىۋاتىدۇ. بۇ خۇلاسە تامامەن تالاشسىزدۇر.

بىر قاتار مۇئەللىپلەر دورى كۆچۈشىگىچە بولغان يۇنانىستان توغرىلىق سۆز بولغاندا، بۇ دەۋرنى «يۇنانىستاننىڭ نۇرسىز سايىسى»

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتايدۇ. ئەندى مەن بولسام دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 1104 ـ يىلى باشلانغان دورى كۆچۈشىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە نەزەر تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمەن. ئەپلاتوننىڭ «تىمېيى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇلار (مىسىرنىڭ سائىس شەھىرىنىڭ تۇرغۇنلىرى) ئافىنيانلارغا ناھايىتى دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن قانداقتۇر تۇققانچىلىق سۈرۈشتە قىلىشىدۇ.

«ئېخ، سولون، سولون! سىلەر ئېللىنلار، باللاردەكلا گۆدەكسىلەر، ئېللىنلار ئارىسىدا تەجرىبىلىك پىشقەدەملەر يوق دېسىمۇ بولىدۇ!» دىدى كاھىن. « سەن نېمىشكە شۇنداق دەيسەن؟» دەپ سورىدى سولون. «سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئەقلى باللارچە» دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ، «چۈنكى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار ئۆزىدە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سارغىيىپ كەتكەن ھېچ قانداق تەلىماتنى ساقلىمايدۇ. ئوتتىن ، سۇدىن، شۇنداقلا مىڭلىغان باشقا ئاپەتلەردىن ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن قېتىم دەھشەتلىك ھالاك بولغانلىقى ۋە بولىدىغانلىقى مەلۇم. بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە ياكى ھەر قانداق باشقا بىر مەملىكەتتە قانداقلا بولمىسۇن بىر شانلىق ياكى ئۇلۇق ئىش، ئۇمۇمەن ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەرسە، ئۇلار توغرىلىق بىز خەۋەردار بولىمىز، ئۇلار قەدىمي زامانلاردىن تارتىپ يېزىپ قالدۇرۇلىدۇ، ئۇلارنى بىز ئىبادەتخانىلاردا ساقلايمىز، سىلەردە يېزىق كەشىپ قىلىنغان بولسىمۇ،ھېچنەرسىنى ساقلاپ قالغىنىڭلار يوق،شۇ سەۋەپتىن بىرەر ئاپەت ياكى بالا ـ قازا كەلگەندە،مەسىلەن ،ئاسماندىن ئېقىن (يامغۇرلار قۇيۇۋېتىدۇ) ياكى باشقا ھالاكەتلىك بالايى ـ ئاپەتلەر سىلەرنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.قايتىدىن بۇ زېمىندە پەيدا بولغان ئىنسانلار بولسا، ساۋاتسىز ۋە بىلىمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى ئەندىلا تۇغۇلغاندەك، بىزنىڭ ئېلىمىزدە ياكى ئۆزەڭلارنىڭ ئېلىدە قەدىمي زامانلاردا نېمە بولغانلىقى توغرىلىق ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ».

«ئاسماندىن ئىقىن» ئىبارىسى كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەتنى ئېنىق بەرمەيدۇ.بۇ يەردە كارا-مايا قەدىمىي تىلىنىڭ قانداقتۇ ئەكس سادالىرى ئاڭلىنىدۇ. بۇ «ئاسماننىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن سۇلار» سۆپىتىدە ياگرىشى لازىم ئىدى. «ئىقىن» سۆزى ئېنىق ئەمەس، كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئىقىن دەپ ئاتاش مۇمكىن.بايىقى ئۈزۈندىنى ئالىدىغان بولساق، سۆز سۇ تاشقىنى، قانداقتۇر سۇ ئاپىتى توغرىلىق بولىۋاتقانلىقى چۈشىنىشلىكتۇر. قەدىمىي مىسىر يىلنامىلىرىدا سۇتاشقىنلىرى ۋە ئاپەتلەر توغرىلىق ناھايىتى كۆپ تەكىتلىنىدۇ. ھەر خىل ئاپەتلەر ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن ۋاقىت بولمىغان،ئەمەلىيەتتە بۇ گاز بوشلۇقىنىڭ پارتلىشى ياكى ئوكيان ئاستىدىكى گاز چەمبەرلىرىنىڭ ھەركىتى بىلەن پەيدا بولىدىغان تەساددىپى ھادىسىلەر ئىدى.

قەدىمىي خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئىبادەتخانىلىرىدا يىلناملارنى تاشقا ياكى خىشقا ئوخشاش خۇمدانىدا پىشۇرىلگەن ساپال پۈتۈكچىلەرگە يازاتتى. ئۇلارنىڭ ماگا مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمىلىرى تىبەتتە ساقلانماقتا، ئۇلارنىڭ ئاسترولوگىيەلىك سەنەسىگە مۇۋاپىق، بۇنىڭدىن 70 مىڭ يىل مۇقەددەم ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن. 35 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە يېزىلگەن مۇنداق ھۆججەتلەر ھىندىستاندا ساقلانماقتا، ئۇ يەردە شۇنداقلا تېخىمۇ قەدىمىي يېزىقلار بار، لېكىن ئۇلارنىڭ سەنەسى قويۇلمىغان.

**يەنە ئەپلاتونغا توختىلايلى، «سولون، سەن ھازىرلا بايان قىلغان سىلەرنىڭ ئەجداتلىرىڭلارنى ئالايلى، ئۇلارنىڭ باللار چۆچەكلىرىدىن زادىلا پەرقى يوقتۇر. شۇنداق قىلىپ سىلەر پەقەت بىرلا سۇتاشقىنى توغرىلىق خاتىرىنى ساقلايسىلەر، ئۇنداق سۇ تاشقىنلىرى بۇنىڭغىچە نۇرغۇن بولغانغۇ، سىلەر ھەتتا ئەڭ گۈزەل ۋە ئالىيجاناپ ئادەملەر ئەجداتلىرىنىڭ بىر چاغلاردا سىلەرنىڭ ئېلىڭلاردا ياشىغانلىقىنىمۇ بىلمەيسىلەر. سەن ۋە سىنىڭ شەھىرىڭدىكىلەر ئەجداتلار قالدۇرغان كىچىك ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان، لېكىن سىلەر ئۇ توغرىلىق ھېچ نەرسە بىلمەيسىلەر،چۈنكى كۆپلىگەن يىللار داۋامىدا ئامان قالغانلار ئۆزلىرى**

توغرىلىق ھېچ قانداق يېزىقلارنى قالدۇرماي، شۇنىڭ بىلەن ئاجىز بولغان ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ».

بۇ پەردە سۆزى بولۇۋاتقان ئادەملەر، بائالبېكتىكى ئۇلۇغۋار ئىبادەتخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىغانلارنىڭ ئەجداتلىرى ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتمەي قالدى. سىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئىبادەتخانىلار پەرتەۋرەشلەر ۋە يېقىن ئارىلىقلاردىكى ۋۇلقانلارنىڭ پارتلاشلىرى ئاقىۋىتىدە ۋەيران بولدى. بۇ يۇنان مەتىنىنى مەن مۇنداق تەرجىمە قىلغان بولار ئىدىم: «ئۇلاردىن كېيىن يېزىقلار ساقلىنىپ قالمىغان». بارلىق قەدىمىي يۇنان مەتىنلىرى كارا ـ مايا تىلى بىلەن يېزىلغان. ئەگەر تەرجىمان ئۇنى بىلمىسە، ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى ناتايىن. ئېۋوكلىد ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن لوغەتتىكى ۋە ئېلىپبەدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، قەدىمكى فىلوسوفىيەلىك تۈزۈلۈش ئۆز پېتىچە قالغان. ئۇلارنى دەۋر ئېھتىياجلىرىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇنان لوغىتى تۈزۈپ قېتىم ئۆزگەرتىلدى.

يەنە ئەپلاتونىنىڭ بايانلىرى:

«ئەندى شۇنىڭ بىلەن بىللە، سولون، ھازىر ئافىنا نامى ئاستىدا مەلۇم بولغان دۆلەت ئەڭ چوڭ ۋە ھالاكەتلىك سۇتاشقىنىدا غەرق بولۇشتىن بۇرۇن، ھەربىي ئىشلاردىمۇ بىرىنچى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق قانۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىمۇ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۈستۈن ئىدى، رىۋايەتلەر(تارىخ) ئۇنىڭغا ئاسمان ئاستىدا بىزگە مەلۇم بولغان ھەممىدىن گۈزەل ئىشلارنى مەنسۇپ قىلىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سولون ھەيران قالدى ۋە كاھىنلاردىن بۇ قەدىمىي ئافىنا پۇخرالىرى توغرىلىق ناھايىتى تەپسىلىي ۋە تەرتىپلىك سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

كاھىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:«سولون، مەن قىزغانمەيمەن، مەن سەن ئۈچۈن ، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋال سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ شەھىرىمىزنى ئۇلۇشقا ئېلىپ،

**ئۆستۈرگەن ۋە تەربىيىلىگەن ئايال ئىلاھ ئۇچۇن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. لېكىن ئۇ (ئايال ئىلاھ) سىلەرنىڭ ئۇرۇقىڭلارنى يەر ۋە ئوت ئىلاھىدىن قوبۇل قىلىپ، مىڭ يىل بۇرۇن ئافىنانىڭ ھۇلىنى سالغان».**

بۇنىڭ ھەممىسى تازا رەمزىدۇر. كاھىن ئۆزى ئۇچۇن ۋە سولون ئۇچۇن ئانا تىلىدىن پايدىلىنىدۇ. رەمزى ئۇنى ئاممىباپ تىلغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ «ئانا» ۋە «يەر» دېگەننى، كەڭ مەنادا، «ئانا ـ يەر»، «ئانا ـ ۋەتەن»، يەنى «ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى»دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئۆزۈندىنىڭ ئاخىرى مۇنداق بولۇشى كېرەك: ‹خەلقىڭلارنىڭ ئۇرۇقىنى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن قوبۇل قىلىپ›. باشقىچە ئېيتقاندا، كاھىن سولونغا ئۇنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كىچىك ئاسىيا، تۆۋەنكى بالقان ۋە مىسىرنىڭ ماياكىسىدىن ھەم ئاتلانتىدادىن كەلگەن كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپلىگەن ھۆججەتلەر بار. سائىسنىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىغا مۇۋاپىق، ئافىنا ئورنىدا 11 يېرىم مىڭ يىل ئىلگىرى شەھەر مەۋجۇت بولغان، ئۇ 17 مىڭ يىل ئىلگىرى، تۆۋەنكى مىسىر تارىخى باشلىنىشتىن مىڭ يىل ئىلگىرى سېلىنغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كاھىن سولونغا ئافىنالىقلار بىلەن ئاتلانتىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش توغرىلىق سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بايانىنى مەن ئاتلانتىدا توغرىلىق باپتا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئاخىرىنى موشۇ باپقا ساقلاپ قويغان ئىدىم:

**«لېكىن كېيىنرەك (ئافىنالىقلار ئاتلانتىلار ئۇستىدىن غالىبىيەت قازانغاندىن كېيىن)، بولۇپ كۆرۈلمىگەن يەر تەۋرەشلەر ۋە سۇتاشقىنلىرى ۋاقتى كەلگەندە، بىر دەھشەتلىك كۈندە سىلەرنىڭ پۈتكۈل ھەربى كۈچىڭلار يېرىلغان يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى».** ئافىنانىڭ قىسمىتى ئەنە شۇنداق بولغان، ئىلگىرى بۇ توغرىلىق ئېيتىلمايتتى، يەر ئۆكتەي ـ توكتەي بولۇپ، ئۆزى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئېلىپ، سۇ ئاستىدا قالدى، شۇنداقلا ئاتلانتىدامۇ ئۆكتەي ـ توكتەي بولۇپ، غايىپ بولدى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(قەدىمى ئافىنانىڭ سۇ ئاستىدا قالغانلىقى پاكىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، يەنە كېلىپ بىز ئاتلانتىدانىڭ ئىككى قېتىم سۇ ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان، پەۋقۇلاددە قىزىقارلىق گېئولوگىيەلىك پاكىتقا يېقىنلىشىۋاتىمىز). شۇنىڭدىن كېيىن ئوكيانىنىڭ ئۇ يەرلىرى ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن قۇرۇقلۇق ئۆزىدىن كېيىن قالدۇرغان ئىنتايىن نۇرغۇن مىقداردىكى لاتقا سەۋەۋىدىن كېمە قاتناشقا بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى.

مەزكۇر مەتىنگە مۇۋاپىق، ئاتلانتىدا تېخى يېقىندىلا دېڭىز يۈزى بىلەن باراۋەر تۇرغان ۋە چوڭ مەركىزى گاز چەمبىرىنىڭ جەنۇبى تارمىقى تېخى يېقىندا شەكىللەنگەن بولۇپ چىقىدۇ.

**قەدىمكى ترويا** پادىشا پرىئام تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1194-يىلى ياشىغان، ئۇنىڭ غەزنىسىنى ھېنرىخ شلىمان قەدىمكى ترويا شەھەرلىرىنىڭ بىرىدىن تاپقان. مەن بۇ تېپىلمىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ئاتلانتىدا توغرىلىق باپتا بايان قىلغان ئىدىم. شلىمان بىرىنىڭ ئاستىدا بىرى ياتقان ئالتە شەھەرنى تاپقان. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى تاغلار ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.(تېپىلغان ئالتە شەھەر ھازىرقى تۈركىيە زېمىنىدا) سىمرنا شەھىرى توغرىلىق بايان بۇنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، بۇ ھەقتە مەن سەل كېيىنرەك توختىلىمەن.

108-بەتتىكى خەرىتە بالقان ۋە كىچىك ئاسىيا ئاستىدىن ئۆتۈدىغان نۇرغۇن ساندىكى گاز چەمبەرلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئورۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايونلاردا قەدىمي شەھەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان خارابىلىرى تېپىلغان، ئۇلارنىڭ ھازىر مەلۇملىرى خەرىتىدە دۈگىلەك قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرى 25 مىڭ يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە. بۇ قەدىمكى ترويادىكى تېپىلمىلار ۋە سىمىرنىدىكى قۇرغان دۆڭدىكى يولنىڭ كېسىكى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

خۇددى مىسىرلىقلارغا ئوخشاش، يۇنانلارمۇ «يەر يۈزىدىكى قەدىمي ئىنسانلاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن ئاتاققا داۋا قىلىشقا تولۇق

هوقۇقلۇق. مەلۇماتلارنى كۆزتىدىغان بولساق، ھەقىقى يۇنانلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرىنى كىچىك ئاسىيادا، بالقان ئېتەكلىرىدە ۋە ئۇ ۋاقىتلاردا مەۋجۇت بولغان يۇنان تاقىم ئاراللىرىدا بەرپا قىلىپ، ئاتلانتىدا ئارقىلىق مەركىزى ئامېرىكىدىن كەلگەن. مېنىڭ ئېنىقلىشىمچە، مەركىزى ئامېرىكىدا ئۇلارنى كارالار ۋە كارىيلار دەپ ئاتىغان. ئۇلار مايا تىلىنىڭ ئالاھىدە شېۋىسىدە سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدىكى بەزى ماكانلىرى ماياكس ئىمپېرىيەسىنىڭ دائىرىسىگە جايلاشقان. لېكىن بۇ خەلق جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ غەربى ۋە شەرقى قىرغاقلىرىغا، يىراق جەنۇپقا تارقالغان.

قەدىمىي مايا يىلنامىلىرىدا كارىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ماكانلىرى توغرىلىق مەلۇماتلار بار. ئۇ يەردە مەن كارىب دېڭىزىنىڭ بويىغا، ۋېست-ئىندىيەنىڭ بەزى ئاراللىرىغا جايلاشقان مەھەللىلەر ۋە جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى ئۈچ مەھەللە توغرىلىق مەلۇماتلارنى تاپتىم.بۇ يىلنامىنىڭ تارىخى 16 مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېنىق قانچە يىل بولغانلىقىنى ئېيتالمايمەن.

كارىيلارنىڭ ئىزلىرى مېنى مەركىزى ئامېرىكىدىن كىچىك ئاسىياغا، بالقان يېرىم ئارىلىغا ۋە ئەتراپتىكى ئاراللارغا ئېلىپ كەلدى. يۇنانلارنىڭ رىۋايەتكە ئايلانغان تارىخى كىچىك ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئۇلارنىڭ ماكانلىرى ئورۇنلاشقانلىقى توغرىلىق بايان قىلىدۇ. كارىيلار خۇددى ئىرلاندىلارغا ئوخشاش ھېچ قاچان بىر ئورۇندا ياشىمىغان. مەسلەن، ئىرلاندىيەدىكى تىپپېرېرىدا، ئىسپانىيەنىڭ باسكىلار ئېلىدە ، ھىندىستاننىڭ شىمالىدا ۋە نېپالدا گېل تىلىدا سۆزلىشىدۇ. نېپاللىقنى، باسكىنى ۋە تۇپلۇك ئىرلاندىيەلىكنى بىللە ئولتۇرغۇزۇپ قويىسىڭىز، ئۇلار خۇددى بىر يېزىدا تۇغۇلغاندەك ئەركىن پاراڭلىشالايدۇ.

**ۋولتېرنىڭ «ئومۇمىي تارىخ ۋە خەلقنىڭ ئۆرپى-ئادەتلىرى توغرىلىق تەجرىبە»** (1758-يىل) ناملىق كىتاۋىنىڭ 3-توم 13-بېتىدە: «يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تەغدىردە، ھىندىستانلىقلار شۇنچىلىك

www.uyghurkitap.com

ئوقۇمۇشلۇق خەلق بولغان بولار ئىدى، ئۇلارنىڭ مەملىكىتىگە ھەتتا قەدىمىي يۇنانلار ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە كېلەتتى» دېيىلگەن.

بۇ ئۆزۈندە مەن يۇقىرىدا ھىندىستان يۇنان پەيلاسوپلىرى ئوقۇغان مەكتەپ بولغان، دەپ تەكىتلىگىنىمنى ئاساسلاندۇردۇ. شۇنى قوشۇمچە قىلىمەنكى، ھىندىستانغا يۇنانىڭلا ئەمەس، بەلكى خىتاي پەيلاسوپلىرىمۇ ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە كېلەتتى.

دۇنيانىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا كارىيلار بىرلا قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ.

كىچىك ئاسىيادا دەسلەپكى كارىيلار ماكانىنىڭ ھۆلى سىلىنغاندىن ئۇنى ۋەيران قىلغان سۇ تاشقىنى ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىلگىرىكىلىرىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان مەھەللىلەرنى نوۋەتتىكى قېتىم يوقاتقان سۇتاشقىنلىرىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئارىلىقىدا بولغانلىقىنى ئېيتىش قىيىن. سىمىرنىدا مۇنداق مەھەللىلەردىن ئۈچتىن ئوشۇغى، تروپادا تۆرتتىن ئوشۇغى تېپىلغان.

كارىيلار كاسپىي دېڭىزىغا يېتىپ كېلەلمەي، كىچىك ئاسىياغا خېلىلا ئىچكىرلەپ كىرگەن. بۇ يەردە گەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جەنۇپتىن دېڭىزغا تۇتىشىدىغان ئۇ يەردىكى تۆزلەڭلىكلەرگە كېلىپ چىقىشى سىيمىتتىن ئىبارەت تامامەن باشقا خەلق ئورۇنلاشقان.

بەزى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئۆز ئەجداتلىرى ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ كۆرەيلى.

**ھومېرئۆزىنىڭ «ئىلىئادا» داستانىنىڭ**10-ۋە 428-429- بەتلىرىدە كارىيلارنى كىچىك ئاسىيانىڭ ۋە يۇنان تاقىم ئارالىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۇرغۇنلىرى ئارىسىدا ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

**ھېرودوت**1- **كىتاۋىنىڭ** 171- **بېتىدە** «يىراق ئۆتمۈشتە كارىيلار مىنوسنىڭ قارمىقىدا ئىدى، لېلېگلار دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئارالاردا ياشايتتى...ئۇلارنىڭ مىنوسنىڭ كېمىلىرى ئۈچۈن پالاقچىلارنى (پالاق بىلەن كېمە ھايدىغۇچىلارنى) يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. مىنوس كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىشغال قىلغان ۋە غالىبانە ئۇرۇشلارنى

ئېلىپ بارغانلىقتىن، كارىي خەلقىمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا مىنوس بىلەن بىللە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك خەلق بولغان» دەپ يازىدۇ.

**ماكىس مېۇللېر «يۇنان تارىخىدىن پارچىلار»كىتاۋىنىڭIV ـ تومىدا** «كارىي تارىخچىسى فىلىپپىنىڭ يۇنان تىلىدا كارىي ئىبارىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

**فۇكىدىد، «پېلوپونېسس ئۇرۇشىنىڭ تارىخى»كىتاۋىنىڭ I ـ كىتاپ** 8 ـ بېتىدە كارىيلارنى قاراقچىلار دەپ ئاتايدۇ ۋە «پادىشا مىنوس ئۇلارنى كىكلادتىن قوغلىۋەتكەن» دەپ تەكىتلەيدۇ.

**سترابون ئەسەرلىرىنىڭ** VII ـ **كىتاپ** 321 ـ بېتىدە ۋە XIII ـ **كىتاپنىڭ**611 ـ بېتىدە «كارىيلار پۇتۇن ئىئونىيەنى ۋە ئېگەي دېڭىزى ئاراللىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە قىتئەدە مەھكەم ئورناشقان ئىئونلار ۋە دورىيلار تەرىپىدىن قوغلانغىچە، بۇ يەرلەرگە ئېگىدارچىلىق قىلدى»دېيىلگەن.

روشەنكى، قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپلىرى كارىيلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەردە بىر پىكىردە ئەمەس، لېكىن شۇنىڭغا قارىماي كارىيلار بىلەن مەركىزى ئامېرىكا، يۇنانىستانغا ئوخشاش مەملىكەتلەرنى ۋە كىچىك ئاسىيانى باغلاشتۇرىدۇ. قەدىمىي ۋە زامانىۋى يۇنانىستان نەقىشلىرى بىلەن رەسىملىرىنىڭ ئەڭ تىپىكلىرى مەركىزى ئامېرىكا ۋە يۇكاتاننىڭ نەقىش ـ سورەتلىرى بىلەن ناھايىتى ماس كېلىدۇ. يۇنانلارنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىق رەمزلىرىنىڭ بىرى، يۇنان سەلىپى مۇ ئىمپېرىيەسى پادىشاسىنىڭ گېربىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى مەن «**قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ**» كىتاۋىمدا چۈشەندۈرگەن ئىدىم. مەن ئۇ يەردە مېكسىكىنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلىرىدىن تېپىلغان لوگقىنىڭ رەسىمىنى بەرگەن. سەنەسى 50 مىڭ يىلدىن ئېشىپ كېتىدىغان بۇ لوگقا يۇنان نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەن.

بالقاندا ۋە كىچىك ئاسىيادا كارىيلاردىن تاشقىرى باشقىمۇ قەبىلىلەر ياشىغان. كارىيلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇشلار بولغان.

مەن كىچىك ئاسىيانىڭ، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ۋە ئېگەي دېڭىزى ئاراللىرىنىڭ دەسلەپكى تۇرغۇنلىرى ئاتلانتىدا ئارقىلىق مەركىزى

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىدىن كەلگەن كارا ياكى كارىيلار بولغانلىقىنى خېلى ئىشىنەرلىك ھالدا بايان قىلدىم، دەپ ھېساپلايمەن. نۆۋەتتە مەن كىچىك ئاسىيادا بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك ۋە گېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار توغرىلىق قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى خالايمەن. بۇ 25 مىڭ يىل ئىلگىرى دۇنيانىڭ بۇ قىسمىدا ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن ئوقۇرمەننىڭ خىيالەن ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى خالىغان بولار ئىدىم. بىز ئۈچۈن بۈنىڭدىن 50 مىڭ ۋە يۈزمىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتلار ناھايىتى ئاكتىۋال بولغان بولار ئىدى، يازما مەنبەلەرسىز مەن ئېنىق بىر نەرسە دىيەلمەيمەن، ۋاقىتنى مۇنداق بەلگۈلەش پال ئېچىشتىن، يەنە كېلىپ، تەخمىنەن پال ئېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گېئولوگلار قەدىمىي زامانلار توغرىلىق بايان قىلغاندا، يۈز مىلىيونلىغان، مىلىيونلىغان ۋە يۈزمىڭلىغان يىللارنى كۆرسىتىشكە ماھىر بولۇۋالدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئېنىق يىللار سۈرۈشتۈرۈلگەندە ، ئۇلار كوچىدىكى سودىگەرگە ئوخشاشلا پەرەز قىلىدۇ، خالاس. مېنىڭچە گېئولوگلار بىرىنچى رەقەمدىن كېيىن نۆلنى قانچىلىك كۆپ يازسا، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۇلار توغرىلىق شۇنچىلىك ياخشى پىكىردە بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. دەۋرلەر ۋە ھارارەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان قانداقتۇر بىر مەھكىمە قۇرۇش لازىم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھەر-ھالدا بۇ مەھكىمىدىكىلەر تەبىئەت ھەققىدە ئازدۇر-تولا بىلىملىك بولۇپ قالاتتى. خۇدا ھەققى،ئۇ چاغدا نەشرىياتچىلارغا ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن بولار ئىدى.

گاز چەمبەرلىرى شەكىللىنىشتىن ۋە تاغلار ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى، كىچىك ئاسىيادا كۆپلىگەن شەھەرلەر سېلىنغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ قەدىمىي تۇرغۇنلىرىغا ئوخشاش، بۇ شەھەرلەرنى قۇرغۇچىلارغا ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ۋۇلقانلارنىڭ پارتلاشلىرى ۋە ھالاكەتلىك يەرتەۋرەشلەر كەينى-كەينىدىن يەر يۈزىدىن شەھەرلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، ئۇلارنىڭ تۇرغۇنلىرىنى

يوقاتتى. مەملىكەتلەر بىلەن شەھەرلەر ھالاك بولاتتى، ئاندىن شەھەرلەر يەنە سېلىنىپ، ئۇلاردا ئادەملەر ياشايتتى، ئاندىن ئۇلار يەنە نۆۋەتتىكى ئاپەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىناتتى. گاز چەمبەرلىرى شەكىللەنمىگىچە ۋە تاغلار ھاسىل بولمىغىچە ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلىدى. ئەندى بولسا مۇنداق ئاپەتلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىلىك ھالاكەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى قەدىمكى زاماندا گاز چەمبىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى ئاقىۋىتىدىن شۇنداق بولاتتى.

ھەر خىل خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسى باغلاشتۇرغۇچى ھالقىنىڭ بىرى تىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىرىنچى نۆۋەتتە ئەنە شۇنىڭغا ئاساسلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلۋەتتە يازما گۇۋالىقلار تۇرىدۇ، قەدىمى يۇنان تىلى، تازا ھالدا كارا-مايا تىلىدۇر، ھازىرقى يۇنان تىلىدىمۇ سىنگال تىلىدىن باشقا ھەر قانداق زامانىۋى تىلغا قارىغاندا مايا سۆزلىرى نۇرغۇن. ھازىرقى يۇنان ئېلىپبەسى ئەمەلىيەتتە تولۇغى بىلەن كارا-مايا ئېلىپبەسىدۇر. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرپى ياكى ئايرىم مايا سۆز بايلىقىنى، ياكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ ھەرپلەر بىرلىشىپ بۇ خەلقنىڭ ئەسلى ۋەتىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاك بولۇشى توغرىلىق بايان قىلىدىغان ئېپوسنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گرېكلارغا ئىنسانىيەت ئەجداتلىرىنىڭ ۋە بۇ پىلانىتىدىكى دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرى توغرىلىق ئەسلەتمە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان فرازېئولوگىيەلىك ھەيكەل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىلىق ھېكايىلەرنى يۇكاتان مايالىرى، مىسىرلىقلار، ھىندىلار، خالدېيلار، ئۇيغۇرلار يازما شەكىلدە ساقلىغان، ئاندىن ئۇلارنى ئىسرائىلىيەلىكلەر كۆچۈرۈپ يېزىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «تەۋرات»تىكى رىۋايەتلىرىدە بۇ ئەلنى ئىرەم بېغى دەپ ئاتىدى.

مەن «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» كىتاۋىدا يۇنان ئېلىپبەسىنىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى بەرگەن ئىدىم. مېنىڭ ھازىرقى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆپچىلىگى ئۇ كىتاپ بىلەن تونۇشمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۇلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇش مەخسىتىدە مەن ئۇنى بۇ يەردە يەنە تەكرارلايمەن.

**بىۋاستە تەرجىمە:**« تۆزلەڭلەرنى شىددەتلىك سۇ باستى. ئويمانلار سۇ ئاستىدا قالدى. سۇ توسۇقلارغا دۇچار بولغان يەرلەردە قىرغاقلار هاسىل بولدى، سۇ هاياتلىقنىڭ ۋە ھەرىكەتلىنىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇردى، يەرگە سۇ تولۇپ كەتتى، يەرنىڭ ھۆلى غولىدى، مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېرى سۇ ئاستىدا قالدى. پەقەت تاغلارنىڭ چوققىلىرىلا سۇ ئۈستىدە قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، ئەتراپتا قويۇن ئايلىنىپ سوغ شامال چىقماقتا. ئىلگىرى تۆزلەڭ بولغان يەرلەر ئەندى جوڭقۇرلۇققا ئايلانغان. ئىلگىرىكى ئويمانلاردا لاتقىلىق هاسىل بولماقتا. پارلار ۋە ۋۇلقان چاڭلىرى بىلەن نەپەس ئېلىۋاتقان ئېغىز (ۋۇلقان ئېغىزى) ئېچىلاي دەپ تۇرىدۇ».

ئېۋۆكلىد هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرىدە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 403-يىلى يۇنان ئېلىپبەسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تۇتۇش قىلىنغان ئىدى. يېڭىلىقلار باش تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان بولسا كېرەك، مەسىلەن: «گامما» ئىلگىرى «كامما» ئىدى، «دېلتا»-«تېلتا»، «رو»-«لاخو»، «سىگما» بولسا «زىگما» ئىدى. بۇ سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپبەنى لايىقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنغان بولسا كېرەك، هازىر ھەقىقەتەنمۇ ئىسلاھاتقا موھتاج بولۇۋاتقان ئىنگلىز تىلىغا نىسبەتەن مۇنداق ئۆزرۈنۈشلار قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن يۇنان لوغىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر قىلىندى.

كىچىك ئاسىيادىن تېپىلغان بىر قاتار بۇيۇملار،بىزگە مەلۇم بولغان يازما تارىخ باشلىنىشتىن ئونمىڭلىغان يىللار ئىلگىرىكى ئىنتايىن قەدىمكى زاماندا، بۇ زېمىندا يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ، بۇ ئادەملەر كىم ئىدى؟ ئۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ بۇ مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنى هازىر تروياذىن، بائالبېكتىن، ئېفېستىن ۋە سىمىرنىدىن

يوقاتتى. مەملىكەتلەر بىلەن شەھەرلەر ھالاك بولاتتى، ئاندىن شەھەرلەر يەنە سېلىنىپ، ئۇلاردا ئادەملەر ياشايتتى، ئاندىن ئۇلار يەنە نۆۋەتتىكى ئاپەتنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىناتتى. گاز چەمبەرلىرى شەكىللەنمىگىچە ۋە تاغلار ھاسىل بولمىغىچە ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلدى. ئەندى بولسا مۇنداق ئاپەتلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىلىك ھالاكەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى قەدىمكى زاماندا گاز چەمبىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى ئاقىۋەتتىدىن شۇنداق بولاتتى.

ھەر خىل خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسى باغلاشتۇرغۇچى ھالقىنىڭ بىرى تىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىرىنچى نوۋەتتە ئەنە شۇنىڭغا ئاساسلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلۋەتتە يازما گۇۋالىقلار تۇرىدۇ، قەدىمىي يۇنان تىلى، تازا ھالدا كارا-مايا تىلىدۇر، ھازىرقى يۇنان تىلىدىمۇ سىنگال تىلىدىن باشقا ھەر قانداق زامانىۋى تىلغا قارىغاندا مايا سۆزلىرى نۇرغۇن. ھازىرقى يۇنان ئېلىپبەسى ئەمەلىيەتتە تولۇغى بىلەن كارا-مايا ئېلىپبەسىدۇر. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىپى ياكى ئايرىم مايا سۆز بايلىقىنى، ياكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ ھەرپلەر بىرلىشىپ بۇ خەلقنىڭ ئەسلى ۋەتىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاك بولۇشى توغرىلىق بايان قىلىدىغان ئېپوسنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گرېكلارغا ئىنسانىيەت ئەجداتلىرىنىڭ ۋە بۇ پىلانىتىدىكى دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرى توغرىلىق ئەسلەتمە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان فرازېئولوگىيەلىك ھەيكەل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىلىق ھېكايىلەرنى يۇكاتان مايالىرى، مىسىرلىقلار، ھىندىلار، خالدېيلار، **ئۇيغۇرلار** يازما شەكىلدە ساقلىغان، ئاندىن ئۇلارنى ئىسرائىلىيەلىكلەر كۆچۈرۈپ يېزىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «تەۋرات»تىكى رىۋايەتلىرىدە بۇ ئەلنى ئېرەم بېغى دەپ ئاتىدى.

مەن «**قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ**» كىتاۋىدا يۇنان ئېلىپبەسىنىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى بەرگەن ئىدىم. مېنىڭ ھازىرقى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ كىتاپ بىلەن تونۇشمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇش مەخسىتىدە مەن ئۇنى بۇ يەردە يەنە تەكرارلايمەن.

**بىۋاستە تەرجىمە:** «تۈزلەڭلەرنى شىددەتلىك سۇ باستى. ئۆيمانلار سۇ ئاستىدا قالدى. سۇ توسۇقلارغا دۇچار بولغان يەرلەردە قىرغاقلار ھاسىل بولدى، سۇ ھاياتلىقنىڭ ۋە ھەرىكەتلىنىدىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇردى، يەرگە سۇ تولۇپ كەتتى، يەرنىڭ ھۆلى غولىدى، مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېرى سۇ ئاستىدا قالدى. پەقەت تاغلارنىڭ چوققىلىرىلا سۇ ئۈستىدە قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، ئەتراپتا قويۇن ئايلىنىپ سوغ شامال چىقماقتا. ئىلگىرى تۈزلەڭ بولغان يەرلەر ئەندى چوڭقۇرلۇققا ئايلانغان. ئىلگىرىكى ئۆيمانلاردا لاتقىلىق ھاسىل بولماقتا. پارلار ۋە ۋۇلقان چاڭلىرى بىلەن نەپەس ئېلىشۋاتقان ئېغىز (ۋۇلقان ئېغىزى) ئېچىلاي دەپ تۇرىدۇ».

ئېۋۆكلىد ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرىدە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 403-يىلى يۇنان ئېلىپبەسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تۇتۇش قىلىنغان ئىدى. يېڭىلىقلار باش تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان بولسا كېرەك، مەسىلەن: «گامما» ئىلگىرى «كامما» ئىدى، «دېلتا»-«تېلتا»، «رو»-«لاخو»، «سىگما» بولسا «زىگما» ئىدى. بۇ سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپبەنى لايىقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنغان بولسا كېرەك، ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ئىسلاھاتقا مۇھتاج بولۇۋاتقان ئىنگلىز تىلىغا نىسبەتەن مۇنداق ئۇرۇنۇشلار قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن يۇنان لوغىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر قىلىنىدى.

كىچىك ئاسىيادىن تېپىلغان بىر قاتار بۇيۇملار، بىزگە مەلۇم بولغان يازما تارىخ باشلىنىشتىن ئونمىڭلىغان يىللار ئىلگىرىكى ئىنتايىن قەدىمكى زاماندا، بۇ زېمىندا يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ، بۇ ئادەملەر كىم ئىدى؟ ئۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ بۇ مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنى ھازىر تروياددىن، بائالبېكتىن، ئېفېستىن ۋە سىمىرنىدىن

تېپىش مۇمكىن. مارك تىۋېننىڭ «نادانلار چەت ئەلدە» ناملىق كىتاۋىدىن سىمىرنىنىڭ قەدىمىي خارابىلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئاممىباپ تەسۋىرنى تېپىش مۇمكىن.

«بىز كوچىلاردا كېتىپ بېرىپ، ئالتە سىمىرنىنىڭ (قەدىمكى ئالتە تروياىنى ئەسلەڭ) خارابىلىرىنى كۆردۇق، ئۇلار بىر چاغلاردا بۇ يەردە مەۋجۇت بولغان. ئوتلار يالقۇنىدا ھالاك بولغان ياكى يەر تەۋرەش ئاقىۋىتىدە باشتىن ئاياق ۋەيران بولغان. تاغلار بىلەن ئېگىزلىكلەرنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرى يېرىلغان ۋە دەز كەتكەن، قېزىلما ئىشلىرى ئەسىرلەر بويى كۆمۈلۈپ ياتقان ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى يالىڭاچلىماقتا.

سېپىلغا ئاپىرىدىغان تاغ ناھايىتى تىك بولغاچقا، بىز ئاستا ئىلگىرىلىدۇق. لېكىن بۇ يەردە كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. دېڭىز يۈزىدىن بەشيۈز فۇت ئېگىزلىكتىكى بىر جايدا ئون ـ ئونبەش فۇت كېلىدىغان يار تۈۋىدىن يول ئۆتىدۇ. ھاسىل بولغان ياردا قولۇلە قاپلىرىنىڭ ئۈچ قاتلىمى كۆرىنىدۇ، ئۇ نېۋادا ياكى مونتانانىڭ تاغلىق يوللىرىدىكى كۋارتسلىق قاتلاملارغا ئوخشايدۇ. قېلىنلىغى ئون سەككىز دىيۇملۇق بۇ قاتلاملار بىر بىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ فۇت ئارىلىقتا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يار يولغا تۇتىشىدىغان جايغىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوتتۇز فۇتقىچە سوزۇلىدۇ...قولۇلە قاپلىرى ئارىسىدا، ئۇ يەر بۇ يەردە قەدىمىي ساپال قاچىلىرىنىڭ سۇنۇقلىرى ئۇچرايدۇ».

تارىختىن ئىلگىرىكى ئۆتمۈشتە موشۇ يەردە، كىچىك ئاسىيادا، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربى تەرىپىدە، پەۋقۇللادە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بىلىملىك ئادەملەر ياشىغان. كىچىك ئاسىيادا تاغلار كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، يەر يۈزىدىن ئۈچ ئۇلۇق مەدەنىيەتنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئۈچ ھالاكەتلىك ئاپەت يۈز بەرگەن. ئەتىمالىم، بۇ ئاپەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە مىڭلىغان يىللار ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە ۋەيرانچىلىق ئاپەتلىرى يۈز بەرگەنلىكتىن، ئەنە شۇ ۋاقىت بۇ يەرلەرگە كىشلەرنىڭ يەنە كۆچۈپ كېلىشىگە ۋە ۋەيران بولغانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يېتەرلىك

بولغان. ھازىر خارابىلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن بەش يۈز فۇت ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىلىرىنى ھاسىل قىلغان جىسىملار ئارىسىدا بايقىلىۋاتقانلىقى، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تاغلار ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغانلىقىنى رەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. تاغلار پلېيستوتسېن دەۋرىدە ھاسىل بولغان. دېمەك، مەدەنىيەتلەر ئۆز تومۇرلىرى بىلەن ئۈچلەمچى دەۋرگە تۇتىشىپ تېخىمۇ قەدىمىي بولۇپ چىقىدۇ.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى،مەن قەدىمىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ياۋروپا ۋە كىچىك ئاسىيادىكى تەبىئىي ئاپەتلەر توغرىلىق مىسىرنىڭ ۋە «تەۋرات»نىڭ خاتىرىلىرىنى تاپتىم. ئەپلاتوننىڭ گۇۋالىقىنى تولۇق دەرىجىدە يۇنانلارنىڭ دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مىسىرلىقلار سولونغا ئېيتىپ بەرگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىدۇ. سۇ تاشقىنلىرى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر توغرىلىق گۇۋالىقلار ۋە ئېغىزدا ئېيتىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر پۈتكۈل دۇنيا خەلقلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ. بۇ گۇۋالىقلار بارلىق جايلاردا گېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ.

بائالبېك بائالبېك خارابىلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە سۈرىيە چۆللىرىنىڭ شىمالى چېتى ئوتتۇرىسىدا، بېيرۇتنىڭ شەرقى-شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر ئۆزىدىكى بارلىق قەدىمىي ئىنشائاتلىرى بىلەن ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇمۇمەن ئالىملار ھازىرغىچە بۇ بىنالارنى كىم ۋە قاچان سالغانلىقىغا ئىشارە قىلىدىغان زەررىچىلىكمۇ مەلۇمات تېپىلمىغانلىقىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ۋاڭ-چۇڭ چىقارغان ئىدى. مېنىڭ ئىختىيارىمدا بۇ يادىكارلىقنىڭ بىر نەچچە تەسۋىرى بار. مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا ئادەتتىكى ئوقۇرمەنگە ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشاشلا كۈچلۈك تەسىر قىلىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ مارك تىۋېيننىڭ بۇ ھەقتىكى كىتاۋى.مەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ كىتاپنى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغان بولار ئىدىم. ئەگەر ئۇلارغا قىزىقارلىق بولمىسا ئوقىمىسۇن. لېكىن ئۇلار شۇنى

ئەستە تۇتۇشى كېرەككى، بۇ كىتاپتا مۇتەخەسسىسلەر مېغىزنى چاقالماي قالغان مەسىلىلەرنىڭ جاۋاپلىرى ئاز ئەمەس.

«سائەت ئون بىردە باتالىيكىنىڭ تاملىرى ۋە مۇنارىلىرى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ مەشھۇر خارابىلىرى ۋە تارىخى، ئىنتايىن سىرلىق كىتاپتۇر. ساياھەتچىلەرنى تاڭ قالدۇرغان ۋە پەخىرلەندۈرگەن بۇ يادىكارلىقتا قانچە مىڭلىغان يىللار بولغان، لېكىن ئۇنى كىم ۋە قاچان سالغانلىقىنى، ئەتىمالىم ھېچ كىم بىلەلمىسە كېرەك. پەقەت بىر نەرسە شۇبھىسىز، ئاخىرقى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە ئىنسان قولى بىلەن يارىتىلغان ھېچ نەرسە ئۇزىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆلىمى ۋە ئاجايىپ نەپىس ئىشلىنىشىدە باتالىيكىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ.

ئۇلۇغۋار قوياش ئىبادەتخانىسى، يۇپىتېر ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇلاردىن كىچىكرەك بىر نەچچە ئىبادەتخانا نامرات سۇرىيە يېزىلىرىنىڭ بىرىدە، بىر بىرىگە يېقىن ئارىلىقتا تۇرىدۇ ۋە مۇنداق نامراتچىلىق يېغىپ تۇرغان يەردە غەلىتە كۆرىنىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىلار شۇنداق مەزمۇت ھۇلنىڭ ئۇستىدە تۇرغانكى، ئۇلار پۇتكۇل يەر شارىغىمۇ بەرداشلىق بەرگەن بولار ئىدى، ئۇلار كىچىكرەك ئافتوبۇسلاردەك يوغانلىقتىكى ئۇيۇل تاشلاردىن سېلىنغان، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا تۇنىپلار بولۇپ، بۇ تۇنىپلار ئارقىلىق پويىز قىينالماي ئۆتۈپ كەتكەن بولار ئىدى. باتالىيكىنىڭ ھازىرقى كۆنگىچە قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. قۇياش ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇزۇنلىغى ئۇچ يۈز فۇت، كەڭلىگى يۈز ئاتمىش فۇت كېلىدۇ. ئۇ ئەللىك تۆرت تۈۋرۈك بىلەن قورشالغان. ھازىر ئۇلاردىن پەقەت ئالتىسىلا قالغان، قالغانلىرى غۇلاپ چۈشكەن ۋە تەرتىپسىز ياتقان تەسۋىرى سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئايلانغان. ساقلىنىپ قالغان ئالتە تۈۋرۈك دەسلەپكى ھالىتىدەك خېلى مۇكەممەل تۇرىدۇ. دۇنيادا ئۇلاردىنمۇ گۈزەل تۈۋرۈك بولمىسا كېرەك. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئېگىزلىگى توخسەن فۇت كېلىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېگىزلىك، ئۇلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قانچىلىك گۈزەل ۋە ئۇز ئىكەنلىگى توغرىلىق ئويلايسەن، تۈۋرۈكلەر ناھايىتى زىل ۋە نەپىس كۆرىنىدۇ، ئاستىنقى قىسمىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەرنى چاپلانغان

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق بېزەكلەر ئىكەن، دەپ قالىسەن.يۇقىرىغا تىكىلگەن كۆزلەر تالىغاندا، ئەتراپتا ياتقان تۆۋرۈكلەرنىڭ يوغان پارچىلىرىغا نەزەر تاشلايسەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دىئامېتىرى سەككىز فۇت كېلىدۇ، بۇ يەردە يەنە ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆيدەك كېلىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق راۋاقلار ۋە ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن نەقىشلەر چىقىرىلغان تاش پىلتىلىرى ياتىدۇ، پىلتىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قېلىنلىقى تۆرت-بەش فۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ھال كۆلەمدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ پولىنى قاپلاش مۇمكىن بولار ئىدى...

يۇپىتېر ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىرى يۇقىرىدا مەن بايان قىلغاندىكىدەك يوغان بولمىسىمۇ، لېكىن ھەيۋەتلىكتۇر. ئىبادەتخانا خېلى ياخشى ساقلانغان. بىر قاتاردىكى توققۇز تۆۋرۈكنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ۋەيرانچىلىقتا ئۆچرىغان. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش بەش فۇت، ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئۆگۈزىگە تۇتىشىدىغان پېشايۋىنىنىڭ تورۇسىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ پېشايۋان تورۇسى ناھايىتى گۈزەل ئويۇلغان نەقىشلەر بىلەن پەدەزلەنگەن تاش پىلتىلىرىدىن ياسالغان، تۆۋەندىن قارىغاندا تورۇس ھەيكەلچىلەر بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئىككى - ئۈچ پىلتا غۇلاپ چۈشكەن. مەن ھىرىسمەنلىك ئىچىدە ئۆزەمگە سۇئال قويدۇم، ماھىر نەققاش تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بۇ ھەيۋەتلىك تاشلار ئەسلىدە مەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلەردىن قانچىلىك يوغان بولغىيتتى؟ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى بېزىلىشى ناھايىتى نەپىس ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلۇغۋار.بۇ ئىبادەتخانا سېلىنىۋاتقان ۋە يېڭىلا پۈتكەن چاغدا ئۇ بىناكارلىقنىڭ قانداق مۆجىزىسى، قانچىلىك گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىق مۆجىزىسى بولغان ئىدى دېسىڭىزچۇ! ئۇ ئۆزىدىن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇرغان يېنىدىكى قوياش ئىبادەتخانىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاخشىمى ئاي يورۇقىدا ئەتراپتا تاشلىنىپ ياتقان گىگانت پارچىلار ئارىسىدا شۇنچە گۈزەل كۆرۈنىدۇ

تاش كانىدىن بۇ غايەت زور ئۇيۇل تاشلارنى بۇ يەرگە قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىگە، ئۇلارنى مۇنداق ئادەمنىڭ بېشى قايىدىغان ئېگىزلىككە قانداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.ھالبۇكى قۇياش

ئىبادەتخانىسىنى قورشاپ تۇرغان، كەڭ مەيدانچە ۋە پېشايۋاننى كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور ئۇيۇل تاشلار بىلەن سېلىنغان. بۇ پىلتىلار باللار ئويۇنچۇقلىرىدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ مەيدانىنىڭ ئىككى يۈز فۇت ئېگىزلىكتىكى بىر تەرىپى تېخىمۇ يوغان بولغان ئۇيۇل تاشلار بىلەن قاپلانغان... بۇ ئۇيۇلتاشلار ماڭا ئىنتايىن يوغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى، لېكىن مەيدانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۇيۇل تاشلار بىلەن سېلىنغان، بۇلار كۆلىمىنىڭ دەرىجىدە كىچىكتەك كۆرۈندى... بۇ ئۇيۇل تاشلارنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى ئىككى يۈز فۇتقا يېتىدۇ، كەڭلىكى ئون ئۈچ فۇت، ئىككى ئۇيۇل تاشنىڭ ئۇزۇنلىغى ئاتمىش تۆرت فۇت، ئۈچىنچىسىنىڭ ئاتمىش فۇت. ئۇلار خۇددى تامدەك يەردىن يىگىرمە فۇتتەك كۆتىرىلىپ تۇرىدۇ.

بىز بائالبېككە تاش ئېلىپ كېلىنگەن تاش كانىغا باردۇق. ئۇ بۇ يەردىن چارەك مىل يىراقلىقتىكى تاغ ئاستىدا. غايەت چوڭ ئويماندا يەنە ئىككى ئۇيۇل تاش ياتىدۇ، ئۇلار بىز يېقىندىلا كۆرگەن ئەڭ يوغان تاشلارغا ئوخشايتتى.بۇ ئۇيۇل تاشلار قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا باھادىر قۇرۇلۇشچىلار توساتتىن ئىشنى توختىتىپ، كىمدۇر بىرىنىڭ چاقىرىقى بىلەن بۇ يەردىن ئالدىراش ئايرىلغاندا تاشلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.كەڭلىكى ئون تۆرت فۇت،ئۇزۇنلىقى ئون ئالتە فۇت، ئېگىزلىكى يەتمىش فۇت بولغان تەييار ھالەتتىكى بۇ تاشلار قانچە مىڭلىغان يىللار داۋامىدا، بىزنىڭ يىراق ئەجداتلىرىمىزغا مەڭگۈ ئەسىتىمىكەندەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە ياتىدۇ».

بۇ تاشنىڭ سالمىقى 1200 توننىدىن ئوشۇق. يەنە بىر خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيۇل تاش ئىبادەتخانىنىڭ سىرتىدىكى مەيدانىنىڭ بىر قىسمىنى ھاسىل قىلىدۇ. قۇياش ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەيران بولغان چەتتىكى ئۈچ تۈۋرۈكى 1759 ـ يىلدىكى يەر تەۋرەشتە غۇلاپ چۈشكەن.

رىچارد كىبرل ئۈزىنىڭ «ئۆتمۈشنىڭ مۆجىزىلىرى» دېگەن كىتاۋىدا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان قۇرۇلۇشلار، ئاساسەن ئانتونىن پىي (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 86 ـ 161 ـ يىللار) دەۋرىدىكى رىمنىڭدۇر.

ئۇيۇل تاشلار بۇ يەردىن تەخمىنەن يىرىم مىل ئارىلىقتىكى تاش كانلىرىدىن ئېلىناتتى، ئۇ يەردە هازىرغىچە ئۇزۇنلىقى 68، كەڭلىكى 14 فۇتلۇق يەنە بىر زور تاش تۇرىدۇ. ئۇ، ئەتىمالىم، ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن ئۆز ئورنىغا ئورنىتىلماي قالغان بولسا كېرەك» دەپ يازغان.

بۇنىڭدىنمۇ ئەخمىقانە ۋە خاتا پىكىرلەرنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس. رىم، يۇنان، مىسىر خەلقلىرى كېرىل تەكتىلىگەن بارلىق دەۋرلەردە ئازراق بولسىمۇ دىققەتكە سازاۋەر ۋەقەلەر بىلەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى تەپسىلى رويخەتكە ئېلىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، بۇ خەلقلەرنىڭ تارىخلىرىدا بائالبېك قۇرۇلۇشى توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ سۆز يوق. بولۇپمۇ بۇ يەردىن بارى-يوقى بىر نەچچە يۈز مىل يىراقلىقتا ياشاپ، بۇنىڭدىن 1200-1300 يىل ئىلگىرى دىققەتكە سازاۋەر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى يېزىپ تۇرغىنىغا قارىماي، يۇنان تارىخىدا بائالبېك توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ.غايەت زور ئۇيۇل تاشلارنى يۆتكىگەن قۇرۇلۇشچىلارنىڭ يەنە بىر دانە تاشنى ئېغىر كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىمىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر تامامەن ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ ئىنشائاتلارنىڭ مىمارچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ رىمنىڭ ئەمەسلىكى، رىملىقلارنىڭ ھېچ قاچان قۇياش ئىبادەتخانىلىرىنى سالمىغانلىق پاكىتى، كېرىلنىڭ بۇ مەسىلە بىلەن تامامەن تونۇش ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مىمارچىلىق بويىچە مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقا ئالىملار ئىبادەتخانىنىڭ بەزىبىر مەرمەر تۈۋرۈكلىرىنى مىسىرنىڭ مەركىزى ۋىلايەتلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، دېيىشىدۇ. ئەتىمالىم، شۇنداقمۇ بولغاندۇر، لېكىن نىمە ئۈچۈن مىسىردا بۇ تاشلارنى توشۇش توغرىلىق بىرمۇ گۇۋالىق قالمىغان؟ نىمە ئۈچۈن بۇ توغرىلىق رىم تارىخچىلىرىنىڭمۇ، مىسىر تارىخچىلىرىنىڭمۇ ئەسەرلىرىدە بىر ئېغىز گەپ يوق؟

تاش كانىدا ياتقان غايەت زور تاش، شۈبھىسىزكى، ئىككى خىل ئېھتىماللىقتىن دېرەك بېرىدۇ: بىرىنچىدىن بائالبېكنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئاخىرىغىچە پۈتمىگەن، ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇشنى تۇيۇقسىز

توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. پۈتمىگەن ئىش قۇرۇلۇشچىلارنىڭ تۇيۇقسىز قازاسى ياكى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان بىر ھادىسە توغرىلىق گۇۋالىق قىلىدۇ. تامامەن روشەنكى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ھادىسە بائالبېكتىكى ئىشلارنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان. بائالبېك تاش كانىدىكى ئۇيۇل تاش كىشىگە 8-10 مىڭ مىل يىراقلىقتىكى شەرقى ئىسلاندىيەنىڭ تاش كانلىرىدىكى ئىنتايىن زور سىلىقدالمىغان ئۇيۇل تاشلارنى ئەسلىتىدۇ.

بائالبېك ئىنشائاتلىرىنىڭ پۈتۈشكە ئاز قالغاندا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغانلىقىغا ھېچ شۈبھە يوق. لېكىن قۇرۇلۇشچىلارغا نېمە بولغان؟ بۇ سوئالغا مەنمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ جاۋاپ بېرەلمەيدۇ، بۇ يەردە پەقەتلا تەخمىن قىلىش مۇمكىن. ئۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەنكى، قىلچىلىكمۇ ئىزى تېپىلمايۋاتىدۇ. بەلكىم بىزگە بائالبېك توغرىلىق سۆزلەپ بېرىدىغان قەدىمىي يۇنان ھۆججەتلىرى قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا تېپىلىپ قالار. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر نەرسە شۈبھىسىزكى، بائالبېك قۇرۇلۇشلىرى سىمىرىنىدىكى قۇرغان دۆلەتنى تېپىلغان بىرمۇ مەدەنىيەتكە تەئەللۇق ئەمەس، چۈنكى بۇ مەدەنىيەتلەر تاغلار ھاسىل بولغىچە بولغان دەۋرىگە تەئەللۇق، ئەندى بائالبېك بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن سېلىنغان.

بائالبېك قۇرۇلۇشچىلىرى توغرىلىق بىرەر ئېنىق مەلۇمات بولمىغاندىن كېيىن، بىزگە پەقەت بەزى بىر ئۇيلارنى ئوتتۇرغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بائالبېك ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئەڭ قەدىمىي يۇنان تۈۋرۈكلىرى تۇرىدىن. ئەتىمالىم، بائالبېكتىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇسلۇبى يۇنانىستاندا تۈۋرۈكلەر پەيدا بولۇشتىن مىڭ يىل ئىلگىرى مەلۇم بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆتمۈشكە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆككەندە بۇ مېمارچىلىق ئۇسلۇبى كارىي ئۇسلۇبىنىڭ تەرەققىياتى بولغان دەپ تەكىتلەش مۇمكىن.

كىچىك ئاسىيادىكى دەسلەپكى كۆچمەنلەر ئارىسىدا ھازىرقى يۇنانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەجداتلىرى بولغان ئىدى. بائالبېك قۇرۇلۇشچىلىرى يۇنانلار بولغانمۇ ياكى ئۇلار ئېللىنلاردىن كېلىپ چىققان گرېكلارمۇ؟ ھومېر، ھېرودوت، فۇكىدىد، سترابون ۋە سائىس كاھىنى سۇكفىس تەرىپىدىن يېزىلغانلارغا قارىغاندا، بۇنداق پەرەز قىلىشقا خېلى ئاساسلار بار.

بىز كۆپلىگەن جەھەتلەردە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بولغان يەر يۈزىدىكى دەسلەپكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىمىز دېسىڭىزچۇ! ئۆتمۈشنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق پەيدىن-پەي يوقالماقتا. زامانىۋى ئىنسانلار ئۇ توغرىلىق بارغانسىرى كۆپ مەلۇماتقا ئېگە بولماقتا. بىز مىخانىكىلىق ئىشلارغا نىسبەتەن ئەجداتلىرىمىز بىلگەننى بىلمەيمىز، ئەندى ئۇلارغا شۇنچىلىك ياخشى مەلۇم بولغان ئىلاھى كۈچلەر توغرىلىق بولسا تامامەن ھېچ نەرسە بىلمەيمىز.

**سمىرنا** يېقىندا كىچىك ئاسىيادىكى كاپىرنۇمدا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكى تېپىلدى، ئۇ ئالىملار ئارىسىدا ھەقىقى خوشاللىقنى پەيدا قىلدى، ئۇلار بۇ ئادەم مىلادىدىن 30 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ۋە يەر يۈزىدىكى دەسلەپكى ئادەملەرنىڭ بىرى بولغان، دەپ جاكالىدى. بارلىق باشقا تېپىلمىلارغا ئوخشاش، كاپىرنۇم باش سۆڭىكىنىڭ سەنەسى تامامەن نەزەرىيىۋى ئاساستا بېكىتىلگەن. بۇ باش سۆڭىكى سمىرنىدىكى قۇرغان دۆڭدىن تېپىلغان ئۈچ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى بىلەن تامامەن سېلىشتۇرۇلمىغان، ئۇلارنىڭ سەنەسى بۇ باش سۆڭىكىنىڭ يىللىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ مەدەنىيەتلەر كاپىرنۇم ئادىمىدىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. سمىرنا مەدەنىيىتىنىڭ سەنەسى توغرىلىق گېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار گۇۋالىق قىلىدۇ، بۇ پاكىت. كاپىرنۇم ئادىمىنىڭ يىللىرى بولسا پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانمىغان نەزەرىيە. يىللىرى نامەلۇم بولغان باش سۆڭەكلىرى ئۆتمۈش توغرىلىق ھېچ قانداق مەلۇمات ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

# 9 - باپ: مىسىر

مەن بۇ يەردە مىسىرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشنى نىيەت قىلمايمەن. بۇ ھەقتە يېزىلغان كىتابلار شۇنچىلىك نۇرغۇنكى، ئۇلاردىن بىر پۈتۈن كۇتۇپخانا تۈزۈش مۇمكىن. مېنىڭ مەقسىتىم بىرىنچىدىن، نەزەرىيەلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى يازما گۇۋالىقلار ئارقىلىق دەسلەپكى مىسىرلىقلارنىڭ كىملەر بولغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، مىسىرنىڭ دەسلەپكى تۇرغۇنلىرى مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىسىرغا بىۋاستە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت .بۇ ، مىللەتشۇناسلارنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قېيىن تېپىشماقنى تېپىشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈن مىسىر تارىخىنىڭ ئەڭ بېشىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار بولغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاپ بېرىدۇ.

كۆپلىگەن مىسىرشۇناسلار مىسىر خەلقىنىڭ ئىككى خىل دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلىقى توغرىلىق سۆز بولغاندا، خالتا كوچىغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ بىر قارىماققا ھەل قىلىپ بولمايدىغان تېپىشماق، مىسىرنىڭ دەسلەپ قانداق ۋە كىملەر تەرىپىدىن ماكانلانغانلىقى توغرىلىق مەلۇماتى بولغان ئادەم ئۈچۈن ئۇ تېپىشماق بولۇشتىن قالىدۇ. مىسىرشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل نەزەرىيەلىرىدە ۋە مەنتىقى پىكىر قىلىشلىرىدا قەدىمىي رەمزىلەرنى، رەمزىلىك مەتىنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن مەنالىرىنى بىلمىگەنلىكتىن ناھايىتى نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان. ئۇلارنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەيىپلىمەيمىز، چۈنكى ئۇلارغا كېرەكلىك ئاچقۇچلار مەلۇم ئەمەس ئىدى ۋە ئۇلار توغرىلىق بىلىش مۇمكىن بولغان مۇنداق مەكتەپلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كام دىگەندە بىر نەچچە يۈز يىل داۋامىدا بۇ سىرلار پەقەت بىر نەچچە پىشقەدەم شەرق دانىشمەنلىرىگىلا مەلۇم بولغان. بۇ دانىشمەنلەر بولسا ئۆز ھاياتىنى ساگرامىلار بىلەن موناستىرلاردا ئۆتكۈزەتتى، تاشقى دۇنيا

www.uyghurkitap.com

بىلەن ناھايىتى ئاز ئارىلىشاتتى. تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى زامانىۋى نەزەرىيەلەرگە شۇنچىلىك ماس كەلمەيتتىكى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ھېچ كىمدە قىزىقىش پەيدا قىلمايتتى.

مىسىرغا ئورۇنلىشىش ئىككى تەرەپتىن كەلگەن كۆچمەنلەر دولقۇنىنىڭ نەتىجىسى بولغان. بىرىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر غەربتىن تۆۋەنكى مىسىرغا كەلگەن.ئىككىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر شەرقتىن يۇقىرىقى مىسىرغا كەلگەن. غەربتىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ماكانىنى سائىستا، نىل دەرياسى بويىدا ئورۇنلاشتۇردى ۋە قەدىمكى زاماندا نىل جامائەسى دەپ ئاتالدى. شەرقتىن كەلگەنلەر بولسا ئافرىقىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا، گۋاردافۇي تۇمشۇقىدىن باب ـ ئېل ـ ماندېب قولتۇقىغىچە ئورۇنلاشتى. ھىندىستاندا مەن مايئۇ جامائەسىنىڭ نامىنى ئۇچراتتىم، لېكىن ئۇ يۇقىرىدا تەكشلەنگەنلەرگە تەۋەمۇ ياكى ھازىرقى قىزىل دېڭىز بويىدىكى سۇئاكىن شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يەرلەر بىلەن چەكلىنەمدۇ، بۇنى ئېيتالمايمەن.بۇ جامائەنىڭ پايتەختى ھىندىستان يىلنامىلىرىغا تەئەللۇق بولغان ئۇ دەۋرلەردە، مايئۇ شەھىرى بولغان ۋە شۇ نەرسە ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسكى، پۈتكۈل ۋىلايەتمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. كۆچمەنلەر قۇرۇقلۇققا ئىچكىرلەپ كىرىپ، نىل دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ يەردە ئۇلار دەريانىڭ تۆۋەنكى ۋە يۇقىرىقى ئېقىمىنى بويلاپ تارقالغان ۋە ئاخىرى تۆۋەنكى مىسىر تۇرغۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. سائىستا دەسلەپكى ماكانىنىڭ ھۇلى سېلىنىپ ئون مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى مىسىر تۇرغۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ ۋە تۆۋەنكى مىسىرلىقلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. ئىككى خەلق بىرلىشىپ بىر پۈتۈن ئىمپېرىيە قۇرىدۇ. ئەندى يۇقىرىقى مىسىر تۇرغۇنلىرىنىڭ ھىندىستانغا قانداق كەلگەنلىكىگە بىر نەزەر تاشلايلى.

**مايئۇ جامائەسى** مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ (بۇ دەۋر ئېنىقلانمىغان) بابىلون ئىمپېرىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناگلار ھىندىستاندىن غەربكە يول ئېلىپ، ئافرىقىنىڭ شەرقى-شىمالىغا يېتىپ باردۇ. ئۇلار ئادېن قولتۇغىنىڭ بويىدا ۋە قىزىل دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆز ماكانلىرىنى بەرپا قىلىدۇ. ھىندىستان ۋە مىسىر يىلنامىلىرىدا مايئۇنىڭ يۇقىرىقى مىسىردىكى، نۇبىيەدىكى ماكانلىرى توغرىلىق خەۋەر قىلىدۇ. مايئۇ ھازىر سۇئاكىن شەھىرى تۇرغان جايغا يېقىن قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان. ئۇ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەرلەر تۈزلەڭ بولۇپ، ئافرىقىدا تېخى تاغلار ھاسىل بولمىغان ئىدى. ئۇ دەۋردە بۇ جايلاردا ھازىرقى چۆللەرمۇ بولمىغان.

كېيىنىرەك بۇ كۆچمەنلەرنىڭ قەدىمى ئافرىقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا يەنى ئاق ۋە كۆك نىل قوشۇلىدىغان يەرگىچە يېتىدۇ. ناگلارنىڭ بۇ ماكانى ئۆسۈپ گۈللىنىپ، ناھايىتى قۇدرەت تاپىدۇ. ئاخىرى ئۇلار تۆۋەنكى مىسىرلىقلار،يەنى مايالار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئىككى مىسىرنى بىر ئىمپېرىيەگە بىرلەشتۈرىدۇ.يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى مىسىرنى بىرلەشتۈرگەن دەسلەپكى سۇلالىنىڭ ئاساسىنى سالغان مېنا ياكى مېنېس بولغان ئىدى. ئۇ مىسىرنىڭ تارىخى سەھنىسىگە چىقىش بىلەن «شىمال ۋە جەنۇپنىڭ پادىشاسى» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى.

يۇقىرىقى مىسىرلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھىندىستاننىڭ ۋە مىسىرنىڭ يىلنامىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇلارنىڭ ئاساسى رەمزى قۇياش ئىلاھى بويىچە ئوگاي ئېنىقلىنىدۇ. ئىككى يىلان بىلەن ئورالغان قۇياش شەكىللىك چەمبەر تۆۋەنكى مىسىرغا يۇقىرىقى مىسىرلىقلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن. بارلىق قەدىمي ئەللەردە بولىدىغان بۇ رەمزىنىڭ كۆپلىگەن نۇسقىلىرىدا يىلان ئۇچرايدۇ. مىسىرنىڭ قاناتلىق چەمبىرى پەقەت ئۇلارنىڭ بىرى. بۇ توغرا كېلىشمۇ ئەمەس، بەدىئىي ئىزدىنىشمۇ ئەمەس. بۇ ياراتقۇچىغا ھۆرمەت

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈش ۋە قەدىمىي زامانلاردا بۇ يەرنىڭ تۇرغۇنلىرىنىڭ ياراتقۇچى- خۇدا رەمزى سۈپىتىدە ئاساسى جەھەتتىن يىلاندىن پايدىلانغانلىقىدىن ئىبارەت خاتىرىنى ساقلاش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كېيىنچە مىسىردا رەسىمنىڭ ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قۇياش چەمبىرى ئاساسى رەمزىگە ئايلاندى. ياراتقۇچىنىڭ رەمزى سۈپىتىدىكى يىلان بولسا ئىككىنچى ئورۇنغا سىلجىدى. بۇ ئىككىسىدىن باشقا نۇرغۇن ساندىكى رەمزلەر ئىككىنچى دەرىجىلىك بەلگىلەر سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى. ھەتتا پادىشانىڭ تاجى ياراتقۇچىنىڭ رەمزى سۈپىتىدە يىلان بىلەن بېزەلگەن. تاجىدا قۇياش سۈرىتى بولمايتتى، چۈنكى قۇياش چەكسىز قۇدرەتلىك دەپ قارىلاتتى ۋە ئۇنى مۇنداق ھالدا پايدىلىنىش ھۆرمەتسىزلىك بولغان بولار ئىدى.

بىزنىڭ بۇيەردە كۆرگىنىمىزدەك، مىسىرنىڭ ئەنئەنىلىرى ھىندىستان ئەنئەنىلىرىگە ئاھاڭداش. بۇ ئادەملەر ھىندىستاندىن كەلگەن بولغاچقا ئۆز ئېلى ھەققىدىكى خاتىرىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلايتتى.

**فىلوستىرات** «ئاپوللونى تىئانسكىينىڭ ھاياتى» دېگەن كىتاۋىدا: «دەسلەپكى مىسىرلىقلار ھىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن» دەپ يازىدۇ.

ئايودىخىدىكى رىشى ئىبادەتخانىسىنىڭ يىلنامىلىرى ئاساسىدا ئۆز ئەمگەكلىرىنى يازغان ھىندىستانلىق دانىشمەن، تارىخچى ۋالمىكى مۇنداق دەپ يازغان: « ھىندىستاننىڭ مايا قەبىلىسى مىسىردا جامائە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مايئۇ دەپ ئات قويغان».

يىلنامىلارغا مۇۋاپىق، ۋالمىكى ئالىي كاھىن ئوقۇپ بەرگەن ئىبادەتخانا يېزىقلىرىنى يېزىۋالغان.

**«رامايانا»**دا ۋالمىكى مۇنداق دەپ يازىدۇ:« دانىشمەنلەر ئاۋال دېكاندا ئورۇنلاشتى، ئۇ يەردىن ئۆز دىنىنى ۋە تەلىماتىنى بابىلون ۋە مىسىر جامائەلىرىگە تارقاتتى».

**برۇنسېن ئۆزىنىڭ** «دۇنيا تارىخىدىكى مىسىرنىڭ ئورنى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ: « مىسىرنى ئۆزلەشتۈرۈش،

يېۋفرات ۋادىسىدىن كۆچۈپ كېلىش، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9850ـ يىلدىن كېيىنرەك باشلانغان».

مەن برۇنسېننىڭ قانداقتۇر بىر يازمىچە ئىسپاتسىز يېۋفرات ۋادىسىدىن مىسىرغا كۆچۈش توغرىلىق يازغانلىقىغا ئەجەپلىنىمەن. لېكىن بۇ يەردە بىر مەسىلە ئۇچۇق پېتىچە قېلىۋاتىدۇ، بۇ گۇۋالىق ئۇمانغا مۇناسىۋەتلىكمۇ ۋە ئاپتور بۇنى يېۋفراتنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېساپلامدۇ؟ ياكى باشقىچە ئېيتايلى: ھەقىقەتەنمۇ ئاككادلىقلاردىن كىمدۇر بىرى ئۇماندىن ياكى ئاككادتىن مىسىرغا يول ئالغانلارغا قوشۇلۇۋالغانمۇ؟ شەخسەن مەن ئاككادلىقلارنىڭ ھىندىستاندىن كېلىپ مىسىردا جامائە قۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغانلىقى ھەققىدە گۇۋالىق بېرىدىغان مەنبەلەرنى ئۇچراتمىدىم، لېكىن مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەۋجۇت مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىققىنىم يوق.

يەنە بىر ئىمكانىيەت بار، مايالار ھىندىستاندىن مىسىرغا كۆچكەندە، ئاككاد ئۇلار ئۈچۈن ئۆتەڭ بولغان بولۇشى مۇمكىن. برۇنسېن قانداقتۇر بىر قەدىمىي ھۆججەتنى كۆرگەن بولۇشى، ئۇنىڭدا كۆچمەنلەر ئاككادتىن مىسىرغا يول ئالدى، دېگەن پىكىر بولغان بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن برۇنسېن ئۇلار ھىندىستانلىقلار ئەمەس، بەلكى ئاككادلار دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. ۋالمىكىنىڭ مىسىر جامائەسىنى ھىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەنلەر تەشكىل قىلغانلىقى توغرىلىق خەۋىرى بىردىن ـ بىر مەلۇمات ئەمەس. بۇ ھەقتە ھىندىستاننىڭ كۆپلىگەن گۇۋالىقلىرى مەۋجۇت، چۈنكى ۋالمىكى ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغان، ئۇنىڭ سۆزلىرى برۇنسېن بىلەن فىلوستراتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ماڭا تولۇق يېتەرلىك. ھىندىستان يىلنامىلىرى بولسا مىسىردىكى جامائەنى يېۋفرات ۋادىسىدىن كەلگەنلەر ئەمەس، بەلكى ھىندىستاندىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلغان، دەپ ناھايىتى ئېنىق تەستىقلەيدۇ.

ئەندى مىسىرغا قايتايلى ۋە بۇ يولنى باشقا تەرەپتىن كۆزىتەيلى. مىسىرنىڭ زامانىۋى خەرىتىسىدە ھېچقانداق مايئۇ يوق، شۇنىڭ

ئۇچۇن، بىرىنچىدىن مايئۇنىڭ مىسىردا بولغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئېنىق تۇرغان ئورنىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن، بىزگە بىرەر قەدىمىي مىسىر مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.ئەڭ ئابرويلۇق مىسىرشۇناسلارنىڭ بىرى دەپ ھېساپلىنىدىغان **برۇگش-بېي** ئۆزىنىڭ« پىرئەۋنلەر دەۋرىدىكى قەدىمىي مىسىر» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: «مايئۇ ئاتالغۇسى تۇتموس III-تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان يەرلەر تىزىمىغا كىرىدۇ... مايئۇ ئاتالغۇسى نۇبىيەدىكى مەقبەرىدە ئۇچرايدۇ».

بۇ ۋالمىكىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىسپاتلايدۇ. نۇبىيە يۇقىرىقى مىسىردا، قىزىل دېڭىزنىڭ غەربى قىرغىقىدا، باب-ئېل-ماندىب قولتۇغىدىن سەل شىمالى تەرەپكە جايلاشقان. سۇئاكىن شەھىرى ھازىرقى نۇبىيە پورتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بەزىبىر مىسىرشۇناسلار دەسلەپكى مىسىرلىقلار يېۋفرات ۋادىسىدىن ئاسسىرىيە چۆلى ئارقىلىق تۆۋەنكى مىسىرغا، ئۇ يەردىن ئاق ۋە كۆك نىلغا كەلگەن، دېگەن ئاساسى يوق پىكىرنى ئوتتۇرغا قويماقتا. ئاندىن بۇ كۆچمەنلەر بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىمپېرىيە قۇرغانمىش. لېكىن مۇنداق بىمەنە بىلدۇرۇشنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇ گۇۋالىق،بىرمۇ رىۋايەت يوق. ئۆزىنى مۇنداق قېيناش،سۇسىز چۆلدىن مىڭ بىر جاپالاردا ئۆتۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىيىنچىلىق پەيدا قىلمايدىغان، بېخەتەر سۇ يولى بارغۇ.بېروسىنىڭ كىتاۋىدا يېۋفراتتا سىممىتلار ئۇچراتقان دەسلەپكى ئادەملەر «يېرىم ئادەم-يېرىم بېلىق» بولغان دېيىلگەنغۇ، ۋالمىكى «مايالار ئاجايىپ دېڭىزچىلاردىن بولغان، ئۇلارنىڭ كېمىلىرى شەرقى ئوكيانلاردىن غەربى ئوكيانلارغىچە ۋە شىمالى دېڭىزلاردىن جەنۇبى دېڭىزلارغىچە ئۈزۈپ يۈرەتتى» دەپ خەۋەر قىلغانغۇ؟ مانا شۇ ئادەملەر سۇدا ئۈزۈشتىن چۆل ئارقىلىق ئۆتۈشنى، يەنە كېلىپ ئارىلىقى ئىككى ھەسسە ئۇزۇن بولغان يول ئارقىلىق مېڭىشنى ئەۋزەل كۆرگەنمۇ؟ ئۇلار دېڭىزدا ئۈزۈپ، ئۆز يولنى يۈزلىگەن مىل قىسقارتقان ۋە بەلگىلەنگەن جايغا قىلچىلىكمۇ توسالغۇسىز يېتىپ

بارغان ئىدى. ئەگەر كىتابخان خەرىتىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەر ئىككى يولنى سىزسا، بۇ ئۇنى ھەر قانداق سۆزدىن ياخشىراق ئىشەندۈرىدۇ. ساغلام پىكىر قىلىدىغان ئادەم كۆچمەنلەرنىڭ ھوسۇلدار نىل دەرياسى بويىغا كېلىپ بولۇپ، ئۇنى نامەلۇم يول ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئۆتۈپ بولمايدىغان چۆل ئارقىلىق مېڭىش ئۈچۈن تاشلاپ كېتىشىنى پەرەز قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقى مىسىر تارىخى ھەققىدىكى مەسىلە روشەنلەشكەندەك قىلىدۇ. ئەمدى تۆۋەنكى مىسىرلىقلارنىڭ كىملىكىنى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەر خىل گۇۋالىقلارغا كۆچىمىز. تۆۋەنكى مىسىرنىڭ تارىخى ئاتلانتىدانىڭ تارىخى بىلەن شۇنچىلىك گىرەلىشىپ كەتكەنكى،بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق يازمىلار ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تەئەللۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاتلانتىدا توغرىلىق باياندا كەلتۈرۈلگەن بەزىبىر تەپسىلاتلارنى تەكرارلاشنى لايىق كۆردۈم، مېنىڭچە بولغاندا، سۆزنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق خاتالىقنى كەچۈرىدۇ، كىتابخانمۇ شۇنداق ئويلايدۇ، چۈنكى ئالدىنقى بەتلەرگە دائىم ئىشارە قىلىش، بايان قىلىشنىڭ راۋان بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**نىل جامائەسى** تۆۋەنكى مىسىر دەسلەپتە نىل جامائەسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جامائە نىل دەرياسى بويىدىكى سائىستا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 16 مىڭ يىل مۇقەددەم توتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاتلانتىدادىن كەلگەن مايالار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن. ئەھۋالغا قارىغاندا، دەسلەپكى ئوتتۇرا دېڭىز كۆچمەنلىرى نىل دەرياسى ۋادىسىنى ياراتمىغان، چۈنكى گېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كىچىك ئاسىيا، بالقان يېرىم ئارىلى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش ئاراللار ھەم كاۋكاز تۈزلەڭلىكلىرىنى مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ماكانلىغانلىقى مەلۇم. ئۇ دەۋرلەردە بالقان يېرىم ئاراللىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى، كىچىك ئاسىيا ۋە كاۋكاز تۈزلەڭلىكلىرى ھوسۇلدار يەرلىرى، سۇيىنىڭ موللىقى، ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق جاي ئىدى. ئەتىمالىم، نىل دەرياسى ۋادىسى

دەسلەپكى كۆچمەنلەرگە ئىسسىق قۇملۇق يەردەك كۆرۈنگەن. دېمەك، ئۇلار بۇ يەرگە ئۆز يەرلىرىنىڭ ھوسۇلسىز ئەھۋالغا چۈشكەنلىكى ياكى ئۇلار ئۈچۈن قولايسىز ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكتىن كېلىپ قالغان، دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن. لېكىن پال ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىزگە ھەممىنى يېزىق مەنبەلىرى سۆزلەپ بېرىدۇ.

شلىمان تەرىپىدىن كرىتېدىكى مايكارنىدىن تېپىلغان پۈتۈكچىلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىسىرلىقلار مىسارنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر. مىسار تارىخ ئىلاھى توتنىڭ ئوغلى، توت ئۆز ئېلىنى تاشلاپ كەتكەن ئاتلانتىدالىق كاھىننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ سائىستا بىرىنچى ئىبادەتخانىنى سالغان ۋە ئۇ يەردە ئۆز ۋەتىنىنىڭ دانالىقلىرىنى ئوقۇتقان».

**ترويان قوليازمىسى:** «ئايال پادىشا مۇئو ئۆز ئاكىسى ئائاكىنىڭ غەزىۋىدىن قېچىپ، كۈن چىقىش تەرەپكە ئاتلاندى ۋە ئاخىرى تېخى يېقىندا نىل دەرياسى بويىدا قەد كۆتەرگەن مايالار ماكانىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ بۇ ماكاننىڭ ئاساسىنى سالغان توت بىلەن ئۇچرىشىدۇ، توت كېيىنرەك ئايال پادىشانىڭ دىنى ئىشلاردىكى ئۇستازى بولىدۇ».

ئىككىنچى سۇلالىدىكى پىرئەۋن سېنت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مىسىر پاپىرۇسى: «پىرئەۋن سېنت ئاتلانتىدا مەملىكىتىنىڭ ئىزلىرىنى تېپىش ئۈچۈن غەربكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. 3350 يىل ئىلگىرى ئاتلانتىدادىن ئۆز ۋەتىنىنىڭ پۈتكۈل دانالىقىنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ مىسىرلىقلار كەلگەن ئىدى».

**روئۆلىنسون** «خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتاۋىدا: «مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزلىرى گويا ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى يىراق ئۆتمۈشتە نىل دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلگەن چەت ئەللىكلەر بولغان، دەپ تەكىتلەيدۇ» دەپ يازغان.

**ھېرودوت:** «مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنى غەرب يەرلىرىدىن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى دەسلەپكى ئادەملەردىن بولغان، دەپ ماختىناتتى» دېگەن ئىدى.

**دىئودورنىڭ «تارىخ»كىتاۋىنىڭ I - تومىدا:** « مىسىرلىقلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى چەت ئەللىكلەردىن بولغان، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ دانالىقىنى، يېزىق سەنئىتىنى ۋە ئاجايىپ گۈزەل تىلىنى ئېلىپ كېلىپ، قەدىمىي زامانلاردا نىل دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ماكانلىشقان. ئۇلار كۆن پېتىش تەرەپتىن كەلگەن ۋە گويا يەر يۈزىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئادەملەردىن بولغان» دېيىلگەن.

**تايس«تاشنىڭ مۆجىزىسى»كىتاۋىدا** « مىسىرلىقلار غەربتىكى ئىلاھلار دۆلىتى كۆئىدىن كەلدى» دەپ يازىدۇ.

**پلۇتارخ «سولوننىڭ هايات پائالىيىتى»** ئەسىرىدە «سولون مىسىرنى زىيارەت قىلغاندا، سائىسنىڭ كاهىنى سوكفىس ۋە گېلىئوپولنىڭ كاهىنى پسېنوفىس ئۇنىڭغا، يەر تەۋرەشتىن ئاتلانتىدا هالاك بولغاندىن كېيىن هاسىل بولغان ئىنتايىن نۇرغۇن مىقداردىكى لاتقىدىن ھەمدە دېڭىزدىكى سۇنىڭ تارتىلىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يەرلەرنىڭ سۇ تاشقىنىدىن هالاك بولۇشى ئاقىۋىتىدىن مىسىرلىقلارنىڭ غەربتىكى يەرلەر بىلەن ئالاقىلىرى بۇنىڭدىن توققۇز مىڭ يىل ئىلگىرى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن» دەپ بايان قىلىدۇ.

**ئورفېي:** « مىسىر پوسېيدوننىڭ قىزى» (ئاتلانتىدانىڭ).

**لېپسىئۇس** ئىلگىرى مايالاردىن بايقىغان قائىدە رەمزىلىرىنى مىسىرلىقلاردىمۇ بايقىغان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى:

- دەسلەپكى مىسىرلىقلارنىڭ مايالار بولغانلىقىنى،
- تۆۋەنكى مىسىرنىڭ بىرىنچى تۇرغۇنلىرىنىڭ ئاتلانتىدادىن كەلگەنلىكىنى،
- يۇقىرىقى مىسىرنىڭ بىرىنچى تۇرغۇنلىرىنىڭ ھىندىستاندىن كەلگەنلىكىنى، دېمەك ھەر ئىككى يەرنىڭ ھىندىستان ۋە مايا كس ئارقىلىق مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن ماكان قىلىنغانلىقىنى.

- مۇ قۇرۇقلۇقى ئاھالىسىنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسانلار بولغانلىقىنى.
- ئاتلانتىدانىڭ يەر تەۋرەشلەردىن ۋەيران بولۇپ سۇغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى.
- ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە ۋەيران بولغانلىقى ۋە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن يارامسىز بولغانلىقىنى.
- مىسىردا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ، غەرب يەرلىرى ۋە كۆئى ئېلى دەپ ئاتالغانلىقىنى.
- بەزىدە غەرب يەرلىرى، بەزىدە كۆئى ئېلى دەپ ئاتالغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى ۋە ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغان زېمىن ئىكەنلىكىنى.
- مىسىرنىڭ بىر ۋاقىتلاردا مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، مۇ قۇرۇقلۇقى سۇغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىمپېرىيەگە ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوسبورن: «ھەممىگە مەلۇمكى، مىسىردا ئىپتىدائىي ياۋايىلىقنىڭ ئىشارىسىمۇ يوق. بارلىق ئالىملار ئۇنىڭ ئۆتمۈشكە قانچىلىك يىراق نەزەر تاشلىمايلى، مەدەنىيەت تەرەققىي ئەتكەن، ياۋايىلىق دەۋرى بايقالمايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە تۇرغان، لېكىن ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن كۆتۈلمىگەن ئاپەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىدە خېلى كۆپ دەرىجىدە ئۆز تىلىدىن ئايرىلغان، شۇنداقلا مەدەنىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان يېزىقىنى تولۇق يوقۇتۇپ قويغان» دەيدۇ.

ئوسبورن بۇ قۇرلارنى يازغىنىدا تەتقىقات نەتىجىلىرىگىلا تايىنىپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغىمۇ تايانغانمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. ئەگەر ئۇ يۇنان پەيلاسوپى دىئودورنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىتابىنىڭ 50 ـ بېتىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق

خۇلاسسىنىڭ» ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولار ئىدى. چۈنكى مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق دەۋىرلەردە داۋاملىشىپ كەلگەن يېزىق تىلى بولغان. «مەرھۇملار كىتاۋى»نىڭ ئاتمىش تۆرتىنچى بابى توت تەرپىدىن مىسىر تارىخىنىڭ بىشىدا يېزىلغان. 29-30-بەتتە مىسىرلىقلارنىڭ يۇشۇرۇن مەنالىق ئېلىپبەسى بېرىلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە يۈز يىل ئاۋال بۇ ھەرپىلەر ئۇلارنىڭ كېيىنرەك پەيدا بولغان رەمزىلىك ئېلىپبەلىرىدە بار ئىدى. «مەرھۇملار كىتاۋى»دا ئۇلار ھەر بىر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## تۆۋەنكى مىسىر ئۇچلۇگى




ئوسىرىس مىسىرشۇناسلار ئوسىرىسنىڭ كىملىكى ۋە نېمە قىلغانلىقى ھەققىدە بىر خىل پىكىردە ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى خىللا پەرق قىلىدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار ئۇنى ئەپسانە دېسە، بىرلىرى ئادەتتىكى رەمزى دەپ قارايدۇ، ئۈچىنچىلىرى بولسا، ئۇ تىرىك ئادەم بولغان دەپ پەرەز قىلىدۇ. مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، ئوسىرىس ھەقىقەتەنمۇ ياشىغان، دەپ ھېساپلايدۇ ۋە ھەتتا ئۇ تۇغۇلغان بىر نەچچە يەرنى ئاتايدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ توغرىلىق ھېچ نېمە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت تۆۋەنكى مىسىر ئۇچلىگىنى باشقۇرغانلىقىدىنلا خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوسىرىس مەۋجۇت ئادەم بولغان ۋە تارىخ ئۇنى تاش پۈتۈكچىلەردە ئەكس ئەتتۈرگەن. پۈتۈكچە مەتنىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوسىرىس

www.uyghurkitap.com

(تەخمىنەن) 22 مىڭ يىل مۇقەددەم ئاتلانتىسدادا تۇغۇلغان. بالاغەت يېشىغا يېتىپ، ئاتلانتىسدادىن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىگە ئوقۇشقا بارغان ، ئۇ يەردە ئۇستا ھەم مۇقەددەس قېرىنداش ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغىچە ئوقىغان. ئۇ ئاتلانتىسداغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەرنىڭ دىنىنى ئەقىلسىزلىكلەردىن ھەم ئارتۇقچە نەرسىلەردىن تازىلايدۇ. ئاندىن ئۇ ئاتلانتىسدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرىدۇ ۋە بۇ لاۋازىمدا ئۆزىنىڭ ئۇزاق ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان. كىشلەر ئۇنى ئاق كۆڭۈللۈكلىكى ۋە دانالىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، ھەتتا پادىشانى ئاغدۇرۇپ ئوسىرىسنى تەختكە چىقىرىشنى خالىغان ئىدى. بىراق ئۇ كىشلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت بەرمىگەن ۋە ئۇ توغرىلىق پاراڭ قىلىشنىمۇ قەتئى مەنئى قىلغان».

ئوسىرىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلاھلار تەركىۋىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە دىن ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، بۇ ھازىرقى خرىستوس (ئەيسا) تەلىماتلىرى شەرىپىگە خرىستىيان دىنى دەپ ئاتالغاندەك ئىش. تاش پۈتۈكچە يازمىلىرىدا ئوسىرىسنىڭ ۋاپات بولۇش سەۋەبى توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ. لېكىن مىسىرلىقلارنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ رىۋايىتى بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئۆلىمى پاجىئەلىك بولغان. ئوسىرىسنى ئاكىسى سېت ئۆلتۈرگەن. سېت خەلق ئىچىدە ئوسىرىسنىڭ چوڭ ئابرويىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە چىدىماي كۆرەلمەسلىك قىلغان. توت دەۋرىدىن تەخمىنەن ئون مىڭ يىل كېيىن قەبىھ ۋە ئۇيياتسىز كاھىنلار، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش ۋە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، سېتنى شەيتانغا ئايلاندۇرغان. مىسىرلىقلار شەيتاننى ئويلاپ تاپقىچە سېت توغرىلىق ھېچ كىم ئاڭلىمىغان. ئىلگىرى ئىنساننىڭ پاراستى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن كۆرەش،روھ بىلەن ماددىي خاھىشلار ئوتتۇرىسىدا بولاتتى.روھ ئىنساننى يۈكسەلدۈرۈشكە،ماددى خاھىشلار بولسا ئۇنى ئۆز دەرىجىسىگىچە پەسلەشتۈرۈشكە ئىنتىلەتتى.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، ئوسىرىسنىڭ، گائۇتامنىڭ ۋە خرىستوسنىڭ (ئەيسانىڭ) تەلىماتلىرى سۆز بىلەن ئىپادىلەشتە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇلار سۆزمۇ-سۆز ماس كېلىدۇ، بەزى ئىبارىلەرنىڭ موشۇ ئۇلۇق ئۇستازلارنىڭ قايسىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدىغانلىقىمىزغا كىم بىلەن بولسىمۇ بەسلىشەلەيمەن. لېكىن، ساغلام پىكىر قىلغاندا، بۇ يەردە ئەجەپلىنەرلىك ھېچ نىمە يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدا بايان قىلىنغان ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دىنىنى تەرغىپ قىلغان ۋە چۈشەندۈرگەن.

مىسىرلىقلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئوسىرىس مىسىردا تۇغۇلغان، بۇ شەك- شۈبھىسىز رىۋايەت. بۇ تۆۋەندىكىدىن روشەن بولىدۇ. توت تۆۋەنكى مىسىرنىڭ ئاساسچىسى بولغان. ئۇ سائىستا بىرىنچى ئىبادەتخانىنى سالغان ۋە ئۇ يەردە ئوسىرىسنىڭ دىنىنى ئاتلانتىدادىن ئېلىپ كەلگەن پېتىچە تەرغىپ قىلغان. بۇ «مەرھۇملار كىتاۋى» بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، مىسىرلىقلارنىڭ نىمە ئۈچۈن ئوسىرىسنى ئامېنتى لاۋازىمىغا بەلگىلىگەنلىكى چۈشۈنۈكسىز. بەلكىم سىمۋولىزمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇر.

ئىسىدا ئىسىدا تۆۋەنكى مىسىر ئۈچلىگىدە ئوسىرىسنىڭ سىڭلىسى ۋە رەپىقىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ زادى كىم بولغان؟ تىرىك ئايالمۇ ياكى پەقەتلا رەمزىمۇ؟ ھېچ شۈبھىسىز، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەلىماتلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان كۆز قاراشتىكى رەمزى بولغان. مىسىرلىقلارنىڭ دىنىدا ئىسىدا تەبىئەتنى رەمزى قىلاتتى، تەبىئەت بولسا ياراتقۇچىنىڭ ئاياللىق باشلانمىسىنى رەمزى قىلىدۇ. مىسىرلىقلار ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھەر خىل ئالامەتلەرنى مەنسۇپ قىلغانكى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياراتقۇچىنىڭ ئاياللىق باشلانمىسىنىڭ رەمزى بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

باغلاشتۇرىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ ياراتقۇچىنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلغۇچى بولىدۇ.

مەن ھېچ قاچان ئۇنىڭ مۇمىيا شەكلىدىكى قىياپىتىنى كۆرمىدىم. مېنىڭ بىلىشىمچە، مىسىرلىقلار ھەقىقەتەن ياشىغان ئادەملەرنى پات-پاتلا مۇمىيالار شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئالاھىدە مۇھىم ھادىسىلەردە، ئىلاھلار سۈپىتىدە بېشىنىڭ ئۈستىدە مەخسۇس چۈشەنچە خەت قالدۇراتتى. ئىسىدانىڭ ئۇسىرىسنىڭ رەپىقىسى بولغانلىقى سىمۋوللىرىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قەدىمىي مىسىر يېزىقلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەن: « ئىسىدا ئۆلمەيدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەقەت ئۇنىڭ كىيىملىرىلا ئالماشتۇرۇلۇشى مۇمكىن». باشقا سۆز بىلەن ئېيتىلغاندا، ھەر خىل دەۋرلەردە ھەر خىل خەلقلەردە، ئىسىدا ھەر خىل ئىسىملار ئاستىدا مەلۇم بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭچە بولغاندا، رايدېر خاگگارد ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەھمىيىتىنى ئىسىدا توغرىلىق يازغانلارغا قارىغاندا ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ ئۆز كىتاپلىرىنىڭ بىرىدە مىسىرلىقلارنىڭ پارىسلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىنكى سفىنكس ئالدىدىكى ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مىسىر ئىلاھلىرى سفىنكس ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە: «بىز سېنىڭ بىلەن، نەچچە مىڭ يىللىق ماكانىمىز بولغان ئانا-مىسىر بىلەن ۋىدالىشىمىز، سېنىڭ لاتقاگدىن بىز يارالغان ۋە سېنىڭ لاتقاگغا قايتىمىز» دەپ نىدا قىلىشىدۇ.

**سفىنكس** «جاۋاپ بېرىڭلار، كىم سىلەرگە بۇ مۆجىزىلىك قىياپەتنى بەرگەن ۋە كىم سىلەرنى ئىلاھ دەپ ئاتىغان؟»

**ئىلاھلار:** «كاھىنلار ئۇنى بىزگە بەردى، كاھىنلار بىزنى ئىلاھلار دەپ ئاتىدى. ئەندى كاھىنلار ئۆلۈپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىزمۇ ئۆلۈۋاتىمىز، چۈنكى، ھەي مىسىر، بىز سېنىڭ لاتقاگدىن يارىتىلغان ئىلاھلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس».

ئىسىدا پەيدا بولىدۇ: « ماگا قارىغىنا، مەن سەن يوقۇتۇپ قويغان

روھ، ھەي مىسىر، مېنى ياراتقان سەن ئەمەس، چۈنكى مەن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن سېنى ياراتتىم. بۇ يەردە-نىل دەرياسى ۋادىسىدا ئىنسانلار ئىسىدا دەپ بىلىدىغان ئايال مەن. لېكىن پۈتكۈل دۇنيا مېنى تەبىئەت سۈپىتىدە بىلىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان لىباسىدۇر، مەن ياشاشقا قالىمەن، سەنمۇ ھەي مىسىر، ياشايسەن. بىز خۇددى ئۆتمۈشتىكى سان-ساناقسىز كۈنلەردە قانداق ئاتالغان بولساق، ئالدىمىزدىكى سان-ساناقسىز كۈنلەردىمۇ شۇنداق ئاتىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بىز ھەر دايىم بولىمىز».

رايدېر خاگگارد بۇ كۆرۈنۈشنى قانداقتۇر بىر قەدىمىي ھۆججەتتىن ئالغانلىقى ھەققىدە يازمايدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ خېلى مەزمۇت ئاساسى بار ئىكەنلىكىگە شۈبھىلەنمەيمەن. ناھايىتى قىزىقارلىق پەيت دىققەتكە سازاۋەردۇر، بۇ خۇدانىڭ ئەمرى توغرىلىق ئىسىدانىڭ سۆزلىرى. مېنىڭ «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» ناملىق كىتاۋىمدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدا يارىتىلىش توغرىلىق ئېيتىلغاننى دەلمۇ-دەل تەكرارلايدۇ.



**150-نومۇرلۇق پۈتۈكچە، ياراتقۇچىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك باشلانمىسى، ئەركەكلىك باشلانمىسى قۇياش بىلەن، ئاياللىق باشلانمىسى ئاي بىلەن ئىپادىلەنگەن.**

ئىسىدا ئاينىڭ رەمزى بولغان ئىدى. دىنى مۇراسىملاردا ئۇنىڭ بېشى ئاينىڭ قىياپىتىدە بېزىلەتتى. ئاي ياراتقۇچىنىڭ ئاياللىق باشلانمىسىنىڭ قەدىمكى رەمزى بولغان، يەنى ياراتقۇچىنىڭ ئەمرى بىلەن جانلىق مەخلۇقلار پەيدا بولۇشىنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈرەتتە نۆۋىنىنىڭ 150-نومېرلىق تاش پۈتۈكچىسى (ئىككى ھەسسە كىچىكلىتىلگەن) كۆرسىتىلگەن. ئۇ مېخىكونىڭ غەربى شىمالىدىن تۆرت يېرىم مىل يىراقلىقتا ئون يەتتە يېرىم فۇت چوڭقۇرلۇقتىن تېپىلغان. پۈتۈكچە 12 مىڭ يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە.

يەشمىسى ۋە تەرجىمىسى: يۇقىرىقى قىياپەت ياراتقۇچىنىڭ ئەركەكلىك باشلانمىسى سۈپىتىدىكى قۇياش، بۇ ئۇنىڭ (ياراتقۇچىنىڭ)رەمزىلىرى،قىياپەتنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە چەمبەرنىڭ ئىچىدىكى چېكىت بىلەن ئىسپاتلانغان. تۆۋەنكى قىياپەت ئاي، ياراتقۇچىنىڭ ئاياللىق باشلانمىسىنىڭ رەمزى، ئۇمۇ ئوتتۇرىدا چېكىت بولغان ئىككى چەمبەر بىلەن ئىسپاتلانغان.

تۆرت نەقىشلىك توغرا بۆلۈكدا مەخپىي سانلىق قەدىمىي ئىبادەتخانا خېتى بىلەن ئورۇنلانغان يېزىقلار بار.

**ياراتقۇچى بىرنى ياراتتى، بىر ئىككى بولدى.**

**ئىككىسى ئۈچىنچىنى پەيدا قىلدى.**

**ئەنە شۇ ئۈچىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەيدا بولدى.**

مەتىن بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاش بىلەن ئىسپاتلانغان.

**رىۋايەت:** ياراتقۇچى ئادەمنى ياراتتى. ئاندىن ئۇنى ئىككى باشلانمىغا، ئەركەكلىك ۋە ئاياللىق باشلانمىغا بۆلدى. بۇ ئىككىسى ئۈچىنچىنى پەيدا قىلدى ۋە ئەنە شۇ ئۈچىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەيدا بولغان.

مۇنداق كۆز قاراشلارنى مەن ئۇيغۇرلاردا، ھىندىلاردا، پېرۇ ئىنكىلىرىدا ۋە مايالاردا بايقىدىم. شۇنداقلا بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل مۇقەددەم مېكسىكا تاش پۈتۈكچىلىرىنى ئويۇپ ياسىغان ئادەملەردە بايقىدىم. ئۇلارنىڭ رىۋايىتىگە مۇۋاپىق، «ئاي قۇياشنىڭ سىڭلىسى ۋە ئايالى بولغان». قۇياشمۇ، ئايمۇ ياراتقۇچىنىڭ ھەر خىل باشلانمىلىرى

سۈپىتىدە، ئۇنىڭ رەمزىلىرى بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. بۇ رەمزىلەر ناھايىتى قەدىمىي،ئۇ مىسىرلىقلاردىنمۇ،مېكسىكاپۇتۇكچىلىرىنى ياسىغانلاردىنمۇ خېلىلا چوڭ. ئۇ 70 مىڭ يىللىق مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلاردىن كېلىپ چىققان، ئۇ دەۋرلەردە بۇلار قەدىمىي ئىنسانلارغا ياراتقۇچىنىڭ يارىتىشتىكى ئىككى تەرەپلىمىلىكلىكى توغرىلىق بايان قىلاتتى.

**گور** گور جەنۇبى مىسىر ئىلاھى ئۇچلۇكىنىڭ ئۇچىنچىسى بولغان ئىدى. ئۇ ئوسىرىسنىڭ ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى-رەپىقىسى ئىسىدانىڭ ئوغلى. بەزىبىر مىسىر ھۆججەتلىرىدىن ئۇنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ياشىغان ئادەم بولغانلىقىدىن خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن. باشقا ھۆججەتلەردە بولسا ئۇ قۇياشنىڭ رەمزى-را سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەن پۇتۇكچە مەتىنلىرىدىن ئىسىدا ۋە گور ھەققىدە ھېچ نەرسە تاپالمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەقەت مىسىر رەمزىلىرى بولغان، دەپ پەرەز قىلىمەن. خۇددى ھازىرقى كاتولىكلار چېركوسىنىڭ باشلىغى پاپا دەپ ئاتالغاندەك، تۇۋەنكى مىسىر چېركوسىنىڭ باشلىغى گور دەپ ئاتىلاتتى. گور قۇياشنىڭ رەمزى، قۇياش بولسا خۇدانىڭ رەمزى بولغانلىقتىن، ماڭا گور خۇدانىڭ ئىككىلەمچى دىنى رەمزىدەك بىلىنىدۇ.ھالبۇكى، قەدىمىي مىسىر ئىمپېرىيە بولۇشتىن ئىلگىرى ئىبادەتخانلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان.

كۆپلىگەن مىسىرشۇناسلار گورنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ياشىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىرىچە، ئۇ 22 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئوسىرىس دەۋرىدە تۇغۇلغان ۋە بىزدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى مېنىس دەۋرىگىچە ساق-سالامەت ياشىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئون يەتتە مىڭ يىل، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت.بۇ تەرجىمىدە كەتكەن خاتالىق بولۇشى مۇمكىن. رامانىڭ ئۇلۇق يېشىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس، راما 10 مىڭ يىل ياشىدى. بۇ يەردە مافۇسائىلمۇ كىچىك بالىدەك كۆرىنىدۇ، ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلىدىغان ئىش يوق.

مەن گور قاچاندۇر بىر دەۋرلەردە ياشىغان ئادەممۇ ياكى ئۇ پەقەتلا

www.uyghurkitap.com

رەمزىمۇ، ئۇنى ئېيتالمايمەن. ئېھتىمال، گور ئوسىرىسنىڭ ئوغلى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاتلانتىسدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرغان، بۇ ھەقتە ماڭا ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس.

ھېرودوتنىڭ «تارىخ»ناملىق ئەسىرىنىڭ II ـ كىتاپ، 144 ـ بېتىدە: «گور، مېنىس پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مىسىرنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى بولغان» دېيىلگەن.

مىسىرلىق تارىخچى مانېفون: «دانالار مىسىردا ئون مىڭ يىل داۋامىدا پادىشالىق قىلغان. ئۇلار كاھىن ـ ھۆكۈمرانلار ئىدى» دەيدۇ.

مانېفوننىڭ ئەسەرلىرىدە كاھىن ـ ھۆكۈمرانلاردىن بولغان ئالتە گور تەكىتلىنىدۇ. بەزىبىر رەسىم ـ قائىدىلەردە گور قوياش رەمزى سۈپىتىدە را رولىنى ئوينىغان. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە كاھىن تەگرىنىڭ دىنى مەسىلىلەر بويىچە ۋەكىلى سۈپىتىدە را مۇ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇنداقلا كېيىنرەك مىسىرنىڭ كاھىنى گور ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان.

مىسىر تارىخىنىڭ ئەڭ بېشىدىن باشلاپ كۆپلىگەن يىللار داۋامىدا مىسىر گور يولباشچىلىقىدىكى ئىبادەتخانا تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. مانېفوننىڭ مەلۇماتىغا مۇۋاپىق، گورلارنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، مېنېسنىڭ پادىشالىق تەختىگە چىقىشى ئالدىدا بولغان. يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى مىسىر مېنېسنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلەشكەندە، ئىككى يەردە دىنىنىڭ ئىككى خىل شەكلىگە ئېتىقات قىلاتتى. يۇقىرىقى مىسىردا ئالى مۇقەددەس رەمزى قۇياش بولغان، تۆۋەنكى مىسىردا بولسا ئوسىرىس يولباشچىلىقىدىكى ئۈچلۈككە ئېتىقات قىلاتتى. ئىككى مىڭ يىل داۋامىدا ئىككى دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ كاھىنلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ رەقىپلىرىنى ئۆز ئېتىقاتىغا ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلەتتى. ھەتتا پادىشالارمۇ چەتتە قالمىدى، ئۇلار بىردە تۆۋەنكى،بىردە يۇقىرىقى مىسىر كاھىنلىرىنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى. بۇ كۈرەشنىڭ تەپسىلاتلىرى توغرىلىق مىسىر تارىخى ھەققىدىكى كۆپلىگەن كىتاپلاردىن ئوقۇش مۇمكىن.

**مىسىر كاھىنلىقى** مەن يۇقىرىدا مىسىر كاھىنلىرىنىڭ ئاچكۆزلىكى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكى ئۇلارنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك جىنايەتلەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدىم. ئامون ئىلاھىنىڭ كاھىنلىرى ئىنتايىن كۆپ بايلىقنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغاندىن كېيىن بۇ باشباشتاقلىقلار چېكىگە يەتتى. بايلىق ئۇلارغا ئىنتايىن چوڭ ھاكىمىيەتنى بەردى، ھەر قاچانقىدەك مەملىكەتنىڭ پۈتكۈل بايلىقى بىر ئۇچۇم ئادەملەرنىڭ قولىغا توپلانغاندا، مەملىكەت چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ. تارىخ بۇ قائىدىدىن ھېچقاچان چەتنەپ كەتكەن ئەمەس. ھەتتا مىسىر پادىشالىرىمۇ ئامونىنىڭ كاھىنلىرى قولىدا قۇرچاقلارغا ئايلاندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزۈندىن بىرى كۆزلەپ كەلگەن ئاخىرقى مەقسىدىنى-تەختنى تارتىۋېلىشنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيەت بەردى.ئەمما بۇ ئەھۋال ئۇمۇمى ۋەزىيەتكە ئانچىمۇ تەسىر يەتكۈزمىدى، چۈنكى ئىلگىرى پادىشا ئالى كاھىن ئىدى. ئەندى بولسا ئالى كاھىن پادىشا بولدى. لېكىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئامون كاھىنلىرى زاۋال تاپتى، ئارمىيە ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى، ئۇلار مىسىردىن ھەبەشىستانغا (ئېفىئوپىيە) قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

مىسىر كاھىنلىرى ئۆز قېرىنداشلىقىغا كىرمىگەنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ دىنى سىرلىرىنى ياكى مۇقەددەس دىنى ئۇدۇملىرىنى ئۆگەتمىگەنلىكى توغرىلىق نۇرغۇن يېزىلغان. لېكىن بۇ ئانچىلا توغرا ئەمەس، چۈنكى بۇ سىرلار كۆپلىگەن يۇنان پەيلاسوپلىرىغا، جۈملىدىن، سولونغا، فالېسقا، پىفاگورغا، ھېرودوتقا، يېۋمولپۇغا، ئەپلاتونغا، ئورفېيغا، شۇنداقلا كۆپلىگەن باشقىلارغا ئېچىلغان ئىدى.

**دەسلەپكى مىسىر ئىبادەتخانىسى** دەسلەپكى مىسىر ئىبادەتخانىسى سائىستا بۇنىڭدىن 16 مىڭ يىل مۇقەددەم، مىسىر تارىخىنىڭ ئەڭ بېشىدا سېلىنغان. بۇ سەنە ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن، چۈنكى ئىبادەتخانا توت تەرىپىدىن سېلىنغان، بۇ شىلمان تەرىپىدىن كرىتتىكى مايكارىندا قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا تېپىلغان پۈتۈكچە بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەتنى مۇنداق: «تۇنجى

www.uyghurkitap.com

مىسىرلىقلار تارىخ ئىلاھى توت رەھبەرلىك قىلغان ئاتلانتىلاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار نىل دەرياسى بويىدىكى سائىسقا ئورۇنلاشتى، ئۇ يەرگە تۇنجى ئىبادەتخانىنى سالدى». بۇ تېپىلما توغرىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى دوكتور پائۇل شلىماندىن باشقا ھېچ كىمگە خەۋەر قىلمىدى، پائۇل بولسا ئۆز نۆۋىتىدە، سائىس ئىبادەتخانىسىنىڭ قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى يازغان:

«بىز بەش ئاي داۋامىدا سائىستا قەدىمىي ئىبادەتخانا خارابىلىرىنىڭ قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق. بىز كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن تاشقىرى شۇ دەۋردىكى مەشھۇر مۇزىكانتلارنىڭ مەقبەرىسىنى تاپتۇق. ئۈچىنچى سولالە دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان يەر ئاستى بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدىن بىز يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاجايىپ مۇزىكا ئەسۋاپلىرى توپلىمى بولغان يوغان تاش ساندۇقنى تاپتۇق. ئۇ يەردە شۇنداقلا پاپىرۇس بولغان ئىدى، ئۇنىڭ مەتنى ھازىرغىچە يېشىلمىدى، لېكىن مەن بۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىسىر نوتىلىرى دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىمەن، ئۇنىڭ سىستېمىسى بىزگە تونۇش ئەمەس. تاشتىن ياسالغان مېيىت ساندۇقىدىكى بۇ مۇزىكا ئەسۋاپلىرى سائىس ئىبادەتخانىسى مۇزىكانتلىرىنىڭ بولۇپ، پىرئەۋىنىنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىدىكى تەنتەنىلەردە پايدىلىنىلغان. بىز تاپقان ساز ئەسۋاپلىرى ئارىسىدا، شامالنىڭ گۈرۈلدىشىنى، دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنىنى، ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ۋە تەبىئەتنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرىنى ئاڭلىتىدىغانلىرى بار.

بىزنىڭ مۇزىكىمىز شۈبھىسىزكى، ھازىرچە تېخى مۇنداق تەرەققىيات دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق. پەقەت مەشھۇر فىنن.يان سىبېلىئۇس ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئاۋازلىرىنى دوراشقا ئورۇنۇپ كۆردى. لېكىن مىسىر بەستىكارلىرى ئۈچۈن بۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاجرالماس قىسمى بولغان. سائىستىن تېپىلغان ساز ئەسۋاپلىرى ئارىسىدا يوغان ياغاچ كاناي بار، ئۇ غەزەپلەنگەن شىرنىڭ ھوكۇرىگەن ئاۋازىنى ئەسلىتىدۇ. مىسىر نېيىنىڭ ئاۋازى مەن موشۇ ۋاقىتقىچە ئاڭلىغانلاردىن نازۇك ئىدى.

ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇدارى، ھەر بىر نوتىسى تىڭشىغۇچىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. بۇ نەي ئەڭ ماھىر نەيچىنىڭ ئىجراسىدا تىڭشىغۇچىلارغا قانچىلىك ھوزۇر بېغىشلىغانلىقىنى پەقەت پەرەز قىلىش مۇمكىن.

قەدىمكى مىسىر چالغۇچىلىرىنىڭ ساز ئەسۋاپلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ياغاچ ۋە فارفوردىن ئىشلەنگەن. پەقەت لاتۇنغا ئوخشايدىغان مېتالدىن ئىشلەنگەن مۇڭگۈز باشقىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ تارلىرى ھازىر تامامەن نامەلۇم بولغان تالدىن ئىشلەنگەن،ئۇلار ناھايىتى ئىنچىكە ۋە پۇختا بولۇپ، خۇددى كۈمۈچ سىمغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن تاشقىرى، ئۇ يەردە شۇنداق تارلارمۇ بولغانكى،بىزنىڭ خىمىكلىرىمىزنىڭ خۇلاسىسى بويىچە ئۇلار ئادەم چاچلىرىدىن ئۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىدىغان مىسىر ئىسكرىپكىلىرىنىڭ تارلىرى پەۋقۇللادە ئۇزۇن چاشتىن ئېشىلگەن بولۇپ، ئەتىمالىم قايسىدۇر بىر گۈزەلنىڭ بېشىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. قۇياشقا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك گىمىننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاتمىش بەش ساز ئەسۋابىدىن تەشكىللەنگەن ئوركېستر ۋە سەكسەن ناخشىچىدىن تەركىپ تاپقان خور لازىم ئىدى. ئوركېستىردا مۇھىم رول ئوينايدىغان ساز ئەسۋابى، ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان تۆۋەن ئاۋازلىق بىر خىل چالغۇ بۇلسا كېرەك. ئۇ ئاقارتىلغان ئادەم باش سۆڭىكىدىن تەييارلانغان، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قانداقتۇر غەيرى-تەبىئىي كۆرۈنۈش بېرىلگەن. بۇ ئەسۋاپ شۇنداق ئاۋاز چىقىرىدۇكى، بىر قېتىم ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشى ھېچ قاچان مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان مۇزىكانت تەلەپ قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوركېستىردىكى رولى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئانچە چوڭ بولمىغان سۆڭەك پۇتۈكچىدە يېزىلىشىچە، ئۇ بارلىق باشقا ئەسۋاپلارنىڭ ئاۋازلىرىنى چىقىرىشى مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئادەم ئاۋازىنىمۇ چىقىرالايدۇ. ئۇ «ئۇلۇق بوغۇز» دەپ ئاتىلاتتى. مېنىڭ بۇ تېپىلمام ئارخېئولوگىيە تارىخىدا قەدىمىي زامانلارنىڭ مۇزىكىسى توغرىلىق شۇنچىلىك تەسىرلىك مەلۇماتلارنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئۇ قەدىمكى سەنئەتنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە ھازىرقى بەستىكارلارغا،

مۇزىكانتلارغا ۋە ناخشىچىلارغا مۇزىكىنىڭ يېڭى ستىلىنى ۋە شەكلىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قۇدرەتلىك تۈرتكە بولىدۇ.

مىسىرلىقلار نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆز يۇرتىغا ئاتلانتىدانىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئېلىپ بارغان ھەر خىل قېزىلما ئىشلىرىدىن، مىسىر قانچىلىك قەدىمىي بولسا، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكى بايقالدى. ئاتلانتىدا ھالاك بولغاندىن كېيىن بۇ خەلق چۆشكۈنلۈككە يول تۇتقان».

مەن ئۆز كىتاپلىرىمدا بىر نەچچە قېتىم تەكىتلىگەندەك ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ بارلىق قىسىملىرىدىكى مەدەنىيەتلەر مىسىردىلا ئەمەس، شۇنداقلا باشقا يەرلەردە، جۈملىدىن ھىندىستاندا بۇزۇلدى، ياكى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

**ھەبەشلەر كىم بولغان؟** ھەبەشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەر دايىم مىللەتشۇناسلار ئۈچۈن تېپىشماق بولۇپ كەلدى. ھىندىستاندا شۇنداق رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە «قەدىمىي زامانلاردا تامىللار ئۆز كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ كۆن ئولتۇرىدىغان تەرەپكە ئۈزۈپ كەتكەن. ئۇلار چوڭ يەرگە يېتىپ كەلدى، ئۇ يەرگە ماكانلاشتى، گۈللەندى ۋە چوڭ خەلققە ئايلاندى». ئەگەر مېنىڭ ئىختىيارىمدا بۇ خەلقنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنىڭ نەمۇنىلىرى بولغان بولسا، مەن دەرھال ھەبەشلەرنىڭ تامىللار بولغان- بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەرگەن بولار ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

# 10 - باپ: غەرب يوللىرى

مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆچمەنلىرى بىر قاتار يوللار بىلەن غەرب تەرەپكە كۆچكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى مۇھىم، ئىككى ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋە بىر نەچچە مۇستەقىل ئەھمىيىتى تۆۋەن يۆنىلىشلەرنى تەكىتلەش مۇمكىن.

ئەڭ مۇھىم يوللاردىن بىرىنچىسىنى مۇ قۇرۇقلۇقىدىن بىرمىغا، بىرمىدىن ھىندىستانغا، ئۇ يەردىن بابىلونغا، يۇقىرىقى مىسىرغا (نۇبىيەگە)، ئاق ۋە كۆك نىلغا بولغان جەنۇبى باش يولنى ئاتاش مۇمكىن. بۇ يول بويىچە ماڭغان كۆچمەنلەر، دەسلەپتىلا ناگلار سۈپىتىدە مەلۇم ئىدى. كېيىنىرەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ساندىكى ماكانلىرىغا يېڭى ناملارنى بەردى.

ئىككىنچى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ بىرى مۇ قۇرۇقلۇقىدىن مالاي ئاراللىرىغا، ئۇ يەردىن جەنۇبى ھىندىستانغا (ئۇنى كۆچمەنلەر دراۋىدا دەپ ئاتىغان) ۋە ئاندىن ئافرىقىغا باراتتى. ئۇ يەردە كۆچمەنلەر نۇبىيەنىڭ جەنۇبىغا ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار قارا تەنلىك بولۇپ، يۈز تۈرقى كېلىشكەن ۋە تۈز قارا چاچلىق ئىدى. ئۇلار تامىللار دەپ ئاتىلاتتى.

شۈبھىسىزكى، مۇ كۆچمەنلىرىنىڭ مۇھىم غەربى يۆنىلىشى شىمالى باش يول بولغان، بۇ يولدا ئۆزلىرىنى **ئۇيغۇرلار** دەپ ئاتىغان ئىنسانلار ماڭغان.بۇلار ئارىيان خەلقلىرىنىڭ ئەجداتلىرى ئىدى. **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسى مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرىدىكى بارلىق ئىمپېرىيەلەر ئىچىدە ئەڭ ئەسىرلىك ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە بولغان.

قىسقا مۇستەقىل يول بويىچە مالاي ئاراللىرىغا كىچىك-مايا دەپ ئاتالغان ئادەملەر ماڭغان. بۇ ئادەملەر ئاق تەنلىك ۋە جىگەر رەڭ تەنلىككىچە بولغان ھەر خىل ئىرقلارغا مەنسۇپ ئىدى. ئەتىمالىم، ئۇلار بىر نەچچە كۆچمەنلەر يوللىرى بىلەن ماڭغان بولسا كېرەك،ئۇلارمەركىزى




مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ غەرب يوللىرى

ئامېرىكىدا، جەنۇبى ئامېرىكىدا، جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرىدا ۋە مالاي تاقىم ئارىلىدا ئۇچرايدۇ. كىچىك-مايالارنىڭ بىر تارمىقى ھازىرقى ياپونلارنىڭ ئەجداتلىرىدۇر.

يەنە بىر يول،موڭغۇللار يولى بولغان. ئۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىش قىيىن، ئۇلار ئاسىيانىڭ شىمالى رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان. سىبىرىق تەنلىك موڭغوللارنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللىرىنىڭ بىرى ئۇلارنى بىرمىنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ يەردە ئۇلار ھازىرقى جەنۇبى ۋېيتنام تەۋەسىگە ئورۇنلاشتى. بۈگۈنكى جەنۇبى خىتاي ئاھالىسى ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى.

ئۇمۇمى خۇلاسە چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدىغانلار ھەر دايىم خاتالىقتا يول قويۇشى مۇمكىن. ئۆتمۈشتە ئارخېئولوگىيە ئاساسى جەھەتتىن ئۇمۇمى خۇلاسە چىقىرىشقا ئاساسلىناتتى، ئەندى ئۇلارنىڭ خۇلاسلىرى يېڭى تېپىلغان گۇۋالىقلار بىلەن كۈندىن-كۈنگە رەت قىلىنماقتا. ئارخېئولوگىيەدە ئايرىم تېپىلما بىر ھالقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭغا يەنە بىر ھالقا تېپىلغىچىلا شۇنداق مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك، ئاندىن يەنە بىر ھالقا تېپىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل ھالقىلار تولۇق ئەسلىگە كەلگىچە بۇ ھال داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە خۇلاسە ئۈچۈن پايدىلىنىش باھالىنىدۇ، پاكىتلارسىز يەكۈنلەنگەن خۇلاسىلار مەخسەتكە مۇۋاپىق ئەمەس. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك ئىشلار مۇنداق خاتالىقلارغا يول قويغان.

ھىندىستاننىڭ قەدىمكى تارىخى، ھىند رىۋايەتلىرى، ھۆججەتلەر بىلەن ئەپسانىلار بىر-بىرى بىلەن شۇنچىلىك ياخشى ماسلىشىدىكى، بۇ ئۇلارنىڭ چىنلىقىغا شەك كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق سوئاللارنى رەت قىلىدۇ. مالاي ئاراللىرىدا ماكانلارنىڭ ئاساسىنى سېلىش توغرىلىق بايان قىلىدىغان ئەپسانىلار بار. ياۋا ئاراللىرى كارانگىلىرىنىڭ دىنى مۇراسىملىرى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئەپسانىلار شۇنداق قىلىپ، ئىسپاتلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**بىرما** قەدىمي بىرما توغرىلىق مەلۇمات ناھايىتى ئاز. ئەتىمالىم، ئۇ ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ پۈتكۈل تەۋەسىنى ، ئۇنىڭ شىمالىدا ۋە شەرقىدە تۇرغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك. ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى بىرما دەۋرىدە شۇ چاغدىكى جەنۇبى قىرغاقىنىڭ يولى ھازىرقىدەك بولغان ئەمەس،ئۇ دەۋرلەردە يەرلەرنىڭ سۇ ئاستىدا قېلىشى شۇنداقلا قۇرۇپ كېتىشى ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرغان. بىرما ناگلارنىڭ يولى بىلەن ماڭغان كۆچمەنلەرنىڭ بىرىنچى توختىغان جايى بولغان. ئۇنىڭ نامى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتەن تىلىنىڭ ئىككى سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «يېڭى يەر» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. ناگلار ئۆزلىرى بولسا ئۆز نامىنى ياراتقۇچىنىڭ ـ ناگانىڭ ـ يەتتە باشلىق يىلاننىڭ رەمزىدىن ئالغان.

ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغان قەدىمي ھىندىستان تارىخچىسى ۋالمىكى مۇنداق دەپ يازغان: «مايالار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن يولغا چىقىپ، كۈن پېتىش تەرەپكە بىر ئايلىق يۈرۈش قىلدى ۋە ئاۋال بىرمىغا كەلدى، بۇ يەردە ناگلار نامى بىلەن مەلۇم بولدى، ئۇ يەردىن بولسا ھىندىستاندىكى دېكانغا يول ئالدى...

ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ دىن ۋە پەن ئۇستازلىرى، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ غەربكە راۋان بولدى ۋە ئاۋال بىرمىغا، ئاندىن ھىندىستانغا يېتىپ باردى».

ناگلار پەيدا بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى قەدىمي شەھەر خىرانياپۇرا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ قالدۇقلىرىنى ھازىرقى كۈندىمۇ بىرمىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان كارولىن ئاراللىرىنىڭ بىرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىرمىدا دەسلەپ پەيدا بولغان ناگا ـ مايالار ماكانى پەۋقۇللادە قەدىمي زامانلارغا تەئەللۇق. بىرمىدىن سەل شىمالغا جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرى توغرىلىق بايان قىلىدىغان ھىمالايا ساگرامىلىرىدىكى پۈتۈكچىلەردە تەكىتلىنىشىچە، بۇ يەرلەرگە **ئۇيغۇر**لارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بۈنىڭدىن 70 مىڭ يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت ئىلگىرى باشلانغان. بىرما توغرىلىق بىزگە مەلۇم بولغان دەسلەپكى تارىخى پاكىتلار بىر يېرىم مىڭ يىلنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،

لېكىن قەدىمىي بىرما شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى ۋە ۋالمىكىنىڭ گۈۋالىقلىرى ئۇنىڭ تارىخىنىڭ خېلىلا ئۇزاق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**كامبودژا** ھازىرقى كامبودژا قەدىمكى بىرمىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. كامبودژىنىڭ مەركىزىدىن ئۇلۇق مېكونگ دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەريانىڭ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ بويىدا قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپلىگەن قالدۇقلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ يەردىكى دەسلەپكى مەدەنىيەتكە تەئەللۇق ياكى تەئەللۇق ئەمەسلىكى مەسىلىسى ھازىرچە سوئال پېتىچە قېلىۋاتىدۇ. ئەمما،بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى قىسمى بارى-يوقى 1400-1600 يىل ئىلگىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ فرانسيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى ۋە قېزىلما ئىشلىرى بىلەن تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئاڭكوردىكى ناھايىتى مەشھور خارابىلار ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئانچە قەدىمىي بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار مېمارچىلىقىنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. بۇ خارابىلارنى ئۆگەنگەن فرانسيە ئارخېئولوگلىرى ئۇلارنى دەۋرلەر بويىچە ئۈچ توپقا بۆلدى. مۇنداق توپنىڭ ئاخىرقىسى مىلادى 7- ئەسىردىن كېيىنىرەك سېلىنغان، كىخمېر مېمارچىلىقى دەپ ئاتالغان ئۇنىڭ ئالدىدىكى دەۋىر 7- ئەسىردە ئاياقلاشقان، تېخىمۇ قەدىمىي بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى توغرىلىق ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس.

بۇ بىنالار دەسلەپكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ خارابىلارنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ ۋە ئەگەر تېپىلىدىغان بولسا، تاشلاردىكى يېزىقلارنى ئوقۇماي تۇرۇپ بىرەر پىكىر قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، فوتو سۈرەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ يەردىكى تاشقا ئويۇلغان نەقىشلەر يۇكاتان ۋە مەركىزى ئامېرىكىدىكى قەدىمىي مايالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئاڭكورنىڭ دىققەتكە سازاۋەر جايى، ئاڭكور-ۋات ئىبادەتخانىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ سەلتەنەتلىك ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى كىخمېرلار دەۋرىدە باشلىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئاياقلاشقان. بۇ

يۇزمىڭلىغان ھەيكەل-نەقىشلەردىن تەركىپ تاپقان دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىنشائاتلارنىڭ بىرىدۇر. تۆۋەندىكىسى خېمبىرتوننىڭ «ئۆتمۈشنىڭ مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتاۋىنىڭ بىرىنچى تومىدا ئېلان قىلىنغان ئېدمۇند چاندلېرنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندە:

«ئاڭكور-كامبودژىدىكى قەدىمي خارابىلارنىڭ ماكانىدۇر، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى يەر-يۈزىدىن ئىزسىز غايىپ بولدى. كامبودژىدا ھازىرقى ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ قالغان ئەپسانىلاردا ئۇلار توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ...

قەدىمكى كامبودژا مېمارچىلىقى بىلەن تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئارخېئولوگلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى خۇلاسىلىرى بۇ قەدىمي خارابىلارنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا ياردەم قىلماي، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى...

بۇ مېمارچىلىق ئۇسلۇبى كىخمېر ئۇسلۇبى نامىنى ئالدى...

مەملىكەتنىڭ قەدىمي تۇرغۇنلىرى يىلانغا چوقۇنىدىغان كامپىلار بولغان ئىدى. كېيىنرەك ئۇلار كخومېنلار سۈپىتىدە مەلۇم بولدى...

فۇرنېرو ئارىيانلارنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشىنى مىلادى V-ئەسىردە بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا كىخمېر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى پرېئاتخانگ رەھبەرلىك قىلغان. كىخمېر ئىمپېرىيەسى مىلادى 650-يىلغىچە مەۋجۇت بولغان».

«ئىزسىز غايىپ بولدى»، دەپ يازىدۇ چاندلېر. ئەتىمالىم ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىن ئىز قالدۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىزنى تەبىئەت قالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن چاندلېر بۇ ئادەملەر «يىلانلارغا چوقۇناتتى»، دەيدۇ. تۆۋەندە مەن مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىمەن.

خارابىلار ئەخلەتلەردىن تازىلىنىشتىن ئىلگىرى ماڭا ئاڭكوردا كۆرۈشكە نېسىپ بولغان ئازغىنا نەرسىلەر كىخمېرلارنىڭ ھىندىستاندىن كامبودژىغا كەلگەنلىكىگە قىلچىلىكمۇ شۈبھە قالدۇرمايدۇ، ئابروبىلۇق تارىخى مەنبەلەر بىزگە ئۇ دەۋرلەردە مالاي ئاراللىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھىندىستان تەرەپتىن ھوجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى، ئەندى كامبودژا بولسا




**كامبودژا رايونىدىكى ۋۇلقان پارتلاش شارايىتى.**

**رەسىمدە: بىرما، سىئام، ئاڭكور ،كامبودژا، مېكونگ دەرياسى، تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، سۇماترا، كراكاتائۇ، ياۋا، بورنېئو.**

يىبرىم ئارالدىكى ئەڭ چوڭ ھىندىستان جامائەسى ئورۇنلاشقان جايغا يىقىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چاندلېردىن يەنە بىر نەقىل كەلتۈرىمەن: «تاشتىكى ئويما نەقىشلەر ئارىسىدا راكشاسلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتقان راما بىلەن خانۇمان ئۇچرايدۇ. راكشاسلارنىڭ چىرايىدا ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئەكىس ئەتكەن ئۇلارنىڭ قەھرى-غەزىۋى ناھايىتى تەبىئىي ئىپادىلەنگەن».

بۇ يەردە سۆز ھىندىستاننىڭ «راما بىلەن سىتا» ئېپوسىنىڭ سۈرەتلىرى توغرىلىق بولىۋاتىدۇ.

« ئاڭكور-ۋاتنىڭ شىمالىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتىكى ئاڭكور-تخوم كىخمېر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ ئاڭكور-ۋاتتىن خېلى ئىلگىرى سېلىنغان. شەھەر بىر نەچچە مىلغا سوزۇلغان. بۇ يەردە تىك، ئۇزۇن كەتكەن يوللاردا مېڭىشقا، غۇلىغان تۈۋرۈكلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ئەندى ئايىقىڭنى ئاياپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى تۇتۇۋالغىنىڭدا، تۇيۇقسىز پىلنىڭ تىزىنى ياكى قانداقتۇر بىر ئاجايىپ-غارايىپ ئايال ئىلاھنىڭ مەيدىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىڭنى كۆرىسەن».

ئاڭكور-تخومنىڭ مەنزىرىسى ئۇنىڭ سەنئىتىنى ئېنىق بەلگىلەشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. چاندلېرنىڭ تەكىتلىشىچە، ئاڭكور-تخوم كىخمېر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە ئۇنىڭ بىنالىرى «ئاڭكور-ۋاتتىن خېلى بۇرۇن» سېلىنغان. كىخمېر ئىمپېرىيەسى بارى يوقى ئىككى يۈز يىل ياشىدى. مۇنداق ئەھۋالدا «خېلى بۇرۇن» سۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا نېمە يوشۇرۇنۇشى مۇمكىن؟ چاندلېرنىڭ «ئاجايىپ-غارايىپ ئايال ئىلاھە» دېگىنى ماھىيەتمۇ ياكى رەمزىلىك خاتىرە ھەيكەللىچىلىرىمۇ؟

«بارلىق جايلاردا ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە ئاڭكورنىڭ روھىنى، يەتتە باشلىق كۆزئەينەكلىك يىلان ناگانىڭ باشلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. بەزىدە ئۇلار زوڭزىيىپ ئولتارغان ئوقياچىلار تۇتۇپ تۇرغان زور يانى ھاسىل قىلىدۇ. ئايلانما پەلەمپەيلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى خۇددى سۇ توشقۇزۇلغان قاچىلاردىن كۆتىرىلىۋاتقان تىرىك يىلاندەك ياسالغان. ئاڭكوردا تاش يوللاردا ۋە ئۇنىڭ چەتلىرىدە مىغىلداپ كەتكەن يىلانلار ئۇچرايدۇ».

سۇ قۇيۇلغان قاچىدىن كۆتىرىلىۋاتقان يىلان، بۇ يارىتىشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائى رەمزى.

«بۇ ئورمانىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئاڭكورغا نىسبەتەن كىچىكرەك بولغان بىر مەقبەرە بار. ئۇ ئىبادەتخانىنى قورشاپ تۇرغان ئوتتۇز يەتتە مۇنارىدىن ئىبارەت. مۇنارىلەرنىڭ بىرىدە دۇنيانىڭ تۆرت تەرىپىگە قاراپ تۇرغان تۆرت براخمانىنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن».

بۇ رەمزىلىك ئىنشائات، دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە قاراپ تۇرغان تۆرت قىياپەت، ماددى دۇنيانى باشقۇرىدىغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىدىغان مۇقەددەس تۆرتلىك. بۇ ھەيكەل قىياپەتلىرىنى تەپسىلى بىلگىنىمدە، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق يېشىپ بەرگەن بولار ئىدىم.

«كىخمېرلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى قاپلاپ تۇرغان سىر ۋە ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، مېكونگ دەرياسىنىڭ بويىغا كۆپلەپ كۆچۈپ كەلگەنلەر دولقۇنىنىڭ سىرلىرىغا ئوخشاش كۆپتۇر».

كىخمېرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خوشنا يەرلەرنىڭ تارىخى ئېنىق ۋە مۇئەييەن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، فۇرنېرو ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھىندىستان بولغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

ماگا ئاڭكور توغرىلىق مەلۇم بولغان ئەمگەكلەر ئىچىدە خېلېن چېرچېل كېندىنىڭ «ئاجايىپ ئاڭكور» ناملىق كىتاۋى ئەڭ ياخشى ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كېندى خانىم تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنغان تەپسىلاتلار، شۇنچىلىك ئېنىقكى، ئۇلار ئارخېئولوگلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بايلىقتۇر. كىتاپ تىلى راۋان يېزىلغان. مەن ئۇنىڭدىن بىر نەقىل كەلتۈرىمەن: «بۇ ناگا، ئۇ باشقا نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. كۆپلىگەن ئەسىرلەرنىڭ ۋە دىنلارنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ شەكىللەر ئۆتمۈش دىنىنىڭ ۋە تارىخىنىڭ سېزىلەرلىك گۇۋالىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ رەسسام ياكى مېمارنىڭ خىيالى مېۋىسى ئەمەس، ئۇ يېرىم ئىلاھنىڭ رەمزى. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنىڭ تارىخى موشۇ يېزىقلارغا يوشۇرۇنغان». كېندى خانىم ناگانى رەمزى دەپ ئاتىغاندا، تامامەن ھەقلىقتۇر، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك باھالىمىغان. بۇ يېرىم ئىلاھنىڭ رەمزى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئۇلۇق ياراتقۇچىنىڭ رەمزىدۇر. ئىبادەتخانىدىكى يېزىقتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ ئىبادەتخانا ئۆز ئىرادىسى بىلەن بارلىق ماھىيەتنى ياراتقان يەتتە باشلىق يىلان ناگانىڭ شەرىپىگە سېلىنغان».

ئاڭكورنىڭ ھەيكەلتاراشلىق بېزەكلىرىنى دىققەت بىلەن ئۆگىنىش، «ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى! ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى!

ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ!» دەپ خىتاب قىلغان خۇلاسىغا ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ يەردە ھەممىلا جايلاردا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ رەمزىلىك گۈلى، پادىشا نىلۇپەرنى كۆرۈش مۇمكىن. قۇياش ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشالىق ئۈچ چىشلىق ھاسىسىمۇ ھەممە يەرلەردە بايقىلىدۇ، كۆپلىگەن ھەيكەلچىلەرنىڭ لىباسىدا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ سانلىق رەمزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سەل كېيىنكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاڭكور-ۋاتنىڭ بارلىق بىنالىرى سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىنىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى تەرەپكە، شەرققە قارىتىپ سېلىنغان. ئۇ يەر، بۇ يەردە بىر ئۇسلۇبتىكى ھەيكەلچىلەر ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى فرانسۇز ئارخېئولوگلىرى «شىرلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرىۋاتقان قىياپەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە شەرققە قارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى مۇ قۇرۇقلۇقى ئېلىپبەسىنىڭ «م» ھەرىپى شەكلىدە (24-بەتكە قاراڭ) ياسالغان. بۇ ھەرىپ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئېلىپبە رەمزى بولغان.

ئەندى مەن كىخمېرلارنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولۇشى ۋە ئاڭكور-تخومىنىڭ ۋەيران بولۇشى سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمەن.

**ئاڭكورنىڭ گېئولوگىيەلىك تارىخى** ئاڭكور-تخومىنىڭ ۋە مېكونگ ۋادىسىدا ۋەيران بولغان ئىنشائاتلار رايونىدىكى گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەرنى ئۆگىنىپ، كىخمېرلارنىڭ قانداق غايىپ بولغانلىقىنى ناھايىتى يۇقىرى ئېھتىماللىق دەرىجىسىدە پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ يەرنىڭ بارلىق جايلىرىدا، بۇ دەريا ۋادىسىدا يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەت پەيدا قىلغان بىر نەچچە قىتىملىق دولقۇننىڭ گۇۋالىقلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئاڭكورنى تەكشۈرگەن ۋە ئۇ توغرىلىق يازغان ئارخېئولوگلار ئەتىمالىم، بۇ ھالغا دىققەت بۆلمىگەن بولسا كېرەك. كىخمېرلارنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولۇشى ۋە ئۇلار سالغان بىنالارنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمە بولغانلىقىنى كىتابخانلارغا ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەن كامبودژىدىكى ۋە ئۇلارغا خوشنا تەۋەلەردىكى ۋۇلقان پارتلاش ۋەزىيىتىنى نامايىش قىلىدىغان خەرىتىنى تەييارلىدىم.

خەرتىدە بۇ رايوننى ئوراپ تۇرغان گاز چەمبەرلىرى تارماقلىرى ھەر خىل سىزىقلار بىلەن كۆرسىتىلگەن. كامبودژانىڭ ئۆزىدىن شىمالدىن جەنۇپ يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆتىدىغان ئۈچ گاز چەمبىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بىرمىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن ئوكيان ئاستىدىن ئۆتىدىغان يەنە ئىككى گاز چەمبىرى بار. ئەڭ شەرقتىكى گاز چەمبىرىدىن باشقا ھەممىسى سۇماترا ۋە ياۋا ئارىلى ئاستىدىن ئۆتىدىغان، ئاندىن شەرققە كېتىدىغان قۇدرەتلىك گاز چەمبىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. ھازىرمۇ خۇددى ئىلگىرىكىدەك بۇ رايون دۇنيادىكى ۋۇلقان پارتلاش ئاكتىپلىقى ئەڭ يۇقىرى جاي بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ۋۇلقانلارنىڭ پارتلاشلىرى ۋە يەر تەۋرەشلەر سان-ساناقسىز ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى ئېلىپ كەتتى.

بىرمىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن گاز چەمبەرلىرى شەكىللەنگەن ۋە تاغلار ھاسىل بولغان دەۋىردە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 12 مىڭ يىل مۇقەددەم يەر يۈزىدىن يوقالغان. كىخمېر مەدەنىيىتى مېكونگ ۋادىسى بويىچە يۇقىرىلاپ ماڭغان غايەت زور دولقۇن تەرىپىدىن يۇيۇپ تاشلانغان. بۇ دولقۇننىڭ ئىزلىرىنى بارلىق جايلاردا، جۇملىدىن، ئاڭكور-تخومنىڭ ۋەيران بولغان بىنالىرى تاملىرىنىڭ ئاستىنقى قىلىن قىسىملىرىدىن بايقاش مۇمكىن. بۇ دولقۇن مېكونگ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايى ئەتراپىدىن كراكاتائۇ ۋۇلقانىغا كېلىدىغان گاز چەمبەرلىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان. توپلىنىپ قالغان گازلار ھاسىل بولغان قاپقاقنى ئېشتىرىۋېتەلمىگەن، نەتىجىدە ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان گاز چەمبىرىنىڭ يېڭى تارمىقى ھاسىل بولغان.

بۇ ئوكيان ئاستىنىڭ كۆتىرىلىشىگە ۋە سۇ قاتلىمىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ كەلگەن. ئارىلىشىپ كەتكەن قاتلام ئىنتايىن چوڭ دولقۇننىڭ ئادەتتىكى شەكلىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۆزى بىلەن كىخمېرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ، مېكونگ ۋادىسىدا ئېقىپ كەتكەن.




مالاي تاقىم ئاراللىرى رايونىدىكى ۋۇلقان پارتلاش ۋەزىيىتى

# 11 - باپ: هىندىستان

ھىندىستان تىپپىشماقلار ۋە سىرلىق بىلىملەر ئېلى، قەدىمىي يۇنان پەلسەپەسىنىڭ بۆشۈكى. بخاراتا (ئەسلى نامى دېكانا) مەشھۇر شەھەر. قۇدرەتلىك ئوكيان دولقۇنلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنى پارچىلاپ، ئۇنى يۇتىۋەتكەندىن كېيىنكى سەككىز مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋامىدا، ئۇ مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيىتىنى، بىلىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ساقلاپ كەلگەن. يەنە شۇ ھىندىستان مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى، مىڭلىغان يىللار داۋامىدا يەر يۈزىنىڭ دەسلەپكى ئۇلۇق مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان مەملىكەت بولدى. باشقا خەلقلەر بۇ مەدەنىيەتنى ئارانلا ئازراق ۋاقىتقا ساقلاپ قالالىدى، ئاندىن ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە تامامەن غايىپ بولدى. پەقەت ھىندىستانلا مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن تارتىپ تاكى مىلادىنىڭ 500 - يىلىغىچە دىنىنىڭ، پەلسەپەنىڭ، ئىلمى نۇجۇمنىڭ (ئاسترونومىيە)، ھەر خىل پەنلەرنىڭ، مۇزىكىنىڭ، تەسۋىرى سەنئەتنىڭ ۋە تېبابەتچىلىكنىڭ (مېدىتسىنا) مەركىزى بولۇپ كەلدى.
بىرمۇ مەملىكەت بىلىمنىڭ بىرمۇ ساھەسىدە ھىندىستان بىلەن باراۋەرلىششى ياكى رىقابەتلىششى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۇنيا كۆپ جەھەتتىن بۇ توغرىلىق ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. تارىخچىلار ھىندىستاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى كۆرەلمىدى ۋە ئۆگىنەلمىدى، ئاككادلار، سۇمېرلار، بابىلونلار ۋە يۇقىرىقى مىسىرنىڭ تۇرغۇنلىرى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئىدى.
قەدىمىي ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشنىڭ ياكى ئەپسانىلەرنى ياردەمگە چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ مەدەنىيەتنىڭ پەۋقۇللادە قەدىملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ غەربى قىرغىقىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، چۈنكى موشۇ يەردە، ھىندى ئوكياننىڭ تېگىدە

www.uyghurkitap.com

ھازىرقى قىرغاق يولىدىن بىر نەچچە مىل يىراقلىقتا بۈيۈك ئىنشائاتلارنىڭ قالدۇقلىرى ياتىدۇ. تارىخ بۇ سۇ تاشقىنى توغرىلىق خەۋەر قىلمايدۇ، لېكىن بۇ يەردە يىراق ئۆتمۈشتە ھىندىستاننىڭ ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تەبىئىي ۋە رەت قىلىپ بولمايدىغان ئىسپاتلار ياتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق پاكىتلارغا كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، ھىندىستان مەدەنىيىتىگە بار-يوقى تۆرت ياكى بەش مىڭ يىل بولغانلىقى ھەققىدىكى بىمەنە ھېكايىلەرنى توقۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ .

**ھىندىستاننىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سۇ ئاستىدا قالغان يەرلەر** ھىندى ئوكياندىكى ھىندىستاننىڭ غەربىي قىرغىقى بىلەن تۇتاش جايدا، كۆپلىگەن قەدىمىي ئىنشائاتلىرى بىلەنلا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن كەڭ دائىرىدىكى يەر بار. خۇددى جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىدىكى ئىنشائاتلارغا ئوخشاش، ئۇلار تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ سۇغا چۆكۈپ كەتكەن يەر تەخمىنەن شىمالى كەڭلىك 21 گىرادۇستىن، يەنى ھىندى دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەردىن باشلىنىدۇ ۋە ئېكۋاتورغىچە دېگىدەك جەنۇپقا سوزۇلىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ يەر ئۇزۇنچاق ئويمانلىق شەكلىدە بولغان. بۇ ئويمانلىقنىڭ ئىچىدە ئاياق تەرەپتىكى لاككادىۋ ۋە مالدىۋې ئاراللىرى تۇرىدۇ. مەن بىر نەچچە قېتىم ئۇلارغا يېقىن جايلاردا بولغان ئىدىم، لېكىن بۇ تاقىم ئاراللارنىڭ بىرىدىمۇ بولۇشقا نېسىپ بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنىڭ چۆكۈپ كەتكەن يەرنىڭ سۇ ئۈستىدە ساقلىنىپ قالغان قىسىملىرىمۇ ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان مارجان ئاراللىرىمۇ كېسىپ ئېيتالمايمەن. بۇ ئاراللاردىن شىمالغا ۋە جەنۇپقا كۆپلىگەن ئانچە چوڭقۇر بولمىغان قانالار سوزۇلغان، ھىندىستانغا بارىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان كېمىلەر ئەنە شۇلارنى نىشان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ كام ئۇچرايدىغان گېئولوگىيەلىك ھادىسىگە گېئولوگلارمۇ، ئارخېئولوگلارمۇ، تارىخچىلارمۇ دىققەت قىلمىغان. ھاۋارايى ياخشى بولغان كۈنلىرى




قەدىمي ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى چۆكۈپ كەتكەن يەرنىڭ خەرىتىسى

يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن ئويمانلىقتىكى سۇ ئاستىدا قالغان ھەيۋەتلىك بىنالار ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەرلىك بىلىقچىلار بۇ سۇ ئاستىدىكى زىمىن ھەققىدە ياخشى بىلىشىدۇ. بۇ ھەقتە مەن شۇلاردىن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ھىندىستان ئالىملىرىغىمۇ مەلۇم، لېكىن ئۇلاردىن ھېچ كىم بۇ توغرىلىق بىر نەرسە ئېيتالمايدۇ، چۈنكى ھىندىستان تارىخى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمىي تارىخىمۇ بۇ يەرنىڭ چۆكۈپ كېتىشى توغرىلىق سۆز قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىدىغان ھېچ نەرسە يوق، چۈنكى ھىندىستاننىڭ قەدىمىي تارىخى ئۈچىنچى مىڭ يىللىقتىن مىلادىغىچە بولغان دەۋرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇنىڭدىن 15 مىڭ، ھەتتا 30 مىڭ يىل مۇقەددەم يارىتىلغان يۇزلىگەن، مىڭلىغان قەدىمىي پۇتۈكچىلەر ساقلانماقتا. ئەگەر ئۇلارنى تېپىش ۋە مەنىسىنى يېشىش مۇمكىن بولسا، سۇغا چۆكۈپ كەتكەن يەر توغرىلىق مەلۇماتمۇ تېپىلغان بولار ئىدى.

مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشى ئارىيانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئارىيانلار ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ئۆزگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ پەيدىن-پەي بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىكى ئەنە شۇ ئېچىنارلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ شۇتىنىڭ ئەڭ ئېگىز پەللىسىدىن ئەڭ تۆۋەنكى پەللىسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، تارىخچىلار ئەنە شۇ چۈشكۈنلۈك باشلانغان دەۋرنى، يەنى تەخمىنەن تۆرت مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى، دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ ئەمەلىيەتتە پاكىتلار بىلەن ھەقىقەتنى ھاقارەتلەش! ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك بىنالىرى بىلەن سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بۇ يەرلەر ساراسۋاتى ۋادىسىغا ھىندىقۇشنىڭ تاغلىقلىرى، قوپال ۋە رەھىمسىز ئارىيانلارنىڭ ئىنتايىن نۇرغۇن كۆچمەنلىرى بېسىپ كىرىشتىن ئون مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى ھىندىستاندا ئۇلۇق مەدەنىيەت مەۋجۇت

www.uyghurkitap.com

بولغانلىقىنىڭ توغرىدىن-توغرا ئىسپاتىدۇر. ھىندىستاننىڭ قەدىمىي ئىبادەتخانا يىلنامىلىرى بابىلوننىڭ، يۇقىرىقى مىسىرنىڭ تارىخىغا ئاساس سالغان ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ سەنەسى 35 مىڭ يىلدىن ئوشۇق، دەپ بەلگىلەيدۇ

ماگا ھىندىستاندىكى توپان ئاپىتى توغرىلىق خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن بولمىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن شۇ بەش-يەتتە مىڭ يىللىق دەۋىردە ئەتىمالىم، دۇنيادىكى ھېچ يەردە يىلنامىلارنى يېزىپ مېڭىش يولغا قويۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەز مەۋجۇت. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، چوڭقۇر سۇ ئاستىدا قالغان بىنالار توپان بالاسىنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. سۇ ئاستىدا قېلىشىنىڭ سەۋەپلىرى ۋە ھازىرقى سەيلون ئارىلىنىڭ پەيدا بولۇشى مەندە قىلچىلىكمۇ شۈبھە پەيدا قىلمايدۇ.

**قەدىمكى ھىندىستان** ئىلگىرى ھىندىستان ئۇنداق ئاتالمىغان. ئېنىقىراغى ھىندىستان- بۇ يېرىم ئارالنىڭ زامانىۋى نامى، ئۇ بارى-يوقى 2300-2400 يىلدىن بۇيان شۇنداق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھىندىستاننىڭ قەدىمىي نامىنىڭ قانداق بولغانلىقى ۋە ئۇ چاغدا ئۇمۇمەن پۈتكۈل يېرىم ئارالغا تەئەللۇق بولغان نامى بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ماگا مەلۇم قەدىمىي ھۆججەتلەردە پەقەتلا ناگلار ئىمپېرىيەسى، ماخارالتا بىلەن دراۋىدنىڭ پادىشالىقى تەكىتلىنىدۇ. «ھىندىستان» دېگەن نام يۇنانلاردىن كەلگەن. يۇنانلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 325- يىلى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇنىڭ غەربى-شىمالى ۋىلايەتلىرىدە چوڭ بىر دەريانى كۆرىدۇ، يەرلىك تۇرغۇنلار ئۇنى سىندخۇ دەپ ئاتىغان. يۇنانلار بۇ نامنى ئاۋال ئىندۇ، ئاندىن ھىندۇ دەپ ئۆزگەرتتى. ئاخىرى بۇ دەريا ھىندى دەرياسى، ئۇنىڭ بويىدا ياشىغۇچىلار ھىندىلار ۋە ھىندىستانلىقلار سۈپىتىدە مەلۇم بولدى. ھازىر ھىندىستاننىڭ بۇ ۋىلايىتى سىندى دەپ ئاتىلىدۇ.

«رامايانا» داستانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

www.uyghurkitap.com

«ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ كەلگەن مايالار بولغان، ئۇلار ئاۋال بىرمىغا بارغان ۋە ئۇ يەردە ناگلار دېگەن نامنى ئالغان. ئۇلار بىرمىدىن دېكانغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردە، ھىندىستاندا كېيىنرەك داناۋىلار سۈپىتىدە مەلۇم بولغان.

مايالار ئاجايىپ ماھىر دېڭىزچىلاردىن بولغان، ئۇلارنىڭ كېمىلىرى شۇ يىراق ئۆتمۈشتە شەرقى دېڭىزدىن غەربى دېڭىزغىچە ۋە جەنۇبى دېڭىزدىن شىمالى دېڭىزغىچە بولغان ئوكيانلاردا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇ چاغلاردا قۇياش تېخى ئۇپۇق ئۈستىدە كۆتىرىلمەيتتى».

«ئۇلار ئۇستا مىمارلار ئىدى، ئۇلار چوڭ شەھەرلەرنى ۋە سارايلارنى سالغان. بۇلار ئۇزاق ئۆتمۈشتە ھىندىستاننىڭ پەۋقۇللادە يۇقىرى تەرەققى ئەتكەن مەدەنىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ».

«مايالار شۇنداقلا ئۇلۇق جەڭچىلەردىن بولغان، ئۇلار ھىندىستاننىڭ جەنۇبى ۋىلايەتلىرىنى بويسۇندۇرغان». بۇ يەردە سۆز ئۆز ئىلىنى دراۋىد دەپ ئاتايدىغان تامىللار ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنىش توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھىندىستانغا ئارىيانلار بېسىپ كېلىشتىن ئون مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن. مىڭلىغان يىللاردىن كېيىن ھىندىستان كۆپلىگەن ئۇششاق پادىشالىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغدا، تامىللار يەنە مۇستەقىللىققە ئېرىشىدۇ ۋە ئۆز پادىشالىقىنى تەسىس قىلىدۇ.

مايالار ياكى مۇقەددەس قېرىنداشلار، ئۆزلىرى تۇغۇلغان ئەلدىن، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ دىنى ۋە ئىلىم-پەننى تەرغىپ قىلغۇچىلار سۈپىتىدە شەرققە ئاتلاندى. ئۇلار بىرمىدىن دېكانغا باردى، ئۇ يەردىن ئۆز دىنى بىلەن ئىلىم-پەننى بابىلون ۋە مىسىر جامائەلىرىگە تارقاتتى.

تىبەت مۇناستىرىدىكى پۈتۈكچىلەردە، مايالارنىڭ ھىندىستانغا يەتمىش مىڭ يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت ئىلگىرى كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى چاقماقتەك ئادەملەر بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئادەتتە «قوياش تېخى ئۇپۇقتىن كۆتىرىلمەيتتى» دىگەن سۆز رەمزىلىك ئىبارە بولۇپ،ئۇنىڭدا ئاسماندىكى يورۇقلۇق بېرىدىغان جىسىم توغرىلىق ئەمەس، بەلكى مايالارنىڭ ھىندى ماكانىنى ئىمپىرىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىغا قارىتىلغان.ئىمپىراتورغا ھەدىيە قىلىنغان تاج بىلەن گىرىب – ئۇپۇق ئۈستىدە نۇر چېچىپ چىقىۋاتقان قوياش بولسا،بۇ ئىمپىرىيەنىڭ قوياش ئىمپىرىيەسى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەركىۋىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

مەن ھەر قېتىم «رامايانا» توغرىلىق ئويلىغىنىمدا، مېنىڭدە گويا ئۆز دوستۇمنىڭ قولىنى قىسىۋاتقاندەك ھىسسىيات پەيدا بولىدۇ. ھىندىستانلىق ھېرودوت- ۋالمىكى ھەر قانداق باشقا ھىندىستان يازغۇچىسىغا قارىغاندا مېنى ناھايىتى كۆچلۈك ھاياجانلاندۇرىدۇ، ماڭا كۆپلىگەن قەدىمي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقىش ۋە شۇنىڭغا تەئەللۇقلارنى تاللىۋېلىش بەختى نېسىپ بولغانلىقىدىن بەختلىكمەن. مەن خىيالەن بىزنى ئاجرىتىپ تۇرغان ۋاقىت ئارىلىقىدىن ئۆتۈمەن ۋە ئۇنى (ۋالمىكىنى) ئۇستاز نارانىنىڭ ئايىقى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قەدىمي تەلىماتلارنىڭ دانالىق بايلىقىنى تىڭشاپ ئولتارغاندەك، خۇددى مەن ئۆزەم ئەندى باشقا ئۇلۇق ئۇستازنىڭ ئاغزىدىن بۇنى تىڭشاۋاتقاندەك ھىس قىلىمەن. «رامايانا» نارانا تەرىپىدىن بىۋاستە ئۆز ئەسلى نۇسقىلىرىدىن ئېيتىپ بېرىلگەن ئىبادەتخانا ھۆججەتلىرى ۋە يىلنامىلىرى بويىچە يېزىلغان:

**«تاڭ يورۇغاندا راما، پۇشباكا ئۇنىڭغا ۋۇۋېشاند بىلەن ئېۋەتكەن ئاسمان هارۋىسىدا يولغا چىقىشقا تەييار بولدى. بۇ ئۆزى ئۇچىدىغان هارۋا ئىدى، ئۇ ئىنتايىن يوغان بولۇپ ماھىرلىق بىلەن سىرلانغان، ئىككى قەۋەتلىك بۇ هارۋىدا كۆپلىگەن دېرىزىلىك خانىلار بولۇپ، بايراقلار بىلەن بېزەلگەن، بۇ ئاسمان هارۋىسى هاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە يېقىملىق ئاۋاز چىقراتتى».**

ھىندىستاننىڭ مىلادىدىن 500 يىل ئىلگىرىكى قولىيازمىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:« **سەيلون پادىشاسى راۋان دۈشمەن ئارمىيەسى**

ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋتىپ،پارتلىغۇچى بومبىلارنى تاشلىغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ھالاك بولغان.ئاخىرىدا راۋان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.ئۇنىڭ ئۇچۇپ يۈرىدىغان ھارۋىسى ھىندىلارنىڭ داھىسى رام چاندىرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ئۇ بۇ ھارۋىدا شىمالغا، پايتەخت ئايئودخيۇغا ھاۋادا ئۇچۇپ بارىدۇ».

شەك ـ شۈبھىسىز، بۇ ھەر ئىككىلا قولىيازما خۇددى «راما ۋە ستا» داستانىغا ئوخشاش، 20 مىڭ يىل مۇقەددەم يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

«ماخابخاراتا» ناملىق مىلادىدىن مىڭ يىل ئىلگىرى يېزىلغان بىر قەدىمىي كىتاپتا دوست موناخقا پادىشالارنىڭ بىرى تەرىپىدىن سوغا قىلىنغان «ئۇچۇپ يۈرىدىغان ھارۋا» توغرىلىق ئەسلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ھىندىستاننىڭ بۈنىڭدىن 15ـ20 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئۇچۇش قۇراللىرى ھەققىدىكى خىلى تەپسىلى بايانلار. بۇ بايانلاردا پەقەت ئۇچۇش ماشىنىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، قۇراشتۇرۇلۇشى، دۈڭگاتىل ۋە باشقىلارنى تەسۋىرلەيدىغان، ئۇچۇپ يۈرىدىغان ماشىنىلارنى ياساش تېخنىكىسى بويىچە سۆرەتلىك قوللانمىلا كەم قالغان خالاس. بۇ ماشىنىلار ئېنېرگىيەنى ئاتموسفېرادىن ئاددى ۋە ئىختىساتچان ئۇسۇلدا ئالغان،ئۇنىڭ دۈڭگاتىلى بەزى جەھەتلەردىن ھازىرقى تۇربىناغا ئوخشاش بولۇپ،بىر قېتىم ياندۇرۇلسا ئۆچۈرۈلمىگىچە ئىشلەيدىكەن. ئۇنى يەنە ياندۇرۇش مۇمكىن ۋە ئۇ ئۆز دۈڭگاتېلى تولۇق ئىشتىن چىققىچە ئىشلىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ ماشىنىلارنىڭ مېخانىزمى ئىشتىن چىقمىغىچە يەر ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ئىشلىتىلگەن مېتالنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولاتتى. مەن كۆپلىگەن ئۇچۇشلار ھەققىدىكى بايانلارنى بايقىدىم، ھازىرقى زامان خەرىتىلىرىگە مۇۋاپىق، ئۇلارنىڭ مۇساپىسى مىڭ مىلدىن ئۈچ مىڭ مىلغىچە بولغان ئارىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ھاۋا كېمىلىرى توغرىلىق خەۋەر قىلغان بارلىق مەنبەلەر يەكدىللىق بىلەن كېمىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇچىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا بىر نەرسىنىڭ ياردىمىسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى، ئۇلارغا ھېچ قانداق يېقىلغۇ تەلەپ قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، بىز ئۆزىمىزنىڭ تەكەببۇرلىقىمىز بىلەن ئۇلاردىن 15ـ20 مىڭ يىل ئارقىدا قالدۇق. بومبا تاشلاش ئۈچۈن ئايروپىلانلاردىن پايدىلىنىش بىز ئۈچۈن تېخى يېڭى نەرسە، ئۇنىڭغا يىگىرمە يىلدىن ئاشمىدى، بۇ يەردە بولسا بىز قەدىمكىلەرنىڭ بۇنىڭدىن 15ـ20 مىڭ يىل بۇرۇنلا بۇنداق تېخنىكىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.«راۋان ئوت ۋە ئىس چىقىرىدىغان،چاقماقلىق قۇرال بىلەن» قىسقىسى،زامانىۋى ئوق ئېتىش قۇرالىنى ئەسلىتىدىغان قۇرال بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي بۇگۈنكىلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرقىدەك مەشھۇر ئالىملار بولغان ئەمەس، دەپ ئۆزىگە ئۆزى ھەۋەس قىلماقتا. بۇ نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «قۇياش ئاستىدا ھېچ قانداق يېڭى نەرسە يوق» دېگەن ئىكەن قەدىمكى بىر دانىشمەن. ئۇچۇپ يۈرىدىغان ماشىنىلار ھەققىدە خىتايدىمۇ كۆپلىگەن يازما گۇۋالىقلار مەۋجۇت.

ھىندىستاننىڭ ھازىرقى تارىخچىلىرى «رامايانا» ۋە باشقا ھىندى ئەسەرلىرىگە رىۋايەتلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىدۇ، ھىندىستانلىقلار بولسا باشقىچە پىكىردە، ئۇلار ماگا ئۇخشاش نىمىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىزگە بۇ كىتاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا نېمىنىڭ تۇرغانلىقىمۇ مەلۇم. بۇ بەلكىم شۇ دەۋىر ئۈچۈن خاس بولغان ئۇسلۇپتا يېزىلغان تارىخى رىسالىلەردۇر. ئۇلار ئۇمۇمەن ئېيتقاندا رەمزىلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان. تارىخچىلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى رىۋايەتلەر دەپ ھىساپلايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ رەمزىلەرنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇئىلېر **«ھىندىستان تارىخى»** كىتاۋىنىڭ III ـتومىدا مۇنداق يازغان:«مايالار كېيىنىرەك ناگلار ۋە داناۋىلار سۈپىتىدە مەلۇم بولدى».

www.uyghurkitap.com

مۇئەللىپ بۇ يەردە مايالار دەسلەپتە ناگلار دەپ ئاتالغان ھالدا ھىندىستانغا كەلدى ۋە كېيىنرەك داناۋىلار نامىنى ئالدى، دەپ تېخىمۇ ئېنىقراق بايان قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

«ناگلارنىڭ ئەپسانىلىرى پەۋقۇلئاددە چۈشىنىكسىز. ئۇلار ھازىرقى ناگپۇر شەھرىنىڭ ئورنىدا قەدىمكى مايالار ياكى ناگلار ئىمپېرىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»، دەپ يازىدۇ ئاپتور. ئەمەلىيەتتە ناگلارنىڭ ئەپسانىلىرى ئۇنچىۋالا چۈشىنىكسىزمۇ ئەمەس. ناگلار دەسلەپكى ھىندىستان ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ تۇنجى پادىشاسىنىڭ ئىسمى راما. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ قۇرۇلغان ۋە زاۋاللىققا ئۇچرىغان يىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك پەقەت ئەپسانىلەرلا قالغان.

ئەپسانىلارغا مۇۋاپىق، ناگلار ئىمپېرىيەسى 35 مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت مۇقەددەم قۇرۇلغان. مەن كۆرگەن كۆپلىگەن باشقا رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا،ئىمپېرىيە ناگلارنىڭ كېلىشى بىلەن قۇرۇلغان ۋە 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە مەۋجۇت بولغان. بەزى بىر ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ ئىمپېرىيە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىلى ئەتراپىدا،ياكى زامانىمىزدىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان. ئۇئىلىر خۇددى چاندىلىرغا ئوخشاش، ناگلار يىلانغا چوقۇنغۇچىلار بولغان، دەپ تەكىتلەپ خاتالىققا يول قويغان. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتەن تىلىدا «ناگا» سۆزى كۆز ئەينەكلىك يىلاننى بىلدۈرىدۇ، مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تۇرغۇنلىرى ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ رەمزى سۈپىتىدە تاللاۋالغان. بۇ يىلاننى ئۇلار يارىتىلىش پەرمانلىرىنىڭ سانى بويىچە يەتتە باشلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرەتتى.ياراتقۇچىنىڭ باشقا رەمزلىرىدىن پايدىلانغان خەلقلەردىن پەرىقلىنىش ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە ناگلار نامىنى قوبۇل قىلغان.

**گ. ت. كولبىرۇك** ئۆزىنىڭ **«ئاسىيا تەتقىقاتلىرى»** ناملىق كىتاۋىنىڭ II ـ تومىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مايا (شاھزادە مايا) **«سۇريا ـ سىددىخانت»** ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى. **«سۇريا ـ سىددخانت»** ئەڭ قەدىمىي ھىندى ئىلمى نۇجۇم رىسالىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

پۇتكۇل ھىندىستان ئاسترونومىيە ساھەسى ئاساسلىنىدىغان بۇ ئەسەرنى روبېرت چامبېرس ئەپەندى بېنارىس شەھرىدىن تاپقان. بۇ پەۋقۇللادە قەدىمىي ئەسەر ماياغا ـ مۇئەللىپكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ھېساپلىرىنى ئىشلەشكە ماھىرلىقى، ترىگونومېترىيە بىلەن ياخشى تونۇشلىقى، قەدىمكى زامانلاردا شۇنداق ئابستراكت ئىلمى پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇلغانلىقىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ».

شەخسەن مەن «سۇريا ـ سىددخانت» ئەسىرى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە يېزىلغان ۋە ھىندىستانغا ئوقۇشنى پۇتتۇرۇپ قايتقان شاھزادە مايا تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، دەپ پەرەز قىلىمەن.

«رىگۋېدا» پەرەز قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان قەدىمكى ھىندىلارنىڭ ئەسىرى، ئۇنىڭ نامى ئىككى سۆزدىن ئىبارەت: رىگ ـ شېئىر، ۋېدا ـ بىلىم. يەنى شېئىرى شەكلىدە بايان قىلىنغان بىلىم. ھېچ شۈبھىسىز، «رىگۋېدا» ئىككى مەنبە ـ ئىبادەتخانا يىلنامىسى ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان، دېمەك ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىلى نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى توغرىلىق بايان قىلمايدۇ، بەلكى يىراق ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى ئون مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە تەئەللۇق، چۈنكى بۇ خىلدىكى مەلۇماتلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ يېزىقلىرىدىن تېپىلماقتا.

«رىگۋېدا»دا مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار بىلەن ماس كېلىدىغان بىر نەچچە دىققەتكە سازاۋەر جاي بار. مەسىلەن: «خاھىش ئۇنىڭ ئاڭ سېزىمدا پەيدا بولدى». بۇ يەردە سۆز يارىتىش توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ. گۋاتېمالادا يېزىلغان كىچېلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «پوپول ـ ۋۇخي»مۇ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلارغا ئاساسلانغان بۇ ئىبارە «ئاۋال ئۇنىڭ يارىتىش خاھىشى پەيدا بولغان» دېگەن مەنادا ياڭرايدۇ. يۇكاتان ياخانتىلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا ئۇ مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «ئۇ ئىجات قىلىش خاھىشىنى ئىزھار قىلغان».

«رىگۋېدا»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ ھاۋادا يۇرۇقلۇقنى تەخسىم قىلغۇچى». ناخانتلاردا: «يۇرۇقلۇقتا ئىگە ھاۋادا» دېيىلگەن. مۇقەددەس كىتاپلاردا: «قۇياش نۇرلىرى يەرنىڭ نۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاتموسفېراسىدا ئۇچراشتى ۋە يۇرۇقلۇقتا ھايات بەردى» دىگەن ئىبارىلەر بار.

ئىشەنچىلىك ئىسپاتلارغا ئىگە بولمىغان بولسامۇ، مەن «رىگۋېدا»نىڭ تاش پۈتۈكچىلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىلغانلىقىغا، كېيىنچە ئارىيانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسرى دەپ جاكالىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنىمەن. «رىگۋېدا» يېزىلغان دەۋرلەردە ئارىيانلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلالىغۇدەك بىلىملەردىن خەۋەردار ئەمەس ئىدى. تاش پۈتۈكچىلەر بولسا تامامەن باشقا گەپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىكى دانالارنىڭ ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى ئىدى.

مەن ھىندىستاننىڭ زامانىۋىي تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەنقىتلەش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدىكى كىتاپلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى (روبېرتسوندىن تاشقىرى) بىردەكلا قەدىمكى ھىندىستانغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى دىققەت نەزىرىدىن چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار ھىندىستاندا ئارىيانلار پەيدا بولغاندىن كېيىن ھىندى مەدەنىيىتى باشلانغان، دىگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىشقان. ھىندىشۇناسلار نىمە ئۈچۈن ئۆز ئىشىدا پاكىتلارغا ئەمەس، بەلكى پەرەزلەرگە ئاساسلىنىدۇ؟ ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپچىلىگىدە قەدىمكى ئۆتمۈش توغرىلىق ئۇ ياكى بۇ يېزىقلار بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە كۆپرەك، بەزىلىرىدە ئازراق، لېكىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ شۈبھىلىك ئىكەنلىگى تەكىتلىنىدۇ. پۈتكۈل ھىندىستان بويىچە كۆپلىگەن ھەيكەللەر ۋە نەقىشلەر تېپىلىۋاتىدۇ. ھەر بىر ھەيكەللەر تۈپى قانداقتۇر

بىر تارىخى ۋەقەلەردىن گۇۋالىق بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ سەھىپىلىرى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار «رىگۋېدا»دا بايقالغان ئىبارىلەرنىڭ قەيەردىن پەيدا بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تولۇق يېتەرلىكتۇر.

ئا. ئى. سىمىت ئەدەبى ئاخباراتنىڭ شەرھىلىگۈچىسى، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەدەبى ئاخباراتنىڭ يېشى نامەلۇم، لېكىن ئۇ پەۋقۇللادە قەدىمىدۇر».

بۇ يەردە سىمىت تامامەن ھەقلىق، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە يېزىلغان ۋە ھىندىستانغا ناگلار تەرىپىدىن ئون مىڭلىغان يىللار ئاۋال ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن «پەۋقۇللادە قەدىمىدۇر». تارىخچىلار ئەدەبى ئاخبارات ئارىيانلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان، دەپ يېزىشىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. «رىگۋېدا» ئىجات قىلىنغان دەۋرلەردە ئارىيانلار ئۇنچىلىكمۇ مەلۇماتلىق بولمىغان.بۇ دەۋردە ئۆزلىرىنى براخمانچىلار دەپ ئاتىغان مەزھەپ ئۆز مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ مەكتەپلەردە براخمانلار ناگلارنى ھىندىستاندىن قوغلىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى ئۇلاردىن ئالغان تەلىمات ئوقۇتۇلاتتى، مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ئارىيانلار توغرىلىق پاراڭ بولۇشقا باشلىدى. براخمانلار ناگلارنىڭ ساپ دىنىغا قانچىلىك تەنتەكلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى دېسىڭىزچۇ!

ۋامانا ھىند داناسى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى شەكلەن رەسىم-قايىدە ۋە مۇراسىملار ئارقىلىق يېپىشقا ئۇرۇنغان براخمانچىلىق تەرەپدارلىرى ۋە زاھىد-مۇناخلارغا نۇرغۇنلىغان ئاچچىق سۆزلەرنى قىلغان: «سىلەر ئۆز بەدىنىڭلارغا توپا-چاڭ سېپىپ، تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرىڭلار پەقەتلا تەگرى توغرىلىق بولۇشى كېرەك، ئەندى باشقىسىغا كېلىدىغان بولساق، ئىشەكلەرمۇ پاتقاقتا سىلەردىن ياخشىراق ئېغىنالايدىغۇ،ھەي ئىشەكلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن يېمەكلىكتىن كۈملاچ ياساپ، ئۆز ئەجداتلىرىڭلار

ئۆچۈن دەپ ئۇنى قاغىلارغا بېرىسىلەر؟ تاپلار بىلەن ئۇزۇقلىنىدىغان قاغىلار سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار بولۇشى مۇمكىنمۇ؟»

ئۇ. روبېرتسون 1794 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھىندىستان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاۋىنىڭ 247 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يۇنانلار بىلەن رىملىقلارنىڭ سىفىرلارنى يېزىشىنىڭ بىردىن ـ بىر ئۇسۇلى ئېلىپبە ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىش بولغان، ئۇ ھىساپ ئىشلەشنى ئىنتايىن زېرىكەرلىك ۋە قىيىن بىر ئىش قىلىپ قويىاتتى، ھىندىستانلىقلار بولسا ئەلمىساقتىن بېرى ھازىر ھەممىگە مەلۇم رەقەم ـ بەلگىلەرنى قوللىنىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر قانداق ھىساپنى پەۋقۇللادە تېز چىقىراتتى.

ياۋرۇپاغا سىفىرلارنى يېزىشنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئەرەپلەر ئېلىپ كەلدى. سودىگەرلەر كونا ھەرىپ بىلەن ساناش ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچتى ۋە ھىندىلارنىڭ ھىساپ ئىشلەش ئۇسۇلى ياۋروپادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى».

مەزكۇر كىتاپنىڭ 249 ـ بېتىدە:« بۇ ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) جەدۋەللىرى پەۋقۇللادە يىراق دەۋرلەرگە مەنسۇپ ، ھىندىلارنىڭ ھېساۋى بويىچە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3102 ـ يىلى باشلانغان مەشھۇر كالى ـ يۇگى دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن توغرا كېلىدۇ.

براخمانچىلار ئىنسانىيەتنىڭ پەيدابولۇشى ھەققىدىكى تەلىماتنى، ئىلمى نۇجۇمدىكى ۋە باشقا ئىلىم ـ پەندىكى بىلىملەرنى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك دېيىلگەن ناگالاردىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن، ئاندىن ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن خورلىغان» دېيىلگەن.

كىتاپنىڭ 254 ـ بېتىدە روبېرتسون يەنە ھىندىستاننىڭ قەدىمىي، پەۋقۇللادە يۇقىرى تەرەققىي ئەتكەن مەدەنىيىتى توغرىلىق تەكىتلەيدۇ. «بۇ مەدەنىيەتنىڭ يېشى ناھايىتى قەدىمىي، بەش مىڭ يىللىغا يېقىن. ھىندىستاننىڭ ئەنە شۇ دەۋردىكى ئىلمى نۇجۇمى ناھايىتى يۇقىرى ئېنىقلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ، بىز ھازىرقى دەۋرگە قانچىلىك

يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ زامانىۋى مەلۇماتلاردىن پەرقى شۇنچىلىك كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولماقتا».

بۇ ئېيتىلغانلاردىن تامامەن روشەنكى، ھىندىستاننىڭ باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى يوقىتىپ قويۇشىدىكى جاۋاپكەرلىك براخمانچىلاردا. ناگلارنىڭ دانىشمەنلىكى ۋە تەلىماتى ئۇنتۇلغاندىن كېيىن، براخمانچىلار ئىلىم-پەننى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراتتى، براخمانچىلارنىڭ ئۆز ئۇستازلىرى بولغان ناگ ئالىملىرىنى تەقىپلەش ۋە قوغلىشى ھىندىستاننىڭ پەندە ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ باشقا خەلقلەردىن ئىلغار ئورۇندا تۇرۇشىنى يوق قىلدى. ناگلار تەقىپلەشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرىدا قولىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كىتاپلىرىنى ۋە يېزىقلىرىنى ئېلىپ شىمالغا قاچىدۇ، بۇ يەردە ئۇلار ھىمالايا تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ئېتەكلىرىدىكى موناستىرلارغا ئورۇنلىشىدۇ. كېيىنىرەك ئۇلار شىمالغا قاراپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كېتىشكە ۋە ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتەكلىرىگە، تىبەتكە ئورۇنلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. جەنۇپتا بولسا ئۇلار ناھايىتى ئاز قالىدۇ.

كىتاپنىڭ 298- بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ كەڭ كۆلەملىك پىكىرلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ، ھىندىستاننىڭ ئىلمى نۇجۇمى ئىنتايىن قەدىمكى دەۋرلەردىكى بايقاشلارغا ئاساسلىنىدۇ، ھىندىلار تەرىپىدىن ئىنىقلانغان قۇياش،ئاي ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تۇرغان ئورنى لاكايل ۋە مائېرلار تەرىپىدىن ھىساپلىنىپ تۈزۈلگەن جەدۋەللەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ». بۇ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ۋە يۇقىرى تەرەققى ئەتكەن مەدەنىيىتى توغرىلىق مەن ھىمايە قىلىۋاتقان مەۋقەنىڭ قۇدرەتلىك ئىسپاتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار مېنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ھىندىستاندا ئارىيانلار پەيدا بولۇشتىن ئون مىڭلىغان يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ مەدەنىيىتى دۇنيادىكى يېتەكچى مەدەنىيەتلەر قاتارىدا ئىدى، تامامەن روشەنكى، ئارىيانلار مەدەنىيەت دەرىجىسى

ھەمدە پەن ۋە سەنئەت بويىچە ئۆزلىرى ئىلگىگە بارغان يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ناگلاردىن تۆۋەن تۇراتتى، ئارىيانلارنىڭ مەدەنىيەتنى، ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنى ناگلاردىن ئالغانلىقى شەرتسىز ئېنىقلانغان. براخمان كاھىنلىرى ئاۋال قولىدىن كەلگىچە ئۆگەنگەن، ئاندىن ناگلارنى قوغلاپ چىقارغىچە ئۇلارنى تەقىپلىگەن.

ۋولتېر، «ئۇمۇمى تارىخ، خەلقنىڭ ئادەتلىرى ۋە روھى توغرىلىق تەجرىبە» ناملىق كىتاۋىنىڭ 3-تومىدا: «گانگى بويىدىكى ئۇلۇق بېنارېس شەھىرىدە تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە گىمنوسوفىستلار مەكتىۋى مەۋجۇت، ئۇنىڭ براخمانلىرى مۇقەددەس تىلدىن پايدىلىنىدۇ، ئۇلار بۇنى خانفىرىت دەپ ئاتايدۇ ۋە پۈتكۈل شەرقتىكى ئەڭ قەدىمي تىل دەپ ھېساپلايدۇ. پارسلارغا ئوخشاش ئۇلار ياۋۇز روھلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا بۇتلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەر خىل رەمزىلەردىن ئىبارەت، دەيدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى ھەقىقى ئىلاھىيەت بىلىملىرى كاھىنلارنى كىرىملىرىدىن مەھرۇم قىلغانلىقتىن، ئۇلار بۇنى ئادەملەردىن يوشۇرغان ۋە ئۇلارنى خەۋەرسىز قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدا ئالغان. ئەتىمالىم، ئىسسىق جەنۇپ كېلىماتى بۇ يەرنىڭ تۇرغۇنلىرىنى باشقا ئەللەرنىڭ ئاھالىسىغا قارىغاندا خۇراپاتقا كۆپرەك مايىل قىلىسا كېرەك» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئۆزۈندە مېنىڭ يەنىمۇ شەرھىلىشىمنى تەلەپ قىلمايدۇ، چۈنكى بىز براخمانلار كاھىنچىلىقىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئېنىقلاپ بولدۇق. پەقەت شۇنىلا ئېيتىمەنكى، ئۇ يەنە بىر قېتىم مېنىڭ تەتقىقاتلىرىمنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە روبىرتسوننىڭ خۇلاسىلىرىنى ئىسپاتلايدۇ.

**«ماناۋا-دخارما-شاسترا»** قەدىمي براخمانلار ئەسەرلىرى ئاساسىدا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1300-يىلى يېزىلغان. مېنىڭچە شۇ نەرسە تالاشسىزكى، شىزى براخمانلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىلىق توختالغاندا خاتالىشىدۇ. بۇ يەردە سۆز يەنە بىر تاش پۈتۈكچە رىسالىسى توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ھىندىستاندا براخمانلار پەيدا بولۇشتىن مىڭلىغان

يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەر توغرىلىق بايان قىلىدۇ. ھىندىستان دانىشمەنلىرى ماڭا ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىدىغان ۋەقەلەر بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىلگىرى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. مەن ئىبادەتخانا پۈتۈكچىلىرىدىن بۇنىڭغا ئىسپات تاپتىم. ئەھۋالغا قارىغاندا، براخمانلار بۇ ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى سۈپىتىدە ئېلان قىلغان.

«ماخابخاراتا» ئۇلۇق ھىندى ئېپوسلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ مۇئەللىپى نامەلۇم. مەن ئۇنىڭ قايسى ئىبادەتخانا يىلنامىسىدىن ئېلىپ يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلالمىدىم. ئېپوس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13-، ۋە 14- ئەسىرلەردە كۇرۇ سۇلالىسى بىلەن بخاراتا ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش بولغانلىقى توغرىلىق ھېكايە قىلىدۇ، كۇرۇ سۇلالىسىنىڭ قەدىمي پادىشالىقى گانگى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا، پانچالار قەبىلىسى بىلەن خوشنا جايغا ئورۇنلاشقان. كائۇراۋلار (كۇرۇلارنىڭ ئەجداتلىرى) ۋە پانداۋىلار خاستىناپۇرا شەھىرى ئۈچۈن جەڭ قىلغان. بخاراتلارنىڭ ئۇرۇشى توغرىلىق ماۋزۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كائۇراۋلار، دۇرئودخان رەھبەرلىك قىلىدىغان دخرىتاراشترىنىڭ ئوغلى بىلەن، يۇدخىشتخىرانىڭ بالىسى باشقۇرىدىغان پاندىنىڭ بەش ئوغلى بىلەن ۋە دخرىتاراشترىنىڭ ئاكىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى».

ئەگەر «ماخابخاراتا» مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000- يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان بولسا، بخاراتلارنىڭ ئۇرۇشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1400-1500- يىللىرى بولغان. كىتاپ بۇ ۋەقەلەردىن بەش يۈز يىل كېيىن چىققان ۋە رىۋايەتلەر بويىچە يېزىلغان. خۇددى «رامايانا»غا ئوخشاش «ماخابخاراتا»مۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىدە ساقلىنىپ قالمىغان، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئۆزگەرتىشلەر ۋە قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلگەن. ئەتىمالىم، بخاراتلار ئۇرۇشىدا ئاساسى ماۋزۇدىن تاشقىرى، باشقىمۇ ۋەقەلەر توغرىلىق ھىكايە قىلىنسا كېرەك.

ئومېنىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ 118 ـ بېتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز: «مايا داناۋىلارنىڭ ئاساسلىق مېمارى بولغان. مايا شاھزادە ئۇلۇق مېمار ۋە ئالىم،ئۇ بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل مۇقەددەم دەسلەپكى ھىندىستان ئىمپېرىيەسىدە ناگلارنىڭ شاھزادىسى بولغان، ناگلار كېيىنىرەك داناۋىلار نامىنى ئالغان».

كىتابنىڭ133 ـ بېتىدە: «ئوتتۇز مىلىيون ئاھالىسى بار داناۋىلار قەبىلىسى نىۋاتا ـ كاۋاچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان»دېيىلگەن.

بۇ يەردە تولىمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەر ھەققىدە سۆز بولۇۋاتقان بولغاچقا،مەتىنىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچە بېرىلگەن: نىۋاتا ـ كاۋاچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان داناۋىلار ئەسلىدە ناگلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان. ناگلار بولسا،ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن  مايالاردىن ئىبارەت.

خىرانياپۇرا نامى ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئوكيان يېنىدا ياشايدىغانلارنىڭ ئۆيى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە غەربى پورتلارنىڭ بىرى خىرانياپۇرا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ قالدۇقلىرىنى ھازىرمۇ كارولىن ئاراللىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. بۇ شەھەر 12 ـ 13 مىڭ يىل مۇقەددەم ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى سۇ ئاستىدا قالغاندا ھالاك بولغان. مەن بۇ پىكىرنى ھىندىستان ئالىملىرىنىڭ ھىندىستان تارىخىنىڭ باشلىنىشىغا يەنە ئون مىڭ يىلنى قوشۇشى ئۈچۈن بەردىم. ھەقىقەتىنى ئېيتقاندا، شىمالى ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرىدە ساقلىنىۋاتقان يازما گۇۋالىقلار ئۇنى 50 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ شۇنداقلا يوكاتان يېزىقلىرى بىلەنمۇ ماس كېلىدۇ. خۇددى مىسىردىكىگە ئوخشاش، ھىندىستاندا ياۋايىلىق دەۋرى بولمىغان. ھىندىستان ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ نامىنى بىزەپ تۇرغان مەرۋايىت ئىدى. بۇ كۆز قاراش كۆپلىگەن تارىخچىلارنىڭ پىكرىگە زىت كېلىدۇ، لېكىن مەن ئۇلارغا شۇنى تەكىتلىگىم كېلىدۇكى، مەن بۇ ماۋزۇ توغرىلىق يېزىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆگەندىم.

«دزىيان» مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىلى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان ھىندىلارنىڭ كىتاۋى، ئۇنىڭ مۇئەللىپى براخمانچىلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ئەسىرىدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ كىتاپقا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدىن كۆچۈرمىلەر ئېلىنغان. «دزىيان» مەن كۆرگەن كىتاپلار ئىچىدىكى ئەڭ زىيانلىق ۋە ياسالما بولغان قەدىمىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭ مەتىنى ئۆزگەرتىشلەر ۋە تامامەن يات قوشۇمچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.بۇ كىتاپ خەلق ئىچىدە ئىشەنمەسلىكنى، دۈشمەنلىكنى ۋە ھەر خىل خۇراپىلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە سىمۋوللىزمدىن تامامەن مەھرۇم، بۇنىڭ ئورنىغا ئۇ يۈزە ۋە تامامەن بىر تەرەپلىمىلىك سېلىشتۇرمىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىرمۇ قائىدىسى ئىسپاتلانمىغان. كۆپلىگەن جۈملىلەر باپلارنىڭ ماۋزۇلىرىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەندى باپلار بولسا يوق. بايان قىلىش ئىزچىللىقىغا خىلاپلىق قىلىنغان، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ماۋزۇلار ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇپ قالغان. ئەگەر مۇئەللىپ بىر-بىرى بىلەن باغلاشمايدىغان پىكىرلەرنى بايان قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ مەخسىتىگە تولۇق يەتكەن، يېزىلغان نەرسە بويىچە مۇئەللىپنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ كىتاپ بۆلگۈنچىلىك ۋە مەزھەپچىلىكنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان بولسا، ئۇ شۈبھىسىز ئۆز ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىغان.

شۇنىسى گۇمانلىنارلىقكى، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ نىمە توغرىلىق يازغانلىقىنى ۋە نېمىگە ئىنتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەنمۇ؟ دېگەن مەسىلە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ، مەن ئۈچۈن بۇ ئەسەر تۇماندا تېنەپ قالغان، ئەقلىدىن ئازغان ئادەمنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. مۇئەللىپ پۈتكۈل كىتاۋىدا خىيالپەرەسلىككە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ھەقىقەتتىن يىراق نەرسىلەرگە، ئۆزى ئانچىمۇ چۈشىنىپ كەتمەيدىغان كائىنات پەنلىرىگە ھەۋەس قىلىدۇ. 9 - مەزمۇن بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ:

«يورۇقلۇق، بۇ سوغ يالقۇن. يالقۇن دېگەن ئوت، ئوت ئىسسىقلىقنى پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىقلىق ھاياتنى پەيدا قىلىدۇ». مۇقەددەس كىتاپلاردا ناھايىتى تەپسىلى ھالدا يورۇقلۇق ئىلمىنت ئەمەس، بەلكى يەر كۆچى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يالقۇن يەر ئىسسىقلىقىنىڭ كۆچى بىلەن ماددا پارچىلانغاندىن كېيىن گاز سۈپىتىدە تارقايدىغان، قىزىپ كەتكەن پارچىلاردىن ئىبارەت. ھاياتلىق ئاددى جىسىمغا قويۇلغان ئىككى كۈچنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بىر سەپسەتە: «ئىسسىقلىق سۇنى پەيدا قىلىدۇ». ئىسسىقلىق بۇ كۈچ، سۇ بولسا ئىككى ماددىدىن تەركىپ تاپقان سۈيۈق ھالەتتىكى جىسىم، كۈچ بولسا ماددىلارنى پەيدا قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بۇ خىلدىكى بىمەنىلىكلەرنى پۈتۈنسۈرۈك بەتلەر بىلەن نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن.

## مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار ـ ئالتۇن ئەسىرنىڭ كىتاپلىرى

«ئالتۇن ئەسىرنىڭ كىتاپلىرى» ـ شەرقتە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرى شۇنداق نام ئالغان. بارلىق قەدىمىي خەلقلەردە ئۇلار مۇقەددەس سىرلار دەپ ئاتالدى. بۇ كىتاپلارنى پەقەتلا ئۇستازلار ۋە ئالاھىدە تاللانغان كاھىنلارلا ئوقۇيتتى. تۆۋەن دەرىجىدىكى كاھىنلارنىڭمۇ، خەلقنىڭمۇ ئۇلارنى ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كېيىنچە بۇ كىتاپلارنىڭ كۆپلىگەن باپلىرى ناھايىتى ۋەھشىلەرچە ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەن ۋىجدانسىز كاھىنلار ئۇلارغا مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئۆزگەرتىشلەرنى ۋە ئۆز ئويدۇرمىلىرىنى كىرگۈزدى. ئېدۋىن ئارنولد ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاددىمنى مەپتۇن قىلىدىغان «ئاسىيا چىرىقى» پوئېمىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «دىنلارنىڭ ماھىيىتىنى بۇزىدىغان تەنتەكلىكنى كاھىنلار ئۆزلىرى ئۇچۇن دەستەك قىلىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى مۇ قۇرۇقلۇقىدا بارلىققا كەلگەن ئۇلۇق ئىدىيەلەرنى ئابرويسىزلاندۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن دىنلار كۆپلىگەن تەپسىلاتلاردا

قارىمۇ-قارشى ۋە خاتالىقلار، ئويدۇرمىلار ھەم خاتا شەرھىلەشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئەگەر ئىبدۇبن ئەپەندى ئالتۇن ئەسىرنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇيالىغان ۋە تەرجىمە قىلالىغان بولسا، ئۇ ئەتىمالىم بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق پىكىر قىلغان بولار ئىدى. ھىندىستاننىڭ كاھىنچىلىقى قانداقتۇر نادىر ھادىسە بولغىنى يوق، ئەمەلىيەتتە مىسىرلىقلارنىڭ، فىنىكىلارنىڭ ياكى ئاتستېكلارنىڭ كىتاپلىرىدا يۇقىرىقىدىنمۇ بەتتەر نەرسىلەر ئۇچرايدۇ. كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ھىندىستان كاھىنلىرى ئىنسانلار قەلبىگە قورقۇنچ، خۇراپىلىق ۋە خاتالىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار تاش پۇتۇكچىلەرگە يېزىلغانلارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار دەپ جاكالىغان.

مەن كاھىنلارنى ئەيىپلىدىم. بۇ مېنى ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى پاكىتلار بىلەن مۇستەھكەملەشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن مەن مۇقەددەس كىتاپلاردا ئەسلىدە نېمە يېزىلغانلىقى ۋە كاھىنلارنىڭ ناگلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، خەلققە نېمىنى تەرغىپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مىساللارنى كەلتۈرىمەن. بىرىنچى مىسال يارىتىلىش توغرىلىق ھېكايىدىن ئىبارەت.

«ئىنساننىڭ دۇنيانى باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز سىياقىمىزدا يارىتىمىز ۋە ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىمىز». «ئىنسان يارىتىلدى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە روھ بېرىلدى. ئىنسان ئۆز ئەقلى بىلەن ياراتقۇچىغا ئوخشاپ قالدى». بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە يارىتىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مۇقەددەس كىتاپلاردىن يەنە بىر ئۈزۈندە كەلتۈرىمەن، ئۇمۇ يارىتىلىش توغرىلىق ھېكايىغا تەئەللۇق.

**ئىنسان ھاياتىنىڭ داۋام ئېتىشى**، كاھىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىنى ھەيران قالارلىق ئۇزاق ئۆمۈر

بىلەن سۈپەتلىگەن، كاھىنلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئۇزارتىشنى خالىغانلاردىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە ئويىنىغان بۇ ئويۇنلىرى، ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنۇم بەرگەن. ئۇلارنىڭ ساندۇقلىرى پۇلغا تولۇپ كەتكەن،كاھىنلارغا ھەق تۆلىگەنلەرئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇزاق ياشىمىغان بولسا، ئۆزلىرى ئەيىپلىك بولغان، چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن يول - يورۇقلارغا ئەمەل قىلمىغان، دەپ قارالغان.

«ئىنسان مىڭ يىل ياشىشى مۇمكىن». بۇ بىمەنىلىك ئادەملەرگە بۇنىڭدىن مىڭ يىل مۇقەددەم تەرغىپ قىلىنغان ۋە ھەر خىل دىنلاردا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان. كاھىنلار ئادەملەرگە ئەگەر ئۇلار كاھىنلارنىڭ يول - يورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان بولسا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئازىراق ھەق تۆلىسە، يەنى موشۇ دۇنيادا تاپقانلىرىنى بەرسە، ئۇلارنىڭ ماددى بەدىنى مىڭ يىل ياشىشى مۇمكىنلىكىنى ھېكايە قىلاتتى. تاش پۈتۈكچىنىڭ مەتنى مۇنداق تەكىتلەيدۇ: «ئىنسان مىڭ يىل ياشىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ جىسمى ئەمەس بەلكى روھى، جىسمى بولسا ئانا يەرگە قايتىدۇ». مۇسا پەيغەمبەر بۇ جۈملىنى توغرا چۈشەنگەن: «بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ كۈنلىرى يەتمىش يىل...»

ھىندىستانلىق ۋالمىكى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئېپوسى «رامايانا»نى يازغاندا، بەزىدە تامامەن مەزمۇنىنى بۇزغان ھالدا ئەسلى مەتىننى قىسقارتقان. مەن ئۇنىڭ: «شۇنداق قىلىپ راما ئون مىڭ يىل پادىشالىق قىلدى» دېگەن جايىنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن. ۋالمىكى ئۇ بايانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان «ئەۋلاتلىرى» دېگەن سۆزنى تاشلاپ كەتكەن. مەن ئاقساقال رىشى بىلەن بىرلىكتە ئەسلى پۈتۈكچىنى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى قەدىمي كۆچۈرمىسىنى يەشتۇق. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنداق قىلىپ رام چاندرىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ تەختىدە ئون مىڭ يىل ئولتۇردى». باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردە سۆز رامانىڭ ئۆزى توغرىلىق ئەمەس،بەلكى ئۇنىڭ سۇلالىسى توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ.

«ھەممىدىن قۇدرەتلىك ياراتقۇچى ئۆز ئىرادىسى بىلەن بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان». كاھىنلار بۇ قايىدىگە خىلاپ ھالدا خەلققە تەغدىم قىلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەر ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسمى، دېگەن ئوقۇمنى تارقىتىشتى. دېمەك، ئەگەر ھەممە ئىلاھ بولسا، ھېچ قانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.ھالبۇكى ئۇلار ياغاچنىڭ پارچىسىغا ياكى تاشقا چوقۇنۇش، بۇتپەرەستلىك بولۇپ ھېساپلانمايدۇ، چۈنكى ياغاچ بىلەن تاش ئوخشاشلا ئىلاھ، ئۆزىنىڭ تۇمارىغا چوقۇنىدىغان، ئادەم يەيدىغان ياۋايىمۇ بۇتپەرەس ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تۇمارى بىزنىڭ ئىلاھىمىز! دەيدىغان بىمەنە ئوقۇملار تەرغىپ قىلىنىدى. بۇنىڭدىنمۇ مەسخىرىلىك بىر نەرسە ئىجات قىلىش مۇمكىنمۇ؟

مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپتا ئىنسانلار ياراتقۇچىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە يارىتىلغان، جىملىدىن بەدەن ماددى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن روھ ياكى ئىلاھى يالقۇن ماددى دەپ ئېنىق تەكىتلەيدۇ. باشقا يارىتىلغان نەرسىلەر ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىدىن تۇغۇلغان ياكى پەيدا بولغانلارنىڭ ماھىيىتىدۇر. رەسىم رەسسامنىڭ ئەسىرى، لېكىن ئۇ رەسسامنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. ساندۇق ياغاچچىنىڭ مەھسۇلاتى، لېكىن ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. باغۋەن يەرگە تەرگەن ئۇرۇق ئۈنىدۇ، چوڭىيىدۇ، چېچەكلەيدۇ ۋە مېۋە بېرىدۇ. بۇ چېچەكلەر بىلەن مېۋىلەر باغۋەننىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. دەرەخ يوپۇرماقلار ۋە چېچەكلەر بىلەن پۈركىنىدۇ، بۇ يوپۇرماقلار بىلەن چېچەكلەر دەرەخنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خۇددى شۇنداقلا ئىنساندىن تاشقىرى ھەممە نەرسە ياراتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى، لېكىن ياراتقۇچىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، پەقەت ئىنسانلا موشۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى.

**<u>بىر ئۇپىنۇرما ھەققىدە</u>**، قەدىمىي براخمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددى ئۇيدۇرمىلىرىنىڭ بىرى: «ئىنسان يوق نەرسىدىن تۆرەلگەن، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

چۆپكە ئايلانغان، چۆپتىن بىلىق بولغان، بىلىقتىن سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدىغان مەخلۇققا، مەخلۇقتىن سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا سۆرۈلۈپ يۈرۈيدىغان ھايۋانغا ، ئۇنىڭدىن سۈت ئەمگۈچىگە ۋە سۈت ئەمگۈچىدىن ئىنسانغا ئايلانغان» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئويدۇرما ئۈچۈن ئاساس بولغان مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتابنىڭ ئۆزۈندىسى مۇنداق: «ئانا يەردىن ئىنسان پەيدا بولغان، ئۇ ئانا يەرگە قايتىدۇ». براخمانلار ئۆز تەرغىباتىدا ئىنسانغا قانداق قىلىپ جان (روھ) بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن، ئۇنى كۆرسىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

براخمانلارنىڭ قەدىمي كىتابلىرىنى ۋە رىسالىلىرىنى مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتابلار بىلەن ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇش، نېمە ئۈچۈن ھىندىستاندا مەزھەپلەر ۋە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى يۆنىلىشتىكى دىنى ئېقىملارنىڭ شۇنچىلىك نۇرغۇنلىقىنى ياققال كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاخىرقى كۆپلىگەن دىنلار تاش پۈتۈكچىلەرگە يېزىلغانلاردىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە، بۇ مەزھەپلەر بىلەن يۆنىلىشلەر ئەسلى مەتنىدىن ئايرىم ئىبارىلەرنى يۇلۇۋېلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ تاش پۈتۈكچىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىگە ئۇن مىڭلىغان يىللار بولدى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇستازلارنىڭ نازارىتىسىز تەرجىمە قىلىنغاندا، ۋىجدانسىز كاھىنلار ئۇلارنى يېڭى-يېڭى ئويدۇرمىلار، قوشۇمچىلار، تاشلاپ كېتىشلەر ۋە ساختىلاشتۇرۇشلار بىلەن بۇزۇۋەتكەن.شىمالى ھىندىستاننىڭ قەدىمي بۇددىست كاھىنلىرىنىڭ قىلغانلىرى ئۇلارنىڭ پەسكەشلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .

**شىمالي ھىندىستاننىڭ قەدىمي بۇددىست كاھىنلىرى،** كاھىنلار ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئىگە بولۇش ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئابستىراكت كۆز قاراشلارنى توقۇپ چىقىشتى ۋە ئۇلار بىلەن گائۇتاما بۇددىنىڭ ئادىي ۋە روشەن تەلىماتىنى

ئالماشتۇردى. ئۇلار شىمالى ھىندىستاندا بۇددا دىنىنى مېتافىزىكىلىق، مىستىتسىكىلىق ۋە رىۋايەتلىك كۆز قاراشقا ئايلاندۇردى، ئۇنى بىرمۇ ئادەم چۈشىنەلىشكە قادىر ئەمەس.

كاھىنلار بىرىنى بىرى ئالماشتۇرىدىغان، «دخىيانى» يەنى بۇدساتۋالار دەپ ئاتىلىدىغان روھى خۇدالارنى ئويلاپ تاپتى. ئۇلار ئۆز پروگراممىسىنى ئۇزۇل-كېسىل تاماملاش، خەلقنى خۇراپاتقا ئىشەندۇرۇش ھەم ئىنسانلاردا ئەيمىنىش پەيدا قىلىدىغان ھالەتلەرنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، بۇددا دىنىدا مىستىتسىكىلىق ئادەم، يەنى شەيتان شۇۋىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ۋە ئەپسانىۋى دوزاخ توغرىلىق پەرەزلەرنى توقۇپ چىقىشتى. مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىمى شەيتان سېت ۋە ئۇنىڭ دوزىقى بىلەن ھىندىستانلىقلارغا ناھايىتى سەلبى ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىشەتتى.

**<u>نۇقسانسىز ھامىلدار بولۇش قەيەردىن پەيدا بولغان</u>**، نۇقسانسىز ھامىلدار بولۇش توغرىلىق پەرەزلەرنىڭ مەنبەسىنى مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپتىن ئىزدەش كېرەك. ئۇلار يارىتىشنىڭ بەشىنچى ئەمرىدىن كېلىپ چىققان: «موشۇ كائىنات تۇخۇملىرىدىن ئەمرگە مۇۋاپىق، ھاياتلىق پەيدا بولغان». كېيىنرەك كىتاپتا يارىتىشنى تەسۋىرلىگەندە كائىنات تۇخۇملىرى «ھاياتنىڭ ئىپپىتى» دەپ ئاتالغان. بۇ مايالارنىڭ تىلىدا «خول خۇ كال» دەپ ئېيتىلىدۇ، ئۇنىڭدا خول «يېپىق» دېگەنلىكنى، خۇ «بالاياتقۇ» دېگەنلىكنى، كال «ئېچىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. پۈتكۈل ئىبارىنى بالاياتقۇنىڭ ئېچىلىشى دەپ شەرھىلەش ياكى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئەنە شۇ سەۋەپتىن قەدىمكىلەر سۇنى «ھاياتلىقنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتىغان، چۈنكى ھاياتلىق پەيدا بولغىچە بالياتقۇ يېپىق ئىدى. ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى بولسا، سۇدىكى بالياتقۇنى ئېچىۋەتتى.

كېيىنرەك قەدىمكىلەر ئۆز رىسالىلىرىدە تۆرت ئۇلۇق بىرلەمچى كۈچنى ئىلاھلار دەپ ئاتاپ، يەنە مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار بىلەن زىددىيەت پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن، يەنى ئىلاھلارنىڭ ياكى

www.uyghurkitap.com



تەبىئەتنىڭ دەسلەپكى ھاياتى خول خۇ كالنىڭ نەتىجىسى بولغان دېگەننى تەستىقلەش بىلەن قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ئىلاھلارنى نۇقسانسىز ھامىلدارلىق يولى بىلەن پەيدا قىلغان.

كېيىنكى كاھىنلار يەنە شۇ قەدىمكى پەرەزلەردىن ئىنساننىڭ تەن ۋە قاندىن نۇقسانسىز ھامىلدارلىقتا پەيدا بولغانلىقى توغرىلىق تەسەۋۋۇرلارنى پەيدا قىلدى. بىزنىڭ ئالىملىرىمىزمۇ قەدىمكى پادىشالار ئۆزلىرىنى «قۇياش پەرزەنتلىرى» دەپ ئاتاپ، نۇقسانسىز ھامىلدارلىقتا تۇغۇلغانلىقىغا داۋا قىلغان، دەپ تەكىتلىمەكتە. ئۇلار ھېچ نەرسىگە داۋا قىلمىغان، ئۇلار قۇياش ئىمپېرىيەسى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تەركىبىدىكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. «قۇياش ئوغلى» دېگەنلىك بىر ئۇنۋان بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇلار مۇ قۇرۇقلۇقىغا بولغان سادىقلىقى ئۈچۈن سازاۋەر بولاتتى. «قۇياش ئوغلى» قۇياش ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوغلى دېگەننى بىلدۈرەتتى.

دەسلەپكى دىن، مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلار قەدىمكىلەرنى دىنغا ئۆگىتىش ئۈچۈن يېزىلغان، شۇنداق قىلىپ ئىنساننىڭ دەسلەپكى دىنى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ تەلىماتى بولغان. بۇ دىنىنىڭ ئاساسى مۇھەببەت، يەنى ئىنساننىڭ ئۇلۇق ياراتقۇچىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىگە ھەم ئاللاتائالانىڭ ئۆزى ياراتقان ئىنسانلارغا بېغىشلانغان مۇھەببىتى بولغان.

بۇ دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك، قۇرۇق سۆزدىن خالى ئىدى. ھەتتا ئەڭ ساۋاتسىزلارمۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىبارىسىنى چۈشىنەلەيتتى. ئۇنىڭدا چۈشىنىكسىز ھېچ نەرسە يوق بولۇپ، ئۇنى چۈشەنمەسلىك تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىنسانلارنى ئاللاتائالاغا قورقۇش ۋە تىترەش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشەنچ بىلەن ، ھەممىدىن ئاۋال بالا ئۆزىنىڭ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالىدىغان دادىسىغا يۈگۈرگەندەك مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ئۆگىتەتتى. ئون ئىككى ئۇلۇق پەرىلەتكە مۇھەببەت باغلاش كېرەك، چۈنكى ئۇ دۇنيانى باشقۇرىدۇ، ئاللاتائالا بولسا ئۇلۇق مۇھەببەتنىڭ ئۆزى.

مەن بۇ تەلىماتلارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئەگەر سىز مەندىن يەر يۈزىدە،ئاللاتائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇق ئىبادەتخانىسى قەيەردە دەپ سورىسىڭىز، مەن ئىنساننىڭ قەلبىدە، دەپ جاۋاپ بەرگەن بولار ئىدىم. بۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئىبادەتخانا. سۈكۈت قىلىپ كۆزىتىش ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىكى ئەڭ قولايلىق ئىبادەتخانا. سىز ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق يەردە، كېچە ۋە كۈندۈزدە، مەيلى ۋاڭ- چۇڭلۇق شەھەردە تۇرامسىز ياكى ئادەم يوق چۆلدە تۇرامسىز، قەتئىي نەزەر، ئاللاتائالاغا مۇھەببەت باغلاش ۋە ئىبادەت قىلىشقا قولايلىق بولغان ئىبادەتخانا ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئىبارەت، ئىنساننىڭ قەلبى يەنە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن بولغان ئىبادەتخانىدۇر. ئېيتىڭىا، يەنە قايسى بىر ئىبادەتخانا بۇنىڭ بىلەن تەڭلىشىشى مۇمكىن؟

**ئىككى ئۇلۇق رەمزى** ئاللاتائالانى سۈپەتلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن رەمزىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ لېكىن پەقەت ئىككىسىلا شەخسەن ياراتقۇچى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس دەپ تونۇلغىنى قۇياش، چۈنكى ئۇ تۈپلانما رەمزى ياكى بىر ئىلاھىلىق رەمزى ئىدى. ياراتقۇچىنىڭ رەمزى شەكلى ئۆزگەرتىلگەن يىلان بولغان. ئىلاھىلىقنىڭ بىر خۇدالىق رەمزى سۈپىتىدە، قۇياش را دەپ ئاتىلاتتى ۋە بەزىدە لا سۈپىتىدە يېزىلاتتى. قۇياش ئاسمان جىسمى سۈپىتىدە كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇ ياكى بۇ تىلدا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى نامى بىلەن ئاتىلاتتى ۋە ئاددى چەمبەر سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى. كېيىنىرەك چەمبەر باشقا رەمزى ئۈچۈن مەسىلەن، كائىنات، چەكسىزلىك ۋە ھاكازىلار ئۈچۈن پايدىلىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇياشنى بىر خۇدالىقنىڭ رەمزى سۈپىتىدە كونكرىتلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى ۋە ئۇ تولۇقلاندى. ئاگلار چەمبەرنىڭ مەركىزىگە چېكىت قويدى، ئۇلارنىڭ شىمالدىكى خوشنىلىرى **ئۇيغۇرلار** بولسا چەمبەر ئىچىگە كىچىكرەك يەنە بىر چەمبەر سىزدى.

مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ياراتقۇچىنىڭ رەمزى شەكلى ئۆزگەرتىلگەن يىلان بولغان ئىدى. ئاگلار بۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆز

ئەينەكلىك يىلاننى تاللىۋالدى ۋە يارىتىش ئەمىرلىرىنىڭ سانى بويىچە ئۇنى يەتتە باشلىق قىلىپ كۆرسەتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ رەمزى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلاردا پايدىلىنىلغان بولسا كېرەك. ناگلار ئېلىنىڭ شىمالىدا خان ياكى پادىشا دەپ ئاتىلىدىغان كېتسالكوئاتلىنىڭ ئۇمۇملاشقان سۆرىتىدىن پايدىلىنىلغان. بۇ شەكىل شۇنداقلا ئەژدىرھا نامى بىلەنمۇ مەلۇم. **مۇ** قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ۋىلايەتلىرىنىڭ شەرقىدە ۋە شىمالىدا زەھەرلىك كېتسالكوئاتل يىلان رەمزى بولغان. شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىدە ياشايدىغان خەلقلەردە، كېتسالكوئاتلىنىڭ كۆپلىگەن ئۇمۇملاشقان شەكىللىرى بايقىلىدۇ.

يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن قۇياش ۋە يىلانلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇللىرى توغرىلىق مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، قەدىمىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق بولغانلىقى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىز ئۈچۈن ھۇل بولۇشى مۇمكىن. شۇ ئارقىلىق بىز قەدىمكى خەلقلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى روشەن كۆرىۋالالايمىز.

**ئارىيانلارنىڭ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىشى**، بارلىق تارىخچىلار «ھىندىستانغا ئارىيانلارنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكى» ھەققىدە ئېيتماقتا ۋە بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئالدىماقتا، نەتىجىدە ئامما ئارىيانلار ھىندىستانغا ئارمىيە ئەۋەتىپ بۇ مەملىكەتنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ، دېگەن خۇلاسىغا كېلىشى مۇمكىن. ئەھۋال تامامەن ئۇنداق بولغان ئەمەس. مۇنداق چۈشەنمەسلىك ئايمارلارنى سۈرۈپ چىقارغان پىررۇ ئىنكلىرى ھەققىدىمۇ بولىۋاتىدۇ. بۇ يەردە «بېسىپ كىرىش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «كۆچۈپ كېلىش» ئىبارىسىنى ئىشلىتىش ئورۇنلۇقتۇر.

ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى ئارىيانلىرى ھىندىقۇشنىڭ تەبىئىتى ناچار تاغ ئېتەكلىرىنى تاشلاپ كەتكەن **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان جامائەسى بولغان ئىدى. بۇ ئادەملەر پەنجاپتىكى ساراسۋاتى دەرياسى ۋادىسىدىكى ناگلار ئارىسىغا ئورۇنلىشىدۇ. ناگلار ئۇلارنى خوشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ.بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئارىيانلار

ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ۋە دوستلىرىغا بۇ توغرىلىق خەۋەر بېرىپ، ناگلارغا قوشۇلۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھە دېگەندە كۆچۈشكە شارايىتى يار بەرگەن ئۇيغۇرلار كېلىدۇ، كېيىنكى يۈزلىگەن يىللار جەريانىدا يۈزلىگەن،مىڭلىغان ئائىلىلەر كېلىشكە باشلايدۇ. يېڭىدىن كەلگەنلەر ھىندىستاننىڭ پۈتكۈل شىمالى قىسمىغا تارقاپ كەتمىگىچە، بارغانسىرى شەرق تەرەپكە ئورۇنلىشىدۇ.

ھىندىستان تارىخچىلىرى ئارىيانلارنىڭ ھىندىستاندا دەسلەپ پەيدا بولۇش ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل پىكىرلەردە بولماقتا. ئې.گ.تىلاك مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارىيانلارنىڭ ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000-6000-يىللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن». ۋ.ئا.سمىت تىلاكنىڭ پىكىرىگە تامامەن قوشۇلمايدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارىيانلار ھىندىستانغا تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500-يىلى كېلىشكە باشلىغان»، تۆۋەندە بايان قىلىنغان بىر قاتار سەۋەپلەرگە باغلىق مەن سمىت ھەقىقەتكە خېلىلا يېقىن، دەپ پەرەز قىلىمەن.

ھىندىستانغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر خەلقى كېيىن ھىندۇئارىيانلار سۈپىتىدە مەلۇم بولدى. مىدىيانلار بىلەن پارسلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى2000-1800-يىللار ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ تاغدىكى ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە باشلىغان ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500-يىلى ئۆز كۆچۈشنى تاماملىدى. ھىندۇ ئارىيانلار تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن ھىندىقۇشنىڭ يېنىدا، ئافغانىستان تاغلىرىدا تاشقى دۇنيادىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى. مىدىيانلار بىلەن پارسلار بولسا شىمالراق تەرەپكە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر خەلقىدىن ئايرىدە بولغانلار.

ھىندۇ ئارىيانلارنىڭ ئەجداتلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ قولايسىز ۋە تەبىئىتى ناچار ئۆلكىلەردە كۆپ مىڭلىغان يىللار ياشىغان. بۇ دەۋىر ئىچىدە ئۇلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتكەنكى، تاغ ئېتەكلىرى مۇنداق دايىم كۆپىيىۋاتقان كۆپ ساندىكى ئاھالىنى باقالمايدىغان ھالەتكە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ھىندىستاننىڭ ھوسۇلدار

تۈزلەڭلىرىگە تۆۋەنلەپ چۈشكەن. ئۇلار يەرلىك ئاھالىنىڭ خوشال قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇپ ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتى ۋە قالغانلارغا خەۋەر بەردى. تاغلاردىكى ئېغىر تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلى بۇ ئۇيغۇرلار پەۋقۇلئاددە چىدامىلىق، لېكىن مەدەنىيەتسىز ئىدى. ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولغانلارغا، ئىلىم-پەن ئۆگىنىلەشكە، مائارىپنى يولغا سېلىشقا شارائىت يوق ئىدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇلار ئوقۇش ۋە يېزىشنىلا بىلەتتى، ھىندىلارنىڭ نۇقتىئى نەزىرىدە ئۇلار پەقەت قوپال تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان ئارىيانلار بىر نەچچە يۈز يىل داۋامىدا ئافغانىستان ۋە كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستان ۋادىلىرى يۆنىلىشىدە ئالغا ئىلگىرلەپ، ئاخىرى ئۇ يەرلەرنىڭ ھەقىقىي تۇرغۇنلىرى بولغان ناگلارنى سىقىپ چىقىرىپ، پەيدىن-پەي پۈتكۈل شىمالىي ھىندىستان يەرلىرىنى ئىگىلىدى.لېكىن بۇ جەرياندا ھېچ قانداق ئۇرۇشلار ۋە ئۇر-يىقىتلار بولمىغان. بۇ يەردە سۆز بىر خەلقنىڭ ئورنىغا يەنە بىر خەلقنىڭ ئالماشقانلىقى ھەققىدە بولىۋاتىدۇ. يەر ئىگىلىرىگە كېتىشكە توغرا كەلدى. ئۇلارنىڭ تەغدىرى قانداق بولدى؟ ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ بىسىم كۆپچىلىكى ئارىيانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، بۇ بولسا ھىندىستاندا ھەممىلا يەرگە تارقالغان ھازىرقى ئىنسان تىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېلىپ كەلدى. ھازىر ئۇلارنى ئارىيانلارغا تەئەللۇق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئارىيانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىگەنلەرنىڭ قىسمىتى قانداق بولغان؟ مەن بۇ ھەقتە قوبۇل قىلىشقا مۇمكىن بولغىدەك گۇۋالىقلارنىمۇ، رىۋايەتلەرنىمۇ تاپالمىدىم. مەن مەنتىقى خۇلاسە دەپ پەرەز قىلغىنىمنى بايان قىلىمەن. شۇنى ئېيتىۋارغا ئېلىش كېرەككى، بۇ يەكۈن ئەمەس، پەقەتلا مېنىڭ پىكرىم.بەلكىم توغرىدۇر،ئەمما ناتوغرابولۇشىمۇ ئېھتىمال.

قەدىمكى ماخارات پادىشالىقى ھىندىستاننىڭ شىمالى چېگرالىرىدىن جەنۇبتىكى ئېنىقلانمىغان يەرلەرگىچە سوزۇلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماخاراتلار ئارىيانلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، مەركىزى ھىندىستاندا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ دەۋرلەردە ماخارات

پادىشالىقىنىڭ پايتەختى گۋالىئور شەھىرى ئىدى. راجپۇتانىنىڭ پادىشالىقى گوئاغىچە سوزۇلاتتى. سانسكرىت يازما مەنبەسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئارىيانلار ماخاراتلارنى يىراق جەنۇپقا قوغلىۋەتكەن. مېنىڭچە بولغاندا، «قوغلىۋەتكەن» دېگەن سۆز بۇ يەردە ئورۇنسىز، «سىقىپ چىقاردى» ئىبارىسى خېلى مۇۋاپىق بولغان بولار ئىدى. مېنىڭ پىكرىمچە، ئارىيانلار ھىندىقۇش تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغاندا، ماخاراتلار پەيدىن-پەي جەنۇپقا چېكىنگەن. ماخاراتلار توغرىلىق مىلادى 1650-1680-يىللىرى يەنە سۆز بولىدۇ، بۇ دەۋردە ئۇلار ھىندىستاندا موگغۇل باسقۇنچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگەن ئىدى. ساۋاجى دەۋرىدىن باشلاپ مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ.

ھىندىستانغا دەسلەپكى ئارىيانلار كەلگەندە ئۇ يەردە ماخاراتلار ياشايتتى. ئارىيانلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە مۇۋاپىق، ئۇلار ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى تۇرغۇنلىرىدىن بولغان. ماخاراتلار ئارىيانلارغا تۇققان ئەمەس، ئۇلار ناگلار ئۇرۇقىدىن، دېمەك ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ شىمالى ھىندىستانغا بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى. ئەتىمالىم، ئارىلاش نىكاھلار ئۇلارنىڭ قېنىغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوشۇۋەتكەن بولسا كېرەك، لېكىن ئۇلار يەنىلا ناگلار پېتىچە قالدى. ماخارات پادىشالىقىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئون مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتكەن. رىۋايەتلەردىن ماخاراتلارنىڭ دەسلەپكى پادىشالىقى ناگلار ئىمپېرىيەسىنىڭ مىراسخورى، خوشنا را ما ئىمپېرىيەسى بولغان دەپ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن.

قەدىمكى ناگلارنىڭ ئىزلىرىنى نىلگىرى تاغلىرىدىكى مادراس ۋىلايىتىنىڭ ئۇتاكاماندىغا جايلاشقان يەنە بىر ھىندى جامائەسى ساقلىماقتا. ئۇ يەرنىڭ تۇرغۇنلىرى تودلار نامى ئاستىدا مەلۇم. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ئىككى مىڭ ئادەمدىن ئاشمايدۇ، ئۇلار داۋاملىق ئازىيىۋاتىدۇ. ئۇلار چىرايلىق كەلگەن، ئاق تەنلىك، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، قاڭشا بۇرۇنلۇق، كۆزلىرى

چىرايلىق يوغان ئادەملەردۇر. تودلار ھېچ قاچان باش كىيىم كىيمەيدۇ، لېكىن قىلىن بۆدرە چاچلارنى ئۆستۈرىۋالىدۇ. ئۇلار ۋىجدانلىق، باتۇر، كەچۈرۈمچان مىجەزلىك بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە بېغىشلانغان ئىبادەتخانىسى بار. ئۇلار براخمانچىلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەلكىم ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردا بولسا كېرەك.

كەشمىر ۋادىسىدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشايدىغان بىر خەلق بار، ئۇلار نايىيا نامى بىلەن مەلۇم. ئۇلار ناگلارنىڭ رەمزى بولغان يەتتە باشلىق يىلانغا ئېتىقات قىلىدۇ. كەشمىردىكى بۇ نايىيالار ساقلىنىپ قالغان قەدىمى ناگلارنىڭ قېنى تازا ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنامدۇ-يوقمۇ؟ مەلۇم ئەمەس. ماڭا بىر قېتىممۇ ئۇلارنىڭ ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ ئادەملەر ناگلارنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان جامائەسىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئارىيانلارنىڭ تەقىپلەشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھىندىستاندىن چىقىپ كەشمىر تاغلىرىدىن ماكان تۇتقان. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق بىلىش قىزىقارلىق بولغان بولار ئىدى.

مەن يۇقىرىدا تەكىتلىگەندەك، براخمانچىلار ناگلاردىن مۇمكىن بولغان بارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋېلىپ،ئاندىن خۇددى روبېرتسون كۆرسەتكەندەك ناگلارنى «تولۇق يوقاپ كەتكىچە» تەقىپلىگەن. بۇ پەقەتلا قىسمەت توغرا. براخمانچىلارنىڭ ناگلارنى ئىبادەتخانىلاردىن، مەكتەپلەردىن ۋە باشقا ئوقۇش ئورۇنلىرىدىن قوغلىۋەتكىنى ئېنىق، لېكىن ئۇلار ناگلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمىگەن، ناگلارنىڭ كۆپچىلىكى شىمالغا، ھىمالايا تاغلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ نېرىسىدىكى مەركىزى ئاسىيا تاغلىرىغا كەتكەن ۋە بۇ يەرلەردە تاشقى دۇنيادىن يىراقلىشىپ، ئۆز مەكتەپلىرىنى قۇرغان. بۇ ناھايىتى ئاز قالغان ناگلارنىڭ ئەۋلاتلىرى تاكى ھازىرغىچە ھايات. بۇ ئاخىرقىلاردىن پەقەت ئازغىنا كىشىگىلا ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان ئىلىم-پەن ۋە بىلىملەرنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولغان.ئۇلارنىڭ ساقلاپ قالغىنى ئىنساننىڭ ئۇلۇق ئىلاھى كۈچى ھەققىدىكى پەن بىلەن باغلىق بولغان

بىلىملەردىن ئىبارەت، قالغان بىلىملەر بولسا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ياكى پەرۋاسىز قالدۇرۇلغان.

**پاتالا** پاندىت داياناند ساراسۋاتى بىلەن سۋامى ۋىۋېكاناندا ئۆز ئەسەرلىرىدە ناگلار ھىندىستانغا پاتالادىن كەلگەن،پاتالا بولسا «يەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرغان» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. مەن يۇقىرى بىلىملىك ھىندىلارنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلمايمەن. ناگلار پاتالادىن كەلگەن، لېكىن بۇ نام تامامەن باشقا مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ناگلار تىلىنىڭ ئۈچ بوغۇمىدىن تۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ لوغىتىگە تەئەللۇق، ئۈچىنچىسى ناگلارنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقى تىلىنى تۇرلەندۇرۇشىدىن پەيدا بولغان.

**پا** ياكى **پائا**، ئۈستىدىن يېپىش، ئۈستىدە يېپىلماق، ئۈستىدە پاقىرىماق دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

**تا** يەر، ئورۇن، تۇرغان جاي دېگەن مەنادا.

**لا** قۇياش. ناگلارمۇ، مايالارمۇ بەزىدە قۇياشنى را ئورنىغا لا دەپ ئاتايتتى. شۇنداق قىلىپ پاتالا «**قۇياش يېرى**» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ناملىرىنىڭ بىرى بولغان ئىدى.

ئاككادلار بىلەن سۇمېرلار بابىلونىنىڭ پايتەختىنى سالغاندا، ئۇلار ئۇنى لا كا دەپ ئاتىغان، بۇ **قۇياش شەھرى** دېگەننى بىلدۈرەتتى، ئەندى كەڭ مەنادا، ئاللاھنىڭ **شەھرى** ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھىندىستانغا نىيەت قىلغان سەپىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ۋەتىنىگە قايتىش ئۈچۈن ھىندى دەرياسى بويىدا پورت سېلىپ، ئۇنى پاتالا دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەر تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، لېكىن ئۇ زامانىۋى قىياپەتكە كىرگەن ۋە زامانىۋى نامغا ئىگە بولغان. ھازىر ئۇ تاتتا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# 12ـ باپ: جەنۇبى ھىندىستان

جەنۇبى ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى تۇرغۇنلىرى تامىللار دەپ ئاتىلىدىغان قارا تەنلىكلەر بولغان ئىدى. مىللەتشۇناسلار ئۇلارنى دراۋىدلار دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇ ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى قىسمىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەسلى ۋەتىنى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقى-جەنۇبى بولغان. ئۇلار ھىندىستانغا ناگلارغا ئوخشاش بىرما ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مالايا ئاراللىرى ئارقىلىق كەلگەن. ئەتىمالىم، ئۇ يەردە ئۇلار ئۇزاق تۇرۇپ قالغان، چۈنكى مالايا خەلقلىرىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ماڭا تامىللارنىڭ ھىندىستانغا كېلىش ۋاقتىنى بىۋاستە كۆرسىتىدىغان يازما گۇۋالىقلارنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار ھىندىستانغا ناگلار كەلگىچە كېلىپ بولغانمۇ ياكى ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنمۇ دېگەن مەسىلە ئېنىق بولماي كېلىۋاتىدۇ. تامىل تىلى بىر خىل ئەمەس، ئۇ تېلۇگۇ، كانارا ۋە مالايا تىللىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تەركىپ تاپقان. تامىل تىلى شەرق تىللىرىنىڭ بىرى، مەن ئەللىك يىل ئىلگىرىلا خۇددى ئىنگلىز تىلىدىكىگە ئوخشاش تامىل تىلىدا ئوقۇشنى، يېزىشنى ۋە سۆزلەشنى بىلەتتىم. تامىللارنىڭ ھىندىستانغا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاش مەقسەت قىلىنغان تارىخى ئەمگەكلەرنى ئۇچراتمىدىم. ئادەتتە تارىخچىلار «دراۋىدلار (تامىللار) جەنۇبى ھىندىستانغا مەركىزى ئاسىيانىڭ بىر يېرىدىن كەلگەن» دېگەن ئىبارە بىلەن قوتۇلىدۇ. بۇ تەخمىننىڭ نېمىگە ئاساسلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن. مەركىزى ئاسىيانىڭ ھېچ يېرىدە تولۇق قارا تەنلىك تۇرغۇنلار يوق، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ قىلچىلىكمۇ ئىزى بايقالمايدۇ. ئالىملار چاي ئۈستىدە مۇنداق

خۇلاسىلەرنى چىقارغاندىن كېيىن، بىزگە ساغلام ماھىيەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىم بىرىنگ كۆۋرۈكى ئۇلارنى قۇتۇلدۇرالمىغان بولار ئىدى، چۈنكى ئۇلار «مەركىزى ئاسىيانىڭ بىر يېرىدىن» دەپ ياۋروپاچە ئەپچىللىك قىلغان.

ئا. ۋ. سمىت ئۆزىنىڭ «ھىندىستان تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق يازىدۇ: «بەلكىم دراۋىد مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى قاچاندۇر بىر چاغدا، بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە تىللارنى بىلىدىغان سالاھىيەتلىك ئالىم تەرىپىدىن يېزىلار. ئارىيانلارغا مەنسۇپ بولمىغانلارنى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ھىندىستانىنىڭ قەدىمىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس».

سمىت مۇتلەق ھەقلىقتۇر. ھىندىستانىنىڭ تارىخى تامىللارسىز دېرىزىسىز بىناغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەن ئەپسانىلارنى ۋە پۈتۈكچىلەرنى ئىزدەپ كۆپلىگەن جەنۇبى ھىندىستان ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلدىم، لېكىن يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. مەن تاپقان يېزىقلارنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەن: «تامىللار كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ كۈن پېتىش تەرەپكە ئۈزۈپ كەتتى. ئۇلار چوڭ قۇرۇقلۇققا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى». بۇ ھۆججەتنىڭ يىللىرى كۆرسىتىلمىگەن، بۇ ئادەملەر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن قانداقتۇر ئالاقىلىشىشلار توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى جايدا قانداق ياشىغانلىقى، ئۇمۇمەن ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ئامان قالغان-قالمىغانلىقى توغرىلىقمۇ ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ. پەقەتلا بىر توپ ئادەم سەپەرگە چىقتى ۋە ئامان-ئېسەن مەنزىلگە يېتىپ باردى، دېگەن قۇرۇق پاكىت. «چوڭ قۇرۇقلۇق» ئەتىمالىم، ئافرىقا بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 13 - باپ: بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى

بۈيۈك **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسى قۇياش ئىمپېرىيەسى، يەنى **مۇ** **قۇرۇقلۇقى** تەركىبىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەڭ چوڭ ۋە تەسىرى ئەڭ زور ئىمپېرىيە بولغان. **مۇ** قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردىن چوڭ بولغان ئىمپېرىيە بولۇپ قالدى.

**ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقى چېگراسى تىنچ ئوكيان بولغان ئىدى. ئۇنىڭ غەربى چېگراسى تەخمىنەن ھازىرقى موسكىۋا تۇرغان يەردىن ئۆتەتتى. **ئۇيغۇر** خەلقى شۇ دەۋردە ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋرۇپادىن تاكى ئاتلانتىك ئوكيانغىچە بولغان پايانسىز زېمىندە ياشىغان. ئىمپېرىيەنىڭ شىمالى چېگرالىرى ھەققىدە يازما مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. بەلكىم ئۇ شىمالى مۇز ئوكيانغىچە سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىمپېرىيە جەنۇپتا ھىندىچىنى، بىرما، ھىندىستان ۋە پېرسىيە قاتارلىق ئەللەر بىلەن چېگرالانغان.

**ئۇيغۇرلار**نىڭ تارىخى — بۇ ئارىيان خەلقلىرىنىڭ تارىخى، چۈنكى بارلىق ھەقىقى ئارىيانلار **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان. تېخى ئۈچلەمچى دەۋردىلا **ئۇيغۇرلار** پۈتكۈل مەركىزى ياۋرۇپانى بويلاپ ئاھالىلار نوقتىلىرى زەنجىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. چوڭ ماگنىتلىق ئاپەت ۋە تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن ئىمپېرىيە ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئامان قالغان **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرى يەنە ياۋرۇپاغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ئىشلار پلېيستوتسېن دەۋرىدە يۈز بەرگەن. سلاۋيانلار، تېۋتونلار، كېلتلار، ئىرلاندىيەلىكلەر، برېتونلار ۋە باسكىلار- بۇلارنىڭ ھەممىسى **ئۇيغۇر** دىگەن يىلتىزدىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلەر. برېتونلار، باسكىلار ۋە ھەقىقى ئىرلاندىيەلىكلەر ئۈچلەمچى دەۋردىن كېيىن ياۋرۇپاغا كەلگەن **ئۇيغۇر**خەلقىنىڭ — ماگنىتلىق ئاپەت ۋە تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن كېيىن ئامان قالغانلارنىڭ - ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى گۈللەنگەن دەۋرلەردە تاغلار تېخى مەۋجۇت




ئوچلەمچى دەۋردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى

www.uyghurkitap.com

بولمىغان ۋە ھازىرقى گوبى چۆلىنىڭ ئورنىدا ھوسۇلدار، سۇلىرى مول تۈزلەڭلىكلەر بولغان. ئەنە شۇ يەردە، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە **ئۇيغۇر**لارنىڭ پايتەختى ئورۇنلاشقان ئىدى. 1896 - يىلى بىر تەتقىقات ئەترىتى تىبەتتىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، قەدىمكى خاراخوتا شەھرى جايلاشقان يەرنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مەلۇماتتا خاراخوتا خارابىلىرى ئاستىدا **ئۇيغۇر**لارنىڭ قەدىمى پايتەختىنىڭ بولغانلىقى ئېيتىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ خارابىلىقتا قېزىلما ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ۋەئەللىك فۇت قېلىنلىقتىكى يوغان ئۇيۇل تاشلار، شىغىل ھەمدە قۇم قاتلىمى ئاستىدىن پايتەختنىڭ خارابىلىرىنى تاپقان. ئۇلار كۆپلىگەن نادىر بۇيۇملارنى بايقىغان،لېكىن چارلاش ئەترىتىنىڭ خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكتىن، قېزىلما ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەن. كېيىن ئالىملار رۇس ئارخېئولوگى كوزلوۋ بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تېپىلمىلىرى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كوزلوۋ ئارخېئولوگىيەلىك چارلاش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە خاراخوتىدا باشلانغان قېزىلما ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.ئېلىپ بېرىلغان قېزىلما ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بويىچە كوزلوۋ مەلۇماتلارنى بەرگەن، مەن ئۇنى «**قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ** » ناملىق كىتاۋىمدا نەقىل كەلتۈرگەن ئىدىم.

پۈتكۈل شەرقتە مەركىزى ئاسىيا، شۇ جۈملىدىن ھىمالايا تاغلىرى جايلاشقان يەرلەرنىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردا ھوسۇلدار ئېتىزلىرى، كۆللىرى، دەريالىرى بولغان تۈزلەڭلىك ئىكەنلىكى، كۆپلىگەن شەھەرلەر بىلەن مەھەللىلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلاشتۇرۇپ تۇرغان ماھىرلىق بىلەن ياسالغان يوللىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئاجايىپ ئاۋات بىر جايدىن ئىبارەت بولغانلىقى توغرىلىق رىۋايەتلەر بار. ئۇ دەۋرىدىكى شەھەرلەردە ئىنتايىن چوڭ ئىبادەتخانىلار، جەمىيەت بىنالىرى، ئاھالىلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەيۋەتلىك سارايلىرى بولغان. ھازىرمۇ گىگانت سۇ دولقۇنلىرى ئېقىتىپ كېتەلمىگەن خادا تاشلار ئارىسىدا قۇرۇپ كەتكەن دەريالارنىڭ

ئىزلىرى ياخشى بايقىلىدۇ. لېكىن بۇ چۆلدە ھەممە ئىنشائاتلىرى پاك ـ پاكىزە ئېقىتىپ كېتىلگەن بىر قاتار ۋىلايەتلەرمۇ بار.

تىللاردا داستان بولغان تارىخ بىزگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ھەققىدە كۆپلىگەن قارىمۇ ـ قارشى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بەختكە يارىشا بىزگە رىۋايەتلەرگە مۇراجەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى تىبەت ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرىدە مەلۇم مىقداردا تاش پۈتۈكچىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئۇلاردىن بىرىنى نەقىل كەلتۈرىمەن: «بۈنىڭدىن يەتمىش مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇستازلار ئۇيغۇرلار پايتەختىگە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن».

بۇ ئاجايىپ تارىخى ئەسەردە يېزىلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاسىيادا ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى ماكانىنى سىرىق دېڭىزنىڭ بويىدا قۇرغان. «ئۇ يەردىن ئۇيغۇرلار ئاۋال سۈيى مول گوبى تۈزلەڭلىكىگە ئورۇنلىشۋىلىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇقتا ئىچكىرلەپ تارقالغان». كېيىنكى مەنبەلەر بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىن كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان پۈتكۈل تەۋەدە ياشىغانلىقى توغرىلىق گۇۋالىق بېرىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇرلار مەركىزى ياۋروپا ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە يېتىپ بارغان.

قولدا بار ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقى كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلەرنى سالغان. ھازىر بۇ شەھەرلەر ياكى سۇ ئاپىتىدە تۈزلۈنۈپ كەتكەن، ياكى گوبى چۆلىنىڭ ۋە ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 500 ـ يىلغا تەۋە بولغان خىتاينىڭ بىر قاتار يازما مەنبەلىرى ئۇيغۇرلارنى «سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك ئادەملەر» سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. «بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزى ئاق ـ سېرىق بولۇپ، ئاق تەنلىك ئىدى. كۆزلىرى بىلەن چاچلىرىنىڭ رەڭگىگە كەلسەك، شىمالدا كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق ئۇيغۇرلار بېسىم ئىدى، جەنۇپتا بولسا قارا چاچلىق، قاراكۆزلۈك ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئۇچرىشاتتى».

ئۇيغۇرلار دۆلىتىنى نىمە ۋەيران قىلغان ۋە بۇ ئاپەت قاچان يۈز

بەرگەن؟ باي ۋە ھوسۇلدار گوبىنىڭ چۆلگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەپلىرى نىملەردىن ئىبارەت؟

ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئۆزىنىڭ بارلىق ئاھالىسى بىلەن ئىمپېرىيەنىڭ پۈتكۈل شەرقى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ھەممە نەرسىنى بەربات قىلغان سۇ تاشقىنىدا ھالاك بولغان». بۇ قەدىمكى گۇۋالىق تۆۋەندىكى گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەر بىلەن تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ.

قەدىمكى خاراخوتىنىڭ بارلىق بىنالىرىنى ئۆگزىدىن ھۇلغىچە كۆمۈۋالغان پۈتكۈل جىسىملار قاتلىمى يوغان ئۇيۇل تاشلاردىن، شېغىل ۋە قۇمدىن تەركىپ تاپقان. خەلقئارادىكى بارلىق گېئولوگلار بۇنى سۇ ئېلىپ كەلگەن قاتلام، دەپ ئېتىراپ قىلماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇ سۇ تاشقىنى شىمالغا قاراپ سىلجىغان ئاخىرقى ماگنېتىكلىق ئايەت دولقۇنىنى يەنى تەۋراتتىكى توپان بالاسىنى كۆرسىتىدۇ. مەن 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى چېتىدىكى رايوندىن لېنا دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايىغىچە ۋە خوشنا شىمالى مۇز ئوكيانىنىڭ ئاراللىرىغىچە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان گېئولوگىيەلىك چارلاش ئەترىتىنىڭ ئىشىغا قاتناشقان ئىدىم. بىزنىڭ تەتقىقاتلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ تەۋەدە جەنۇپتىن شىمالغا غايەت زور دولقۇننىڭ ئېقىپ ئۆتكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ دولقۇننىڭ ئۆزى بىلەن مۇز ئېقىتمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز غەربكە مايىل بۇ دولقۇننىڭ ئىزلىرىنى 110 گرادۇس شەرقى ئۇزۇنلۇقتىن تاپالمىدۇق. لېكىن بىز شەرققە قاراپ قانچىلىك ئىچكىرلىمەيلى، ئۇلار تېپىلىپ تۇردى. بىز سىبىردا تەتقىقات ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ بىرىدىنمۇ شۇ قېتىمقى توپان بالاسى بىلەن باغلاشتۇرۇش مۇمكىن بولغان مۇزنىڭ قىلچىلىكمۇ ئىزىنى تاپالمىدۇق. بارلىق جايلاردا دولقۇننىڭ جەنۇپتىن شىمالغا ئاققانلىقىنىڭ ئېنىق گۇۋالىقلىرى بايقالدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، لېنا دەرياسى بۇ سۇ ئېقىمىنىڭ ئاساسىيولى بولغان.

لېنا دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ شىمالىدا لياخوۋ




سىبىردىن ئۆتكەن غايەت زور دولقۇننىڭ يۆنىلىشى

ئاراللىرى جايلاشقان، بۇ ئاراللارنىڭ بىرى مۇڭغۇلىستان ۋە سىبىر داللىرىدىن ئېقتىۋتىلگەن، مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ماموتلار ۋە باشقا ئورمان هايۋانلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى هەمدە قوزۇق چىشلىرىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ سۆڭەكلەر دولقۇننىڭ ئۆزى بىلەن مۇزلارنى ئېقتىپ ماگنىتلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئەكسى هالدا بولغان بولسا، خۇددى شىمالى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەندەك هەممە نەرسە تالقانغا ئايلىنىپ، هېچ قانداق ئارال هاسىل بولمىغان بۇلار ئىدى.

گېئولوگىيەلىك پەرەزلەر بويىچە، بۇ توپان بالاسى شىمالى يېرىم شاردا مۇز دەۋرىدە يۈز بەرگەن. يازما مەنبەلەرگە مۇۋاپىق، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقى قىسمى شۇ جۇملىدىن پايتەخت ۋە بۇ تەۋەدىكى بارلىق جانلىقلار هالاك بولغان. ئىمپېرىيەنىڭ غەربى ۋە غەربى-جەنۇبى قىسىملىرى ئامان قالغان.

تاغ ئۆرلەتقىلىرى بارلىق يۆنىلىشلەردە مەركىزى ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇلار ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى تەۋەسىنى تەشكىل قىلىدىغان رايونلاردا ناهايىتى نۇرغۇن. توپان بالاسى يۈز بېرىپ، بىر نەچچە مىڭ يىللاردىن كېيىن تاغلارنىڭ هاسىل بولۇش جەريانلىرى باشلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئېنىق باشلانغان ۋاقتىدىن خەۋەر بېرىدىغان يېزىقلارنى تاپالمىدىم. تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن يەرلەر پارچە-پارچە قىلىنىۋېتىلگەن. بارلىق جايلاردا يەر تەۋرەش هادىسىلىرى يۈز بەرگەن، ۋۇلقانلاردىن هاسىل بولغان لاۋا ئېقىملىرى ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقلار زېمىننى قاپلىغان. بىز بۇ هالاكەتتىن قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئامان قالغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەتىمالىم ئازغىنە ئادەم ئامان قالغان بولسا كېرەك. تاغلارنىڭ هاسىل بولۇشىدىن قۇتۇلۇپ ئامان قالغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرخەلقىنىڭ تارىخى نۆۋەتتىكى باپتا بايان قىلىنىدۇ. گوبىنى هەممە يەردىن كېسىپ ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان تاغ تىزمىلىرى ئۇنىڭ سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن، يەر ئاستى تاش جىسىملىرىنىڭ هەركىتى نەتىجىسىدە زور مىقتاردىكى يەر ئۈستى سۇلىرى يەرگە سىڭىپ، يەر ئاستى دەريالىرىنىڭ هاسىل بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى. يەر يۈزىدىكى دەريالارنىڭ غايىپ

بولۇشى بىلەن گوبى چۆلى ئۆزىنىڭ ھازىرقى قۇملۇق، تاشلىق سۆرۈن قىياپىتىنى ئالدى. ھېچ شۈبھىسىزكى، ھازىرمۇ شۇ چۆللۈك رايونلاردا بىر نەچچە فۇت چوڭقۇرلۇقتىن سۇ تېپىش مۇمكىن. بىز يەر بېتىدىن يەتتە-ئون فۇت چوڭقۇرلۇقتىن سۇ تاپقان ئىدۇق.

تارىخى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، **ئۇيغۇر** خەلقى پۈتكۈل مەركىزى ياۋروپاغا تارقىلىپ كەتكەن. قەدىمكى ھىندى كىتاۋى **«مانۇ»** دىكى خاتىرىلەردە كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقى-شىمالى **قىرغاقلىرىدا** **ئۇيغۇرلار**نىڭ كۆپلىگەن ئاھالىسىنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان. بۇ بەلكىم ماكس مىيۇللىر ئېيتىپ ئۆتكەن پلېستوتسىن دەۋرىدىن كېيىن **ئۇيغۇرلار**نىڭ ياۋروپاغا ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈش مەزگىلى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە بولسا كېرەك. ھېچقانداق شۈبھىلەنمەي ئېيتىش كېرەككى، شەرقى ياۋروپا مىللەتلىرى تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئامان قالغان **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر. بۇ نوقتىنى ماكس مىيۇللېرمۇ ئىسپاتلايدۇ: «ياۋروپا تېپىدىكى تۇنجى ئىنسانلار مەركىزى ئاسىيا تاغلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر بولغان». مىيۇللېرنىڭ يېزىشىچە، ھازىرقى خەلقلەر كاۋكاز تۈزلەڭلىكلىرىگە پلېستوتسىن دەۋرىدىن ياكى تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن كەلگەن. **ئۇيغۇر** خەلقى تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى، **ئۇيغۇرلار**دىن باشقا كۆپلىگەن مەركىزى ئاسىيا قەبىلىلىرى بولسا تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلىشىدىن كېيىن ئۆز تارىخىنى باشلىغان. **«قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ»** ناملىق كىتاۋىمدا مەن بۇ ھەقتە توختىلىپ، خاراخوتادا كوزلوۋ تەرىپىدىن سۆرەتكە چۈشۈرۈلىنغان بىر قاتار رەمزىلىك سۆرەتلەرنى بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ يەشمىسىنىمۇ بايان قىلغان ئىدىم.

**تىبەت** تىبەت مەركىزى ئاسىياغا جايلاشقان، ئۇ شەرقتە خىتاي بىلەن، شەرقى-شىمالدا موڭغۇلىستان بىلەن، جەنۇپتا ھىندىستان بىلەن غەربتە بولسا كەشمىر ۋە تۈركىستان بىلەن چېگرادىش. گوبى چۆلى ئۇنىڭ شىمالى چېگراسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بىر چاغلاردا، تېخى تاغلار ھاسىل بولمىغاندا، تىبەت بۈيۈك **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغان. ئۇ دەۋرلەردە بۇ ئەل تۈزلەڭلىك

www.uyghurkitap.com

ۋە ھوسۇلدار ماكان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ كۆپلىگەن ئېگىز چوققىلار بىلەن قورشالغان دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغلىق جايدۇر. ئېگىز تاغلار ئاساسى جەھەتتىن غەربتىن شەرققە سوزۇلغان. جەنۇپتا دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ ـ ھىمالايا قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ تاغدا ۋە تىبەت تەۋەسى دائىرىسىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز جومۇلاڭما چوققىسى بار، بۇ يەر «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دىگەن نامنى ئالغان.

ھىندىستان ئەنئەنىۋى رەۋىشتە «سىرلار ۋە سىرلىق بىلىملەر ئېلى» سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ، لېكىن تىبەت ئۇنىڭ بىلەن تولۇق دەرىجىدە تەڭلىشىشى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كىتىشىمۇ مۇمكىن.

تىبەتنىڭ بېرىش قىيىن بولغان تاغلىق رايونلىرىدا مۇناستىرلار بىلەن ئىبادەتخانىلار نۇرغۇن،تاشقى دۇنيادىن ئايرىلغان، يېپىق ھالەتتە بولغان بۇ مۇناخلار ئېرلەشمىلىرى پەقەتلا ئاغزىنە پادىچىلارغا مەلۇم بولغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ تىنچ، تەركى دۇنيالىق ھاياتى بىلەن ياشايدۇ. بۇ ھىمالايا مۇناستىرلىرىدىكى بەزىبىر مۇناخلار بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىن بىراخمانلار تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن ناگلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئۇلار مۇ قۇرۇقلۇقى دەۋرىدىكى دەسلەپكى دىنغا ئېتائەت قىلىشىدۇ ۋە يەر يۈزىنىڭ تۇنجى ئۇلۇق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان كائىنات بىلىملىرىدىن بەزىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقان. مەن بۇ يەردە ئاتايىن «بەزى ئىبادەتخانىلار» سۆزىنى تەكىتلەۋاتىمەن، چۈنكى ئۇلار تىبەتكە جايلاشقان يۈزلىگەن بۇ خىلدىكى ئىبادەتخانىلاردىن پەقەت ئاززغىنە بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر قولنىڭ بارماقلىرى بىلەنلا ساناپ چىقىش مۇمكىن.ماڭا پەقەت ئۇلاردىن ئۈچىلا مەلۇم. ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇددىزىمنىڭ ئۇ ياكى بۇ تارمىقىغا ئېتائەت قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى شلمان لىخاسادىكى قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاكىتى بايان قىلىنغان ھۆججەتنى تاپقان. بۇ ھۆججەت پالى تىلىدا تىبەتچە يېزىلغان قەدىمكى تاش پۈتۈكچە مەتىنىنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ئەسلى

نۇسخىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسكى، ئۇ مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدە يۈزلىگەن باشقا ھۆججەتلەر ئارىسىدا بىر قات توپا ـ چاڭنىڭ ئاستىدا ياتقان بولۇشى مۇمكىن.

تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى براخماپۇترا دەرياسى تارماقلىرىنىڭ بىرىنىڭ يېنىدا، بىر نەچچە ئىبادەتخانا ۋە مۇناستىر بار. مەن ھازىر ئۇلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەنە شۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرىدە بىر نەچچە مىڭلىغان تاش پۈتۈكچىلەر توپلىمى ساقلىنىدۇ. ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختىدىكى تولۇق پۈتۈكچىلەر كۇتۇپخانىسىدىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ پۈتۈكچىلەرگە باغلىق بولغان رىۋايەتلەر كىشىنى تولىمۇ جەلىپ قىلىدۇ. مەن ئاقساقال رىشى بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا ئۇلار توغرىلىق ئەسلىتىپ ئۆتتۈم ۋە ئۇنىڭدىن بۇ پۈتۈكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى توغرىلىق ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىدۇم. رىشى ئاقساقال ياش چېغىدا ئۆزىگە بۇ ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلىش نېسىپ بولغانلىقىنى ۋە بۇ پۈتۈكچىلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە خەۋەردار بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. تۆۋەندە مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئۆز پېتىچە بايان قىلىمەن.

### پۈتۈكچىلەر كۇتۇپخانىسى ھەققىدە ئاقساقال رىشىنىڭ ھېكايىسى

«ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە شىمالىنى توپان سۈيى باسقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق تۇرغۇنلىرىنى ھالاك قىلىدۇ، ئۇستازلار مۇ قۇرۇقلۇقىدىن ـ قوياش ئىمپېرىيەسىدىن ئېلىپ كەلگەن چوڭ كۇتۇپخانا ھەم سۇغا غەرق بولىدۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ تاشقىنىغا دۇچار بولمىغان غەربتىن كەلگەن ئۇستازلار پايتەخت خارابىلىرىغا كېلىپ، بۇ پۈتۈكچىلەرنى كولاپ چىقىرىپ، ئۇلارنى غەربتىكى ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە پۈتۈكچىلەر تاغلار ھاسىل بولغىچە ساقلىنىدۇ. تاغلارنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربى قىسمىمۇ ھالاك بولۇپ، ئىبادەتخانىلار ۋەيران قىلىنىدۇ، پۈتۈكچىلەر يەنە كۆمۈلۈپ قالىدۇ. نۇرغۇنلىغان يىللاردىن كېيىن تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن ئامان قالغان ئۇستازلارنىڭ ئەۋلاتلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېلىپ پۇتۇكچىلەرنى كولاپ ئېلىپ ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار ئەندى شۇ يەردە ساقلانماقتا.

بۇ ئىبادەتخانىمۇ ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان پۇتۇكچىلەرمۇ سىر ئەمەس، ئۇلار توغرىلىق شەرق دانىشمەنلىرى ناھايىتى ياخشى بىلىشىدۇ. ماڭا بۇ ئىبادەتخانىنى ئۈچ ئىنگلىز ۋە ئىككى رۇسنىڭ زىيارەت قىلغانلىقى مەلۇم».

مەن رىشىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ، ئۇنىڭدىن بۇ كۇتۇپخانا ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ھۆججەتلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىردىن-بىر تولۇق يىغىندىسى بولۇپ ھېساپلىنامدۇ، دەپ سورىدىم.

«ئويلايمەنكى، ئۇنداق بولمىسا كېرەك ئوغلۇم» دېدى ئۇ «بىزدە بىر رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا بىزنىڭ رىشىلار شەھىرى ئايودخيا باسقۇنچىلار ئارمىيەسى تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغاندا، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى كۇتۇپخانىسى ئىبادەتخانىنىڭ مەخپى ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانغان ۋە دۈشمەن ئۇنى تاپالمىغان. ئەگەر شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ تاكى ھازىرغىچە ئىبادەتخانا خارابىلىرى ئاستىدا بىجىرىم ياتىدۇ، چۈنكى ھېچ كىم ئۇنى ئۇ يەردىن ئالمىغان».

ماڭا ئۆز خاتىرىلىرىمدە تىبەتتىكى، كەشمىردىكى ۋە ئومۇمەن شىمالى ھىندىستاندىكى يەرلەرنىڭ، يوللارنىڭ، داۋانلارنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوبيېكتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتىماسلىق تەۋسىيە قىلىنغان ئىدى، چۈنكى ئۇلار سىياسى جەھەتتىن مۇھىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ناھايىتى سالماق دەلىللەر كۆرسۈتۈلگەنلىكتىن مەن قەرزى ھېسسىياتى بىلەن بۇ تەكلىپنى ئادا قىلدىم.

**خىتاي** خىتاي مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى، دېگەن كۆز قاراش تولا ئۇچرايدۇ. لېكىن ئەسلىدە خىتاي مەدەنىيىتى ئارانلا بەش مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتايلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەنمىش، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئالغان. خىتايلار موڭغۇللارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ،

لېكىن ئۇلار يېرىم مۇڭغۇللار، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئوتتۇرىسىدائارىلاش نىكاھلار ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان. مۇڭغۇللارنىڭ ئىلى جەنۇپ تەرەپتە ئىدى. ئەنە شۇ نىكاھلاردىن تۇغۇلغانلار دەسلەپكى خىتاي ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان. يازما مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئەڭ گۈزەل سېرىق تەنلىك ياۋايىلارغا ئۆيلەندى» بۇ سۆزسىز خاتا تەرجىمە،چۈنكى مۇنداق نىكاھلار قىلىنغان دەۋرلەردە يەر يۈزىدە ھېچ قانداق ياۋايىلىق بولمىغان. بۇ يەردە سۆز «تۆۋەن سېرىق ئىرق» ھەققىدە بولغان. بۇ رىۋايەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا خېلىلا ناچار تەرەققى قىلغان،ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى خېلىلا تۆۋەن ئىدى». ھازىرقى خىتايلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ئىسىل قانلىق خىتايلار ئاق تەنلىكلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى ئېقىۋاتىدۇ. قاتاردىكى تۆۋەن سىنىپ ۋەكىللىرى بولغان جەنۇپ خىتايلىرىدا ئۇيغۇر قېنى يوق. ئۇلار قەدىمي سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرى.

مۇنداق ئارىلاش ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئاتىلار بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قىلىپلاشقان ئۆلچەم بويىچە بىلىم ئېلىشىنى جىددى نازارەت قىلاتتى. دېمەك خىتاي ئىمپېرىيەسىنى ئۇيغۇر قانلىق، ئۇلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر قۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، خىتاي مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنى خىتايلارغا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاتىلىرى تاپشۇرغان،خىتاينىڭ داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلانماقتا. ھەر قانداق خىتاي ئالىمى سۆزسىز بۇنى ئىسپاتلايدۇ.خىتايدا كەڭ تارقالغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«خىتايلار ئاسىيالىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى بۇ يەرگە ئۇزاق كۈن چىقىش تەرەپتىن كەلگەن».مەن خىتاينىڭ رىۋايەتلىك تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل خىتاي رىۋايەتلىرىنىڭ توپلىمىنى

ئىزدىگەن ئىدىم، مۇنداق توپلام مەۋجۇت بولسا كېرەك، لېكىن ماڭا ئۇنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى.

ئې. پاركېرنىڭ «خىتاي» ناملىق كىتاۋىدىن تۆۋەندىكى جەدۋەلنى مىسالغا كەلتۈردۈم:

## قەدىمكى خىتاي سۇلالىلىرى

| سۇلالە نامى | ھۆكۈمرانلار سانى | سۇلالە دەۋرى |
|---|---|---|
| «بەش ئاقساقاللىق دەۋرى» | توققۇز | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2852-2206- يىللار |
| « شىيا سۇلالىسى» | ئون سەككىز | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2205-1767- يىللار |
| «شاڭ سۇلالىسى» | يىگىرمە سەككىز | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1766-1122- يىللار |
| «شەرقى جۇ سۇلالىسى» | ئون | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1121-828- يىللار |
| «غەربى جۇ سۇلالىسى» | يىگىرمە بەش | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 825-255- يىللار |

مەزكۇر جەدۋەلگە ئاساسەن ھەر بىر پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن تۆۋەندىكىدەك بولغان:

«بەش ئاقساقاللىق دەۋرى» — 71 يىل.
«شىيا سۇلالىسى» — 24 يىل.
«شاڭ سۇلالىسى» — 23 يىل.
«شەرقى جۇ سۇلالىسى» — 29 يىل.
«غەربى جۇ سۇلالىسى» — 22 يىل.

پاركېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەش ئاقساقاللىق دەۋرى تامامەن ئەپسانىدۇر. شىيا سۇلالىسى خېلى مەشھۇر، لېكىن كۆپ جەھەتتىن رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. شاڭ سۇلالىسى ئاساسەن رىۋايەتتىن ئىبارەت. شەرقى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئون ھۆكۈمرانى قىسمەن تارىخى، غەربى جۇ سۇلالىسىنىڭ يىگىرمە بەش ھۆكۈمرانى ئاساسەن تارىخى».

پاركېرنىڭ ئېيتقىنىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ،ئۇ پەقەتلا كۆرگەنلىرىگە ئىشىنىدۇ، ئاڭلىغىنىنىڭ ھېچقايسىغا ئىشەنمەيدۇ.

ئەتىمالىم ئۇنىڭ ئۈچۈن،ئەگەر رىۋايەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان يازما مەنبەلەر ھازىرچە بولمىسا، ئۇ قانچىلىك ئىشەنچىلىك بولمىسۇن،بەرىبىر توقۇلما. رىۋايەتنى ئۇنىڭ مەنبەسى ئىنىقلانغىچە ئىزدەش مېنىڭ ھەۋەسىم. مەن كۆپ ھاللاردا ئەپسانىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ ئۇ ياكى بۇ رىۋايەتتە ئىكەنلىكىنى تاپاتتىم. بۇ ئەپسانىلەر بىلەن رىۋايەتلەر شۇنچىلىك ئۆزگەرگەنكى، ئۇلار تامامەن ئۇيدۇرمىغا ئايلىنىپ قالغان، ئىسسىز ئوت بولمايدىغانلىقىنى ئەستە ساقلاش كېرەك. مەن شۇنىڭغا شۈبھىلەنمەيمەنكى، پاركېر توقۇلمىلار دەپ قارىغان بايانلار كۆپلىگەن چاغلاردا سەل بۇزۇلغان رىۋايەتلەر بولۇپ چىقاتتى. ئۇلار ئاددى ئادەملەر ئۈچۈن ئەپسانىلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، ھەر خىل ۋەقەلەر توغرىلىق بايان قىلىدىغان يازما مەنبەلەر تۇرىدۇ.

پاركېر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىلدىن ھازىرقى دەۋرگىچە بولغان يېتەرلىك دەرىجىدە پۇختا ۋە مۇپەسسەل تارىخنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ھەمدە چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىشىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ياپونلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە تامامەن خاتالىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن باشقا پىكىرلىرىنىڭ توغرىلىقىغا گۇمان پەيدا قىلىدۇ. پاركېرنىڭ گوبى چۆلىدىكى خارابىلار ۋە باشقا تارىختىن ئىلگىرىكى خارابىلار ھەققىدە قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىگە مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ نەرسىلەر ئۇنى تامامەن قىزىقتۇرمىسا كېرەك.

**ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسى ھالاك بولۇپ يەتتە-سەككىز مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن،شەرقى ئاسىيادا كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇڭغۇلىد تىپىغا تەۋە بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاتارلار كەڭ دائىرىدە ئېتراپ قىلىندى، چىڭگىزخان بىلەن قۇبلاي ئۇلارنىڭ ئالاھىدە مەشھۇر شەخسلىرىدىن بولغان. قۇبلاي 1277-يىلى ئەتراپىدا،تەخمىنەن بۇنىڭدىن 600يىل بۇرۇن ياشىغان. ئۇلۇق خىتاي پەيلاسوپى كۇڭزى مىلادىدىن

ئىلگىرىكى 551 ـ يىلدىن 480 ـ يىلغىچە،ختاي يازما تارىخى باشلىنىپ تەخمىنەن ئۈچ يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياشىغان. ئىمپېراتور چىنشىخۇاڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 214 ـ يىلى) قەدىمكى خىتايغا ئائىت بارلىق كىتاپلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى بۇيرۇيدۇ. ئىنتايىن نۇرغۇن كىتاپ، شۇ جۈملىدىن كۇڭزى ۋە مىڭزىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇ خىتاينىڭ شىمالى رايونلىرىغا دايىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان ھونلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلۇق سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرغان ھۆكۈمران ئىدى. چىنشىخۇاڭ بارلىق قەدىمي ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلگۈرەلمىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىغا يوشۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. ھازىر ئۇلار ناھايىتى قاتتىق ساقلانماقتا، كاھىنلاردىن باشقا ھېچ كىمگە ھەر قانداق سەۋەپ بىلەنمۇ كۆرسىتىلمەيدۇ.

مۇشۇنىڭ بىلەن مەن كىتاۋىمنىڭ شەرقى ئاسىياغا بېغىشلانغان بابىنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. نۆۋەتتىكى باپ غەربى ئاسىيا توغرىلىق بولىدۇ. بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى يەنى سەلتەنەتلىك پايتەختى بولغان ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مەركىزى ئاسىيا دۆلىتى تاۋۇتىنىڭ قاپقىغى يېپىلدى.

## ئۆچلەمچى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى

ئۆچلەمچى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دېگەندە، مەن بۇنىڭدىن يىگىرمە مىڭ يىل ئىلگىرى يەنى ماگنېتىكلىق ئاپەتتىن (تەۋراتتىكى توپان بالاسى) گېئولوگلارنىڭ رىۋايەتلىك مۇز دەۋرىگىچە ۋە تاغلار ھاسىل بولغانغا قەدەر مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن. 216 ـ بەتتىكى خەرىتە زامانىمىزدىكى جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنىڭ جايلىشىشى ئاساسىدا بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىنى ۋە قۇدرىتىنى باھالاشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان پەقەت بىرلا كۆرۈنۈش. يىگىرمە مىڭ يىل داۋامىدا كۆپلىگەن يەرلەر سۇ ئاستىدا قالدى، يەنە كۆپلىگەن يەرلەر پەيدا بولدى. مەن ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ مەركىزى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانغىچە سوزۇلغان يولنىڭ سخېمىسىنى سىزدىم. بۇ يول تەخمىنەن ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ غەربى قىسىملىرى ھازىرمۇ بالقان يېرىم ئارىلىدا بايقىلىدۇ. ئىرلاندىيە،فىرانسىيە،برىتانىيە ۋە ئىسپانىيەدىكى باسكىلار ئېلى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ چەت غەربى ئىستېھكاملىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالغا قاراپ قانچىلىك سوزۇلغانلىقى مەلۇم ئەمەس،لېكىن قەدىمي ئۇيغۇر شەھەرلىرى سىبىرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى رايونلاردىمۇ بايقىلىدۇ.

خەرىتىنىڭ سىزىقچىلار سىزىلغان يەرلىرى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگراسىنى بىلدۈرىدۇ.ئۇنىڭ چېگرالىرىدىن پەقەت ئىككىسىلا يەنى شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن جەنۇپتىكى ناگلار ئىمپېرىيەسى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇر ئاھالىسى ھەقىقەتەنمۇ ياۋروپانىڭ مەركىزى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانغا بارغانمۇ ياكى ئۇ يەرلەرگە پەقەت ئىستېھكاملىرىنى قۇرغانمۇ؟ بۇ سوئالغا ھازىرچە جاۋاپ يوق.ھالبۇكى ھازىر بىز ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئۇچرىتىۋاتىمىز. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش سىرىنى ئېچىشقا ھېچكىم قىزىقمايۋاتىدۇ.

قەدىمي شەرق ھۆججەتلىرىدە، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى تەركىۋىدە كۆپلىگەن ئۇششاق خانلىقلار ۋە بەگلىكلەر بولغان، دېيىلگەن. ھەر بىر خانلىقنىڭ ھاكىمى ياكى خانلىرى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپىراتورى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى ۋە پۈتكۈل ئىمپېرىيەنىڭ پادىشاسىغا باش ئەگەتتى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قوياش ئىمپېرىيەسى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقى ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىدە ئىدى.

ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت شەكلىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ھازىرقى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايسىز. مۇ قۇرۇقلۇقى بولسا،ھەر قايسى قىتئەلەردىكى بارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دۇنيا قوشما شتاتلىرىنىڭ شەكلىنى ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 14 - باپ: بابىلون

بابىلونىيەنىڭ تارىخى ئاككادلارنىڭ، سۇمېرلارنىڭ، خالدىلارنىڭ ئاسسىرىيەلەرنىڭ، مىدىيانلارنىڭ ۋە پارسلارنىڭ تارىخلىرىدىن ئىبارەت. بۇ مىللەتلەردىن پەقەت بىرلا ئايرىم خەلق سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. بىزنىڭ ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرق ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تارىخى» ئانچە كۆپ بولمىغان تاش پۈتۈكچىلەرنى ۋە يېزىقلارنى چۈشەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى تەۋرات رىۋايەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ مەنبەلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسىنىڭ سەنەسى بەش مىڭ يىلدىن ئاشمايدۇ. ئەسلىدە بابىلوننىڭ تارىخى بۇنىڭدىن 18 مىڭ يىل بۇرۇن باشلانغان. بۇ دەۋرلەردە ھىندىستاندىن كەلگەن ناگا-مايالار يېۋفرات دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى قۇرغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار شەرقى يول بىلەن ماڭغان مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرى بىلەن ئۇچراشتى، بۇ كۆچمەنلەر سېمىتلار ئىدى.

__ئاككادلار__ دەسلەپكى ئاككادلار ھىندىستانلىق ناگا-مايالار بولغان ئىدى، ئۇلار پارس قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، يېۋفرات دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېقىن يەرگە ئۆز ماكانىنى قۇرغان، ئۇلار بۇ يەرگە «ئاككاد» دەپ نام بەرگەن. ناگا-مايا تىلىدا بۇ يۇمشاق ۋە سازلىق يەر دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز يېۋفرات دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ تەبىئىي شارايىتىغا ماس كېلىدۇ. ئۇرۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ماكانىغا بەرگەن نامىنى مىللەت نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاككادلار نامى بىلەن تونۇلغان. ھىندىستاننىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرى بۇ ماكان توغرىلىق ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەرپا قىلىنغان ۋاقتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ھازىرقى زامان يازما مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن 18 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋر كۆرسىتىلىدۇ. دېمەك

بىز بۇ ماكان ئاككادلار تەرىپىدىن 18مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەن دەپ تەكىتلىشىمىز مۇمكىن. ئاككادلار مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن يېۋفرات دەرياسىنى بويلاپ مەملىكەت ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى بۇ يەردە ئۇلار سۇمېرلار نامى بىلەن مەلۇم بولدى.

**سۇمېرلار** «سۇمېر» ناگا-مايالار تىلىدىكى بىر سۆز. ئۇ «ياپىلاق يەرلەر، تۈزلەڭلەر» دىگەننى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن كۆچمەنلەر شۇنداق قىلىپ سۇمېرلار نامىنى، يەنى تۈزلەڭلىك تۇرغۇنلىرى نامىنى ئالدى. تۆۋەندە بىز سۇمېرلار بىلەن ئاككادلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمىز، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سۇمېرلار قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئاككادلار بولسا قىرغاقتا ياشىغان. لېكىن تارىخچىلار ئۇلارنى ئىككى خەلق دەپ قارايدۇ، بۇ توغرا ئەمەس.

ھىندىستانلىق تارىخچى دانىشمەن ۋالمىكى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1300 - يىلى يازغان ئەسەرلىرىدە «بۇ كۆچمەنلەر... يېۋفرات دەرياسى بويىدىكى ماكانىنى بابىلونىيە، ئۇنىڭ باش شەھىرىنى بولسا بابىلون دەپ ئاتىدى، بابىلون شەھىرى يەنە ‹كارا› دەپمۇ ئاتالغان، بۇ ناگا-مايا تىلىدا ‹قوياش شەھىرى› دىگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇستازلار بابىلونىيەنىڭ تۇرغۇنلىرىغا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىنىڭ دىنىنى ۋە ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن» دەپ يازىدۇ.

ھەقىقى ۋە ئەڭ قەدىمكى بابىلونلۇقلارنىڭ (ئاككادلار ۋە سۇمېرلار) مەدەنىيەت سەۋىيەسى، شىمال تەرەپتە ياشايدىغان سېمىت خەلقلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى تۇراتتى. ئاككادلارنىڭ يۇرتىنى بارلىق تەرەپلەردىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولغان ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇقلار ئوراپ تۇراتتى، كۆچۈپ كەلگەنلەر ئۇلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرى ۋە يېزىلار ئەتراپىغا ياغاچنى زىچ قېقىپ قاشا ياسىدى. ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرى بىلەن ئىبادەتخانىلىرىمۇ شۇنداق قاشالانغان ئىدى. مۇنداق قورشالغان يەرلەر **خالدى** دەپ ئاتالدى.

كېيىنرەك ئىلىم-پەن قاتلىمى ۋەكىللىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالدى، ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرى بولسا،«خالدى دانىشمەنلىرى ئىبادەتخانىلىرى» دېيىلەتتى. بۇ مەكتەپلەر مىللىتىدىن قەتئىي نەزەر، ئوقۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە ناگا-مايالارنىڭ قەدىمىي تىلىنى، مۇقەددەس سىرلارنى، سەنئەت ۋە ئىلىم-پەنگە دائىر بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرەتتى. خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە بابىلوندا ئەسىردە بولغان ئىسرائىلىيەلىكلەر بۇ ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي ئۇستا ۋە مۇخلىس دەرىجىلىرىنى ئالغان. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى دانىيال پەيغەمبەر بولغان ئىدى. ئۇ پادىشا ئوردىسىنىڭ تېمىغا ناگا-مايا تىلىدا يېزىلغان رىسالىنى ئوقۇپ، پادىشاغا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ۋالتاسار بابىلون ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان چاغدا،ئۇنىڭ سارىيىدىكى خالدىلار، مۇنەججىملەر ۋە سېھىرگەرلەر دەپ ھۆرمەتلەنگەن.

**خالدىلار** مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سۇمېرلار بىلەن ئاككادلار شىمالدىن كەلگەن سېمىت خەلقىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. مەن بۇ خەلقنىڭ بابىلونىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقىچە قانداق ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يازما مەنبەلەرنى تاپالمىدىم. تارىخچىلار ئۇلارنى خالدىلار دەپ ئاتايدۇ، لېكىن ئۇلار بابىلونىيەگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن شۇنداق دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. سېمىتلار ئاككادلار بىلەن سۇمېرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىدىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەغلۇپ بولغانلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزمىگەن ۋە ئۇلارغا زۇلۇم سالمىغان، بەلكى ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان. يەنى ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر ھېساپلاپ، ئارىلاش نىكاھلارغا يول قويغان، سۇمېر-ئاككاد ئالىملىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن. سېمىتلارنىڭ بۇ سىياسىتى شۇنچىلىك مۇۋاپىقىيەتلىك بولغانكى،كېيىنكى دەۋرلەردە سۇمېرلار بىلەن ئاككادلارنىڭ ئايرىم خەلق ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچ كىم ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغان، ئۇلار تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولغان. تارىخچىلار «بابىلون مەدەنىيىتى ئاككادلار بىلەن سۇمېرلار ياراتقان مەدەنىيەتنى

كۆرسىتىدۇ، ئۇ خالدىلار مەدەنىيىتىدىن قەدىمىي، بۇ خەلقلەر خالدىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋە تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولغان» دەپ يېزىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ خاتا ھەمدە ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان باشقا بىرەر نەرسە يېزىش مۇمكىنمۇ؟ خالدىلار مىللەتمۇ، خەلقمۇ ئەمەس بەلكى قاتىلام-يۇقۇرى ئىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىك ئادەملەر قاتلىمى بولغان.

ھېرودوت 1-كىتاۋىنىڭ 181- بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەدىمىي بابىلوندىكى كاھىن ۋە تارىخچى بېروس ‹بابىلونىيەنىڭ دەسلەپكى تۇرغۇنلىرى باشقا ئىرقتىكى چەت ئەللىكلەر بولغان› دەپ يازغان. شۇنىڭدىن كېيىن بېروس چەت ئەللىكلەر بىلەن بابىلونلار ۋە بابىلونلار بىلەن ئاسسىرىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرىقلەرنى تەسۋىرلەيدۇ».

يۇقىرىدىكى نەقىلدىن بېروسنىڭ ناگا-مايا تىلىدىن پايدىلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا خالدى ياكى خالدېي سۈپىتىدە تولۇق تەبئىدۇر. ئۇ دەسلەپكى بابىلون كۆچمەنلىرى پارس قولتۇقىدىن كېمىلەردە يېۋفرات دەرياسىنى بويلاپ ئۆرلەپ كەتكەن، دەپ يازىدۇ. ئەندى ۋالمىككە ۋە ھىندىستان ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغاندا، پارس قولتۇقىغا بۇ ئادەملەر ھىندىستاندىن كەلگەن. شۇنداق قىلىپ بىز دەسلەپكى بابىلونلۇقلارنىڭ ھىندىستانلىق كۆچمەن مايالار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىشەنچلىك پاكىتقا ئېرىشىمىز. يەنە بىر پاكىت: بېروس بابىلونىيەگە مەدەنىيەت كېمىلەردە ئۆرلەپ كەلگەنلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، دەپ يازىدۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە باشقا يازما مەنبەلەرنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سۇمېرلار بىلەن ئاككادلارنىڭ مەدەنىيىتى سىمىت باسقۇنچىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ دەرىجىسىدىن خېلىلا ئۈستۈن تۇراتتى.

ئافىنالىق بىر يونان پروفېسورى مېنىڭ قەدىمىي نەرسىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، ماڭا قەدىمكى بىر يونان قولىيازمىسىنى بەردى، ئۇنىڭدا سۇمېرلار بىلەن سىمىتلارنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشى ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايە بار ئىدى: «سىمىت

www.uyghurkitap.com

جەگچىلىرىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان ئەترىتى تولۇق قۇرۇللانغان ھالدا دەريا بويىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، يولدا ئۇلارغا دەريادا يۇقىرىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمە ئۇچرىشىدۇ، كېمىدە يەتتە ئادەم ئولتۇراتتى، ئۇلار ئاككادلار ئىدى. قۇرال-ياراقلىرى پاقىراپ تۇرغان جەگچىلەرنى كۆرۈپ، ئاككادلار قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ سۇغا چۆكۈپ تۇۋەنلەپ خېلى ئۇزاق ئۈزۈشىدۇ. ئۇلار نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بېشىنى چىقىرىپ، ھېلىقى جەگچىلەرنى تۇرغان يېرىدە كۆرىدۇ. ئۇلار يەنە سۇغا باش چۆكۈرۈپ ئۈزۈپ كېتىدۇ ۋە ئەسكەرلەر ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگىچە يوشۇرۇنۇپ ئۈلگۈرىشىدۇ. سېمىت جەگچىلىرى قايتىپ بېرىپ قوماندانغا دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدە غەلىتى مەخلۇقلارنى-يېرىمى ئادەمگە يېرىمى بېلىققا ئوخشايدىغان جانلىقلارنى كۆرگەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ». مەن ئۆز تەرجىمەمنى پروفېسورغا كۆرسەتتىم ۋە ئۇنىڭدىن ھەممىنى توغرا چۈشىنىپتىمەنمۇ، دەپ سورىدىم . ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، «يامان ئەمەس بوپتۇ، سىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئەلا دەرىجىدە چىقىپسىز، بىز مۇشۇ ۋارىيانتىنى قوبۇل قىلايلى» دېدى.

تۆۋەندە يەنە بىر نەقىل كەلتۈرىمەن، «بابىلون مەدەنىيىتى مىلادىدىن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغان» بۇ تامامەن خاتا. ھىندىستان يىلنامىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەپسىلاتى بىلەن پەرق قىلىدىغان ئىبادەتخانا يېزىقلىرى بابىلوندا كۆچمەنلەرنىڭ 15مىڭ يىل بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدە بايان قىلىدۇ. بىرونىسمۇ بۇنىڭدىن 14مىڭ يىل ئىلگىرىلا بابىلون مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بابىلونىيە مىسىردىن بۇرۇن پەيدا بولغان، مىسىرنىڭ تارىخىغا 16مىڭ يىل بولدى.ئېھتىمال مىلادىدىن بۇرۇنقى يەتتە مىڭ يىل ھەققىدە يازغان تارىخچىلار ئاككادلار بىلەن سۇمېرلارنىڭ سېمىتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋاقتى ھەققىدە سۆزلەنگەن قانداقتۇر قولىيازمىنى كۆرگەن بولسا كېرەك.

مىگلىغان يىللار داۋامىدا، سۇمېرلار بىلەن ئاككادلار بابىلونىيە ئاھالىسىنىڭ مەلۇماتلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن. ئەنە

شۇلار ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنى ھەقىقى ساقلاپ كەلگەنلەر، ئۇلار كۆپلىگەن كىتاپلارنى يازغان، مىق مەتبەئەنى كەشىپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىشغالىيەتچىلىرى بولغان سىمىتلارمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە خېلى زور دەرىجىدە قەدىمكى مايا تىلىغا كۆچكەن. بۇ تىل بابىلونىيەدە مىلادى VIII ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئىستىمالدىن قېلىشقا باشلىدى. ناگا-مايا تىلى بولسا، تاكى مىلادىV ـVI ـ ئەسىرلەرگىچە ئىلىم-پەن تىلى بولۇپ كەلدى. سىمىتلار مەملىكەتنى ئۆزۈل ـ كېسىل كونترول قىلغۇچى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىلىم ئادەملىرى كۆپلىگەن مەشھۇر مەكتەپ ۋە ئىلمى ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزلىرىنى خالدى، ياكى خالدېيلار دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، خالدېيلار دىگەن خەلق ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت خالدى ياكى خالدېيلار قاتلىمىلا بولغان، خالاس.

سىمىتلارنىڭ مايا تىلىغا كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەن بىر قاتار ئاككاد-بابىلون سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈردۈم، بۇ سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملار تەرىپىدىن تەستىقلانغان:

| ئاككاد خالدىچە | ناگا-مايا تىلى | تەرجىمىسى |
|---|---|---|
| ئابىا | با | دادا |
| بالا | پال | يولداش |
| ئا | خا | سۇ |
| ياب | كاب | تارماق، شاخ |
| گې | كى | تۆۋەنگە مېڭىش |
| كاك | كاك | پۈتكەن، ئاياقلاشقان |
| كالاما | كالاك | كائىنات |
| كاس | كا | ئىككى |
| كې ـ ئاكۇ | كېلې | ئىچكى قىسمى، ئىچى |
| كى | كىلاكابىل | كىشىلەر، تۇرغۇنلار |
| كۆل | كۆل | توققۇز كۆز، ھايۋان ئورۇقى |
| كۇم | كۇن | قۇيرۇق |
| كىن | كىن | تاڭ ئېتىش |
| كۇ | كۇب | ئورۇن |
| لال | لال | ئېلىش |

| | | |
|---|---|---|
| ما | ما | زىمىن، (دۇنيا) |
| تا | تا | يەر(تۇپراق) مەملىكەت |
| را | لا | تۇرغان جاي |
| مېن | ئېن | بولۇش، مەن بار |
| نانا | نائا | ئانا |
| سار | زاك | ئاق |
| سان | كان | تۆرت |
| سىر | زازىل | يورۇق |
| تاب | تاب | قوشۇش، بىرلەشتۈرۈش |
| كىسا | كاي | بېلىق |
| كىئاس | چاك | كېسىش |
| كىسىر | چى | ۋاقىراش، سۆزلەش |
| ئىدۇ | ئۇ | ئاي |
| فۇركى | فۇلۇ ـ كىن | ئاپتاپ ئۇرۇش |

يۇقىرىداكەلتۈرۈلگەن بابىلون ئاككادسۆزلىرى دوكتۇر فىنكسون، گېنرى روئۇلىنسون ئەپەندى، دوكتۇر ئاپپىرت، م.گرىۋېل ۋە پروفېسور سېيس تەرىپىدىن پادىشا ئاششۇر بانىپالنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى پۇتۇكچىلەردىن تەرجىمە قىلىنغان. مەزكۇر ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا م.لېنورمان ئاددى بابىلون ئىملاسىنى ۋە لوغىتىنى تۈزگەن، بۇ سۆزلەر ئەنە شۇ لوغەتتىن ئېلىندى. مەن ھەر بىر سۆزنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ناگا ـ ماياچە مەناسىنى يېزىپ قويدۇم. ئاددى سېلىشتۇرۇش بابىلونىيەدە ناگا ـ مايا تىلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدىكى مېنىڭ خۇلاسەمنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

**قەدىمكى بابىلون ئىمپېرىيەسى،** تارىخ تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشاش نازۇك نەرسە ئەمەس، تەبىئىي پەن بىلەن كېڭىشىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى قېلىپلاشقان ئۆلچەم بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشلا كېرەك. تارىخ بولسا باشقىچە، ئۇ بارلىق خالىغۇچىلار بىلەن ئوچۇق پاراڭلىشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق ياخشى كۇتۇپخانىدا سۆھبەتلىشىش مۇمكىن. تارىختا بايان قىلىنىشىچە، دەسلەپكى ياكى قەدىمكى بابىلون ئىمپېرىيەسى «كېلىپ چىقىشى نامەلۇم بولغان، بابىلونغا شىمالدىن ېبسىپ كىرگەن سېمىت خەلقى تەرىپىدىن

قۇرۇلغان». بۇ بايان قىسمەن توغرا. چۈنكى شىمالدىن كەلگەن سېمىت خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھېچقانداق سىر ئەمەس، بۇ ئادەملەر دەسلەپكى ۋەتەن مۇ قۇرۇقلۇقىنى تاشلاپ، ھە دىگەندە يۇكاتانغا ئورۇنلاشقان ۋە ئۆز شەھرىنى زافىيا دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىرىنى ھازىرمۇ ئۇشىمالدىن بىر نەچچە مىل يىراقلىقتا كۆرۈش مۇمكىن. سېمىتلارنىڭ بىر قىسمى زافىيادىن قوزغۇلۇپ شەرققە قاراپ يول ئالدۇ ۋە كاۋكاز تۈزلەڭلىكىدە ھەم كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئۆز ماكانلىرىنى قۇردۇ. بۇ كىچىك ئاسىيانىڭ چېگراسى، دەل مۇشۇ يەردە تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان ئارارات تېغى بار. ئۇنىڭ ئاجايىپ چوققىسى ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىكلەردىن 15 ـ 16مىڭ فۇت كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. مىسىرلىقلار بۇ مەملىكەتنى زافىيا دەپ ئاتىغان. كۆچمەنلەر ئاۋۇغاندا ئۆز تەۋەسىنى جەنۇپ تەرەپكە كېڭەيتىدۇ. ئاككادلار بىلەن سۇمېرلارنى ئىشغال قىلغانلار كاۋكازنىڭ سېمىتلار يۇرتىدىن كەلگەن. قەدىمكى بابىلون ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاھالىسى يالغۇز سېمىتلاردىنلا شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئاككادلار بىلەن سۇمېرلاردىن تەركىپ تاپقان.

**ئاسسىرىيە بابىلونىيەسى**، ئاسسىرىيەلىكلەرمۇ كاۋكاز ياكى زافىيا ئاھالىسى بولغان سېمىتلارنىڭ بىر قىسمى. ئۇلار ئۆز نامىنى ئۆزلىرى ياشىغان يەردىن ئالغان. ئاسسىرىيە تىگىر دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمى بىلەن زاگروس تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قەدىمكى دەۋىردە ئاسسىرىيە بابىلونىيەگە بېقىندىلىقتا بولغان. ئاسسىرىيەلىكلەرنىڭ جەڭگىۋار روھى ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن بابىلونلار زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشىغا، ئاندىن خوشنا ئەللەرنىڭ يەرلىرىنى پەيدىن ـ پەي ئىشغال قىلىپ، ئاخىرى پۈتكۈل بابىلونىيەگە ھوكۇمرانلىق قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

قۇدرەتلىك ئاسسىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى، بابىلون ئىمپېرىيەسىنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما بابىلونلۇقلارغا مۇستەقىللىقىنى IX ـ ئەسىرگىچە نىسپى ھالدا ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولدى. ئېيتماقچى، جەڭگىۋار، تەكەببۇر ۋە مەغرۇر ئاسسىرىيەلىكلەرگە

ئۇزاق ۋاقىت ئىشغالىيەتچى بولۇش نىسىپ بولمىدى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 625-يىلى ئىمپېرىيە مىدىيانلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا مەغلۇپ بولدى.

**مىدىيانلار بىلەن پارسلار**، **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي- جەنۇبىدا تاغلار ھاسىل بولغاندىن كېيىن،ئامان قالغان **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىمپېرىيە ھالاك بولۇپ سەككىز-ئون مىڭ يىلدىن كېيىن تەنتەنىلىك رەۋىشتە تارىخى سەھنىگە چىقتى. بۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق جامائەلەر ئۆسۈپ مۇستەھكەملەندى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ، شارايىتى ئېغىر تاغ ئېتەكلىرى ئۇلارنى باقالمايدىغان ھالەتكە كەلگەندە، **ئۇيغۇر** خەلقىگە يېڭى ماكان ئىزدەشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن **ئۇيغۇرلار** شارايىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان تۈزلەڭلىكلەرگە ئاممىۋى تۈردە كۆچۈشكە باشلايدۇ. بۇ كۆچۈش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-1500-يىللىرى يۈز بەرگەن.

**ئۇيغۇر** خەلقى داۋانلار ئارقىلىق تۈزلەڭلىكلەرگە يول ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغلاردىكى ماكانلىرىنى تۆرت توركۇم بولۇپ تاشلاپ كەتكەن. يازمىلارغا قارىغاندا، تاغلاردىن بىرىنچى بولۇپ ھىندىقۇش تاغلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار چۈشكەن. ئۇلار ھىندىستانغا ئىككى يول ئارقىلىق كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئافغانىستان ۋە خايبىر ئۆتكىلى ئارقىلىق چۈشكەن، قالغانلىرى بولسا كەشمىر ئارقىلىق پەنجاپقا كەلگەن. بۇ كۆچۈش مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-1800-يىللىرى باشلىنىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500-يىللىرى ئاياقلاشقان.

تەخمىنەن شۇ دەۋىردە، **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ شىمالدىراق ياشىغانلىرى پەس داۋانلار ئارقىلىق ئىران دالاسى بىلەن پارس قولتۇقىنىڭ شەرقى- شىمالى قىرغىقىدىكى رايونلارغا چۈشكەن. بۇ **ئۇيغۇرلار** كېيىنرەك پارسلار دەپ ئاتالدى. بۇ ئىنتايىن چوڭ ئىدىرلىقلار ۋە كەڭ ۋادىلار بىلەن قورشالغان تاغلىق رايوندۇر.

**ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئوگاي ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغا، ئەرمەنىستانىنىڭ ۋە زاگروس تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرگە ئورۇنلاشتى، بۇ يەر مىدىيە دەپ ئاتىلاتتى. بۇ

يەرگە ئىگە بولۇپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار بولسا مىدىيانلار نامىنى ئالدى . ئۇلار تاغدىن چۈشكەندە، بۇ زېمىندا ساكلار دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ياشايتتى، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.

مىدىيانلارمۇ، پارسلارمۇ مۇ قۇرۇقلۇقىدا ياشىغان «ئاخ رايا» قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇرلار ئارقىلىق پەيدا بولغان ئارىيانلاردۇر. مىدىيانلارمۇ، پارسلارمۇ تاغلاردا قامىلىپ قالغان ئاز سانلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەدرىجى كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئىمپېرىيەگە ئايلىنالىدى. ئۇلار يەنىلا تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ ئاسىيادا ۋە ياۋروپادا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ خەلقلەرنىڭ ئىرقى تەئەللۇقلىقى، تىلى ۋە دىنى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىنلا بىر خەلق تۇرسا، باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 600 ـ يىلى مىدىيانلار قۇدرەتلىك تاغ ئىمپېرىيەسىگە ئايلىنىدۇ. پېرسىيە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا مىدىيانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى كىر بولغان، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538 ـ يىلى مىدىيانلارنىڭ ئىمپېراتورى ئاستئاگ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرگەن، نەتىجىدە مىدىيانلار ئىمپېرىيەسى پېرسىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھېساپلانغان مىدىيانلار بىلەن پارسلار ئىمپېرىيە سۈپىتىدە بابىلونىيەنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ زېمىننى ئىشغال قىلىشى،مىڭلىغان يىللار داۋامىدا مەملىكەتنى باشقۇرۇپ كەلگەن سېمىتلار ئۈچۈن ھالاكەتلىك بولدى. بابىلون تەسلىم بولدى ۋە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538 ـ يىلى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېلىندى. پېرسىيە ئىمپېرىيەسى بولسا ئارانلا 227 يىل، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى. بۇ مەزگىل پارسلار ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنى مەخسەت قىلغان زور ئىشغالىيەتچىلىك يۈرۈشىگە ئايلاندى. ئۇلار ئاسىيانىڭ غەربى ۋە غەربى-جەنۇبى رايونلىرىنى ئىشغال قىلدى،

www.uyghurkitap.com



مىسىرغا پات-پات ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئاخىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوماندانلىقى ئاستىدىكى يونانلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ توختاۋسىز يۈرۈشلىرىگە چەك قويۇلمىغىچە، ئۇلار ياۋرۇپاغىمۇ ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان ئىدى. بۇ گرېكلەرنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىمپېرىيەلەرنىڭ يولىنى ئىككىنچى قېتىم توسۇپ قويۇشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار مىلادىدىن 9500 يىل ئىلگىرى ئاتلانتىدا ئىمپېرىيەسىنى مەغلۇپ قىلغان بولسا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331-يىلى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. ھازىرقى پارسلارنىڭ بايرىقىدا قەدىمكى **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيەسىنىڭ رەمزى-ئۇپۇقتىن نۇر چېچىپ كۆتىرىلىۋاتقان قوياش ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ رەمزى پارسلارنى **ئۇيغۇرلار** ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بولغان **مۇ** قۇرۇقلۇقى بىلەن باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

بابىلونىيە تارىختا يەر يۈزىدىكى مەشھۇر يەرلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇ يەردە يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئورۇنلىشىش چەمبىرى بىكىتىلگەن، **مۇ** قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربى يوللىرىنىڭ قوشۇلۇشى دەل مۇشۇ يەردە بولغان. ئاككادلار بىلەن سۇمېرلاردا بىز غەرب يوللىرىنىڭ بىرىنىڭ، **ئۇيغۇرلارنىڭ** ئەۋلاتلىرى بولغان مىدىيانلار بىلەن پارسلاردا غەرب يوللىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. سېمىتلار بىلەن باشقا **مۇ** قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرى يۈرگەن باش شەرقى يولىنىڭ تارمىقىمۇ مۇشۇ يەردە ئاياقلىشىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا ھېچ بىر يېرىدە يوللار بۇنچىلىك كېسىشمىگەن. مەسىلەن، مىسىر بىلەن ياۋرۇپادا پەقەت ئىككىلا يول ئاياقلىشىدۇ.

مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا شەرقنىڭ قەدىمىي ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىشنى مەخسەت قىلمىغانلىقىمنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مەن پەقەت ھەر قايسى دەۋرلەردە، بابىلونىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر خىل خەلقلەرنىڭ ئەسلىدە **مۇ** قۇرۇقلۇقىدىن تارقالغان **ئۇيغۇرلار** ۋە باشقا خەلقلەر ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ **مۇ** قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇندۇم، خالاس.

# 15 - باپ: هەرخىل ماۋزۇلار

**مېكسىكا، ئۇئاخاكا** يېقىندا دوكتور ئالفونسو كاسو، ئۇئاخاكاغا يېقىن يەردىكى قەدىمىي مونتې-ئالبان مەقبەرىسىدىن ئىككى دانە ئالتۇن نىقاب تاپتى. مونتې-ئالبان مەقبەرىسى شوچكالكو پىرامىداسىغا يېقىن جايلاشقان. بۇ نىقابلاردا مۇ قۇرۇقلۇقىدا يۈز بەرگەن ئاپەتلەر ۋە ئۇنىڭ هالاكىتى بىلەن باغلىق بولغان رەمزىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۆۋەندە مەن كىچىك نىقاپتىكى رەمزىلەرنىڭ يەشمىسىنى چۈشەندۈرىمەن.



1. 2. 3. 4. 5. 6. 7.

1. ئۈچ تىك سىزىق— مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ سانلىق رەمزى.
2. قانداقتۇر كۈچ بىلەن يېپىلغان كۆز.
3. ئۇخلاۋاتقان كۆز (ئۆلۈمدىن بىشارەت).
4. كۈچلەر تەرىپىدىن قىسىلغان بۇرۇن.
5. M هەرىپى —مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئېلىپبە رەمزى.
6. هەركىتى تۆۋەنگە قارىتىلغان بىرلەمچى كۈچلەر.
7. ئۇرۇلۇش، چۆكۈپ كېتىش.

بۇ بەلگىلەر، باشنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقىنى رەمزى قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆزى ئۇخلاۋاتقاندا يېپىلغانلىقىنى، ئەندى ئۇنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى توختىغانلىقىنى، چۈنكى قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ئۇنىڭ بۇرنىدا نەپەس ئېلىشىغا يول قويمايۋاتقانلىقىنى، M هەرىپى بولسا ئۇنىڭ ئاغزىنى يېپىپ تۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇننىڭ يېتىشمەسلىكى، مېنىڭ يەنە بىر نىقاپنىڭ يەشمىسىنى چۈشەندۈرۈشمگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. مەن پەقەت شۇنىلا ئېيتالايمەنكى، ئىككىنچى نىقاپ يۇقۇرقىلارنى تېخىمۇ گۈزەل تىلدا ئىپادىلەيدۇ.

مەقبەرە يېنىدا ئۇلۇق پىرامىدانىڭ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى ئىبادەتخانىلار بىلەن قوشۇلۇپ مۇ قۇرۇقلۇقى ئۈچۈن ئورنىتىلغان يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مېنىڭچە بۇ نىقاپلار كاھىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلاردا ياكى پىرامىدا ئالدىدا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە مۇراسىملىرىدا تاقىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا كېرەك. بۇ نىقاپلار ئانچىمۇ قەدىمىي ئەمەس، ئەتىمالىم ئۇلار پىرامىدا قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا،يەنى مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولغاندىن كېيىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى يېقىنقى زامانغا تەئەللۇق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يىللىرى ئاستېكلاردىن خېلىلا قەدىمىي.

**ياپونىيە** شۇنداق بىر رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا مالاي تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئايرىم ئاراللىرىغا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە ياشىغان كىچى-مايا قەبىلىسىنىڭ كۆچمەنلىرى ئورۇنلاشقان،ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كۆچمەنلەر نامەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەرلەرنى تاشلاپ، سەل شىمالغا جايلاشقان باشقا ئاراللارغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ماكانىنى قۇرغان. ئەنە شۇلار ھازىرقى ياپونلارنىڭ ئەجداتلىرى، دېيىلگەن.مەن ياپونلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلاردىمۇ بۇ ھەقتە رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم.ئۇلار يۇقىرىقى رىۋايەتتىن سەل پەرقلەنسىمۇ، ئاساسى جەھەتتىن ئوخشايدۇ.





**ياپونىيە بايرىقى        مۇ-قوياش ئىمپېرىيەسى**

ياپونلار دەسلەپ ياپونىيەگە كەلگەندە، ئۇلار يەر يۈزىدىكى تۇنجى مەدەنىيەتنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىنغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ھازىرقى ئەۋلاتقىچە ساقلاپ كەلدى ۋە يېقىنقى يىللاردىلا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھازىر بارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى دەرىجىدە زامانىۋىلىققا ئېرىشكەن سەييارىنىڭ يېتەكچى خەلقلىرى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئەللىك-ئاتمىش يىل ئىچىدە بارلىققا كەلگەن.

ئەگەر بىزگە ياپونىيەنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن بولغاندا، ئۇ چاغدا بىز ئون بەش مىڭ يىل ئىلگىرىكى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالىتىنى كۆرگەن بولار ئىدۇق.

ياپونىيەنىڭ ھازىرقى بايرىقى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن كەلگەن. بۇ، قوياش ئىمپېرىيەسى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ رەمزى. بۇ بايراقتىن تاشقىرى ياپونلاردا يەنە دەسلەپكى ۋەتەنىنىڭ كۆپلىگەن دىنىي كۆز قاراشلىرى ۋە رەمزلىرى بار. دەسلەپكى مەدەنىيەت بىلەن ئۇلارنى كۆپلىگەن ئۆرپ-ئادەتلەر باغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

خېلى مەلۇماتلىق كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ياپونلار مۇڭغۇللارنىڭ نەسلى دېگەن كۆز قاراش ناھايىتى كەڭ تارقالغان، بۇ توغرا ئەمەس. ياپونلار مۇڭغۇللاردىن خۇددى ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن پەرق قىلغاندەكلا پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئەسلىدىكى ۋەتەنىنىڭ ئاق تەنلىك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان كىچې-مايالاردىن كېلىپ چىققان. ھازىرقى ياپون تىلىنىڭ 40%تىنى كىچې-مايا تىلىنىڭ سۆزلىرى تەشكىل قىلىدۇ.

**سەيلون**، سەيلون ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى كامورىن تۇمشۇغىنىڭ جەنۇبىغا يېقىن جايلاشقان ئانچە چوڭ بولمىغان ئارال. ئۇ ناھايىتى گۈزەل بولغاچقا، «ھىندىستاننىڭ ماگلىيىدىكى مەرۋايىت» دېگەن نامنى ئالغان.

www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان سىنگاللىرىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئانچە كۆپ بولمىدى، ئۇلارنىڭ يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغاندا،ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانۇرادخاپوردىكى دەسلەپكى پايتەختىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250-200-يىللىرى ئەتراپىدا سالغان. مەن ئۇلارنىڭ سەيلونغا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يازما مەنبەلەرنى تاپالمىدىم، مەنبەلەردە پەقەت ئۇلارنىڭ كېمىلەردە ئۈزۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر قىلىنىدۇ،خالاس.

سىنگال تىلىنى شەرقنىڭ ئىتالىيان تىلى دېيىشكە بولىدۇ،بۇ تىلدا يۇمشاق، مۇزىكىلىق، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان ۋە ئاياقلىشىدىغان سۆزلەر كۆپ.سىنگال تىلىدا ھەر قانداق تىلدىكىگە قارىغاندا، ئەسلىدىكى ۋەتەن تىلىنىڭ سۆزلىرى ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان. ھازىرقى سىنگاللىقلار شۈبھىسىزكى، ئاق تەنلىك قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى. ئۇلار ئارىيانلار ئەمەس، ھىندوئارىيانلاردىن ئۇلارنى قارا تەنلىك تامىللار ياشايدىغان ھىندىستاننىڭ جەنۇبى ۋىلايەتلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. مەن شەرقنىڭ ھېچ قانداق يېرىدىن، مەيلى مالاي تاقىم ئاراللىرىدا ياكى جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرىدا بولسۇن، سىنگال تىلىغا يېقىن كېلىدىغان بىرەر تىلنى بايقىمىدىم. بۇ تىل يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان، ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى سەيلونغا كەلگەن سىنگاللارمۇ ناھايىتى مەدەنىيەتلىك خەلق بولغان. ئارال تولىمۇ قولايلىق يەرگە جايلاشقان ،يەرلىرى ناھايىتى ھوسۇلدار. ئەگەر سىنگاللار كەلگىچە بۇ يەردە ھېچ كىم ياشىمىغان بولسا، ئۇنداقتا پەقەتلا تار قولتۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان تامىللار نېمىشقا بۇ زېمىننى ئىگەللىمىگەن؟ سىنگاللار ناگا-مايالارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنىڭ، دەريالىرىنىڭ ۋە باشقىلىرىنىڭ نامى ئاساسەن ناگا-مايا تىلىدا قويۇلغان.سىنگاللار ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى ئانۇرادخاپۇرنى ئارالنىڭ شىمالى قىسمىغا سالغان. لېكىن، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەھەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، گۈزەل ئاياللارنى ئەسىرگە ئېلىپ كېتىدىغان، ھىندىستاننىڭ

جەنۇبىدىكى تامىل باندىتلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىدىن بۇ يەردىكى خاتىرجەم ھاياتقا چەك قويۇلغان. ھۇجۇملار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋەرگەنلىكتىن، سىنگاللىقلارغا ئارالغا ئىچكىرلەپ كىرىشكە ۋە يېڭى شەھەر قۇرۇشقا توغرا كەلگەن. لېكىن بۇ يەردىمۇ تىنچلىق ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىغان، تامىللار يەنە ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، شەھەرنى بۇلاپ، ياش قىزلارنى ئېلىپ كەتكەن. سىنگاللار ئامالسىزلىقتىن يەنە بىر قېتىم كۆچۈپ تاققا ئورۇنلاشقان ۋە ئاخىرقى ھېساپتا تامىللارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلغان. سىنگاللار بۇ يەرگە يېڭى شەھەر قۇرۇپ،شەھەرگە چاندى دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ئىنگىلىزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغىچە ئارالنىڭ تاغلىق قىسمىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنلىرى بولۇپ تۇرغان.

سىنگاللار ئەزەلدىنلا ئەڭ سادىق بۇددىستلاردىن ئىدى. دەسلەپكى تەلىماتلارغا قەتئىي ئەمەل قىلاتتى، ھېچ قانداق يېڭىلىقلارغا يول قويمايتتى.چاندى ھازىر كاندى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ يەردە كۆرۈنۈشى ئاددى، ئەمما نادىر بىر ئىبادەتخانا بار.

**شەرقي ئافرىقا**، شەرقى ئافرىقىنىڭ قەدىمىي تارىخى سىرلىق پېتىچە قېلىۋاتىدۇ، ئۇنى تېخى ھېچ كىم ئاچقىنى يوق. ئەگەر ئۇۋچىلار بىلەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىدىغان بولساق، ئۇ يەر ئارخېئولوگلار ئۇچۇن كەڭ پائالىيەت سورۇنىغا ئايلىنىدۇ. ھىندىستاندا مەن شەرقى ئافرىقىغا كېمىلەردە ئۈزۈپ كەتكەن ناگا ـ مايالار ھەققىدىكى خاتىرىنى تاپتىم. ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا، يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ جەنۇبى تەرىپىگە كەتكەن.لېكىن پۇختا ئاساس بولغىدەك ھېچ قانداق تەپسىلات يوق. مۇ قۇرۇقلۇقى كۆچمەنلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ۋاقتىدىكى ھالەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھىندىستاندىن ئافرىقا قىرغاقلىرىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن جەنۇپ ۋە شىمالغا سىلجىماسلىقى تامامەن مۇمكىن ئەمەستەك كۆرىنىدۇ.

ساياھەتچىلەر بەزىدە قىزىقارلىق تېپىلمىلار ھەققىدە ھېكايە قىلىشىدۇ، شۇنداق ھېكايىلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى زانزىباردىن 400 مىل يىراقلىقتا جايلاشقان كىلۋا دېگەن يەردە دولقۇنلارنىڭ ھەركىتىدىن ھاسىل بولغان يار بار. بۇ يارنىڭ ئۈستىدە پارىسلارنىڭ مەقبەرىلىرى بار، بۇ مەقبەرىلەردىكى يېزىقلارغا قارىغاندا، بۇلارغا يەتتە يۈز يىل بولغان. بۇ مەقبەرىلەرنىڭ ئاستىدا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ قاتلىمى بار. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرلۇقتا بولسا تامامەن يىراق قەدىمىي دەۋرلەردە سېلىنغان تېخىمۇ بۇرۇنقى شەھەرنىڭ قالدۇقلىرى بايقىلىدۇ. ئەڭ تۆۋەنكى شەھەر خارابىسىدىن يېقىندا بۇ يەرلەردە ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان سىرلانغان ساپال قاچىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان».

بۇ ماقالا تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ پارچە خاتىرىنىڭ بىرى. ئەپسۇسكى بۇلارنىڭ بىرىدىمۇ شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرغان جىسىملار ھەققىدە ياكى ھېچ بولمىغاندا گېئولوگىيەلىك تۈزۈلمە توغرىلىق ھېچ نەرسە ئېيتىلمايدۇ. كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقلارنى تولدۇرغان جىسىملارنىڭ خاراكتېرى بۇ شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنغان ۋاقتى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن فىنكىلارنىڭ ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا سودا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يازما مەنبەلەرنى تاپتىم، بۇنىڭدىن بۇ دىياردا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. يەر شارىنىڭ بىر-بىرىدىن ناھايىتى يىراق بۆلۈكلىرىدە بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى كۆمۈلگەن ئۈچ قەدىمىي شەھەرنىڭ بايقىلىشى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ھادىسە. بۇ مەدەنىيەتلەرنى ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرىنىڭ زامانداشلىرى دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن يىراق ئۆتمۈشتە ئىنسانىيەتنى ئاساسەن دېگۈدەك ھالاك قىلغان ئۈچ قېتىملىق غايەت زور يەر تەۋرەشنى باشتىن كەچۈرگەنمىكىن؟

ئوقۇرمەن شۇنى چۈشىنىشلىشى كېرەككى، مەن شەرقى ئافرىقا توغرىلىق ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى ساياھەتچىلەرنىڭ ھېكايىلىرىغا ئاساسلانغان، بۇلارنىڭ قانچىلىك چىنلىقىقا ئويغۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.ئېيتماقچى بولغىنىم، مەن قانچىگە سېتىۋالغان بولسام ،شۇنچىگە سېتىۋاتىمەن.

يېڭى زېلاندىيە ئالىملار يېڭى زېلاندىيەنىڭ يەرلىك خەلقى مائورىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر پىكىردە ئەمەس.بۇ مەسىلە بويىچە مېنىڭ خۇلاسەم،يېڭى زېلاندىيە قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ يىراقتىكى كىچىككىنە بىر مۇستەقىل تارمىقى بولغان. يېڭى زېلاندىيە مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربى-جەنۇبىدىن تەخمىنەن مىڭ مىل يىراقلىقىقا جايلاشقان.ئەگەر مۇ قۇرۇقلۇقى كېمىلىرىنىڭ «غەربى دېڭىزلاردىن شەرقى دېڭىزلارغىچە، جەنۇبى دېڭىزلاردىن شىمالى دېڭىزلارغىچە ئوكيانلاردا ئۈزۈپ يۈرگەن»لىكىنى ئەسكە ئالساق، بۇ ئانچىلا يىراق مۇسايە ئەمەس. مەنبەلەرگە قارىغاندا، يېڭى زېلاندىيەگە كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىغان،لېكىن ئۇلار ناھايىتى تەدبىرلىك بولغان.ئۆزلىرىنىڭ ئاز سانلىقلىقىدىن ئۇلار سەنئەت،ئىلىم- پەن ياكى سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئورنىغا ئاساسەن دېھقانچىلىق قىلىشقان.

باشقا كۆچمەنلەرگە ئوخشاش، ئۇلار ھەر خىل بۇيۇملار بىلەن ماتېرىياللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىن ئالاتتى. مۇ قۇرۇقلۇقى ۋەيران بولۇپ سۇغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭى زېلاندىيەلىكلەر ئېگىلىكنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يېڭى زېلاندىيە تەبىئى بايلىقلارغا باي زېمىن بولغاچقا كۆچمەنلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئانچە قىيىن بولمىدى.شۇڭلاشقا مائورى جامائەسى تىنچ ئوكياننىڭ تاقىر تاشلىق ئاراللىرىدا تەنھا قالغانلارغا ئوخشاش ياۋايىلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالمىدى.

مائورىلار ئاق تەنلىك پولىنېزىيە ئىرقىغا مەنسۇپ.ئو .بىرايېننىڭ يېزىشىچە، ھازىرقى پولىنېزىيەنىڭ كىلاسسىك تىلى مائورى تىلى بولۇپ

ھېساپلىنىدۇ. ئۇ مائورىلار يېڭى زېلاندىيەگە پولىنېزىيە ئاراللىرىدىن كەلگەن، پولىنېزىيەگە بولسا ئاسىيادىن كەلگەن ،دىگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە بولغاندا ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى توغرا ئەمەس. مەن يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، مائورىلارنىڭ يېڭى زېلاندىيەگە مۇ قۇرۇقلۇقى ھالاك بولۇشتىن بۇرۇن كەلگەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن پاكىتلار بار. بىرىنچىدىن، مائورىلاردا تىنىچ ئوكيان ئاراللىرىنىڭ ھېچ قايسىدىن تېپىلمىغان ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئۆتمۈشى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى بار. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقىدىن قوبۇل قىلغان دىققەتكە سازاۋەر رەمزلىرى بار، بۇ رەمزلەرمۇ پولىنېزىيەنىڭ ھېچ بىر يېرىدىن تېپىلمىغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدىكى، مائورىلار يېڭى زېلاندىيەگە بىۋاسىتە مۇ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن.

1770 - يىلى يەر شارى بويىچە ساياھەت قىلغان دېڭىزچى كاپىتان كۇكنىڭ كېمە خاتىرىسىدە مۇنداق جۈملىلەر بار:

«ئۇلار (مائورىلار) ئىلگىرى يېڭى زېلاندىيەدە ياشىمىغان، كۆپلىگەن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۇلار بۇ يەرگە خىۋايىستىن كەلگەن». خىۋايىس دىگەن بۇ نامنى جەنۇبى دېڭىزنىڭ قانداقتۇر بىر ئاراللىرى ياكى مالاي تاقىم ئاراللىرى بىلەن باغلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. بەلكىم ئىلگىرى مۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ مائورىلار ياشىغان قىسمى شۇنداق دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن كاپىتان كۇكنىڭ كېمە خاتىرىسىدىن باشقا بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. خاتىرىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇلار بىر ئالىي ئىلاھقا ۋە بىر نەچچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلاھلارغا ئېتائەت قىلىدۇ. بۇ ئادەملەر جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ تەنلىرىنى، ئادەم گۆشىنى يەيدىغانلار».

كاپىتان كۇكنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلاھلار دىگىنى بەلكىم ياراتقۇچىنىڭ ھەر خىل سۈپەتلىرىگە قارىتىلغان بولسا كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدىكى ئاق تەنلىك ئىرقىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان يېڭى زېلاندىيە مائورىلىرى ئۆز ئۈستىگە كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىق ۋە سىناقلارنى مۇناسىپ ھالدا يېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ

ئۇلۇق ئەجداتلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمىدى. ئۇلارغا ھايات كۆچۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارالغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەنبەسى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھالاك بولۇشى، ئۇلارنى پەقەتلا ئۆز قوللىرىغا ۋە يەرگە تايىنىشقا مەجبۇرلىدى. بۇ يوقۇتۇش ئۇلارنىڭ ئەيىۋى ئەمەس، بەلكى ئاپەتتى بولغان ئىدى. دەھشەتلىك زەربىگە قارىماي، ئۆتكەن مىڭلىغان يىللار ئۇلارنىڭ ھەقىقى مەدەنىيىتىنى تولۇق يوقۇتۇۋېتەلمىدى، ئۇلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ئادەملىرى ھېچ ياققا كەتمىدى. بەلكى ئىنگىلىزلاردىن يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، مائورىلار مائارىپتا ۋە دۇنيانىڭ ئەڭ بىلىملىك ھەمدە مەدەنىيەتلىك خەلقلىرى قاتارىغا كىرىشتە چوڭ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

مائورىلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلاتلىرى ئۆز خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي ئەھۋالدا قانداق بولغانلىقىنى ئۇنتۇغىنى يوق. ھازىر ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بىلىملىك بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ھەر خىل كەسىپلەرنى ئىگەللىدى ۋە يېڭى زىلاندىيە ھۆكۈمىتىدە چوڭ خىزمەتلەردە ئىشلەيدۇ. ئەنگىلىيە پەخىرلىنىش بىلەن مائورىلارنى ئۆز پەرزەنتلىرى قاتارىدا ھۆرمەتلەيدۇ.چۈنكى ئىنگىلىزلارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئۇلار زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. مائورىلارنىڭ يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى نۆۋەتتىكى باسقۇچ دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنىدە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا قوبۇل قىلىپ بولغان.مائورىلارنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ كۆپ مىڭلىغان يىللىق ئەسىردىن ئازات بولۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنى ئىنتايىن ئۇزاق داۋام قىلغان ئۇيقىدىن كېيىنكى ئويغىنىش دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

مائورىلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈز مىڭلىغان يىللار داۋاملاشقان ياۋايىلىقتىن كېيىن بەرپا بولغانلىقى ھەققىدىكى ھازىرقى ئىلمى نەزەرىيەلەرنىڭ خاتا،ئاساسسىز ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر. ياۋايىلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلالمايدۇ، بەلكى بارغانسىرى

تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدۇ. قاچانكى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشقاندىلا ياۋايىلىقنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگۈرۈش يۈز بېرىپ، ياۋايىلىق ئېلېمېنتلىرى يوقۇلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ياۋايىلىق تېخىمۇ ئەشەددىيلىككە يۈزلىنىدۇ.

تىل، رىۋايەت، مۇقەددەس رەمزىلەر، تۇتېم تۈۋرۈكلىرى- مانا بۇلار مائورىلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يارقىن ئىسپاتىدۇر. مائورىلارنىڭ رىۋايەتلىرى پەۋقۇللادە قىزىقارلىق، مەسىلەن ئۇلاردا ھابىل بىلەن قابىلنىڭ رىۋايىتى كەڭ تارقالغان.

# 16 - باپ: رىشى ئاقساقال بىلەن سۆھبەت

«بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ پىشقەدەم كاھىنىڭىز ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز» - مەن «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» ناملىق كىتاۋىمنىڭ ئوقۇرمەنلىرىدىن ئەنە شۇنداق ئىلتىماسلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئېمىنى سۆزلەپ بېرىش مۇمكىن؟

ئۇ چاغدا مەن تېخى ياش ئىدىم، ئاقساقال رىشى بولسا ئۇ ياكى بۇ سەۋەپتىن مىنى يېقىن كۆرۈپ قالغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ماڭا قەدىمىي مەتىنلەرنى ۋە يېزىقلارنى قانداق ئۆگىنىشلىشنى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئىش ھەر ئىككىمىزنىڭ ئىشتىياقى ئىدى.

مەن ئەتەي ئۆگىنىۋىلىش ئىبارىسىنى قوللاندىم، چۈنكى خوشلاشقىنىمىزدا رىشى ئاقساقال ماڭا مۇنداق دىگەن ئىدى:

**«ئوغلۇم، دۇنيانى كەز ۋە تەبىئەت تەرىپىدىن يېزىلغانلارنى ئۆگەن، تەبىئەت ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇق مەكتەپ، تەبىئەتتىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر كۆپ، تەبىئەت نەزەرىيە سۆزلىمەيدۇ، ئالدىمايدۇ. تەبىئەت - بۇ ساختىلىق ئارىلاشمىغان ھەقىقەتتۇر. ئوگغۇل - دوگغۇل ۋە شامالاردا ئۇپراپ كەتكەن ھەر بىر تاشنىڭ يۈزىدە ئۇنىڭ تارىخى يېزىلغان، بۇ تارىخلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر. ھەربىر تال گىيا، دەرەخ ۋە چاتقالنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىقىنىڭ پىچىرلىشىنى قۇلىقى بارلار ئاڭلىيالايدۇ. سەن مەندىن قەدىمىي مەتىنلەرنى، يېزىقلارنى ۋە رەمزىلەرنى ئوقۇش جەھەتتە ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگەندىڭ، لېكىن بۇ پەقەت ئىشىنىڭ باشلىنىشى، بۇ سەن ئۆگىنىۋاتقان ئېلىپبەنىڭ دەسلەپكى ھەرىپلىرى، بۇ پەقەت بىلىم غەزىنىسىگە ئېلىپ بارىدىغان دەرۋازا».**

مەن بولسام ئالىم بولدۇم دەپ ئۆزەمدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈپتىمەن!

مەن پەقەت ئىككىمىزنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان مۇئامىلىمىزنىڭ مەندە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن، مەن ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن

ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا خاتىرىلىۋالغان ئىدىم. مەن ئۆز خاتىرەمگە «ئاقساقال رىشى بىلەن سۆھبەت» دەپ ماۋزۇ قويدۇم.

**ئىنساننىڭ ئىلاھى كۈچى**، يارىتىشنىڭ يەتتىنچى ئەمرىدە ئىنساننىڭ دۇنيانى باشقۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئالاھىدە ئىستېداتقا ئىگە قىلىنغان، دېيىلگەن. ئىلاھى كۈچ ياكى ئەقلى قۇدرەت بۇ ئىستېداتنىڭ بىر قىسمى، شۇڭلاشقا ئىنسان ياراتقۇچىنىڭ نۇسخىسى شەكلىدە يارىتىلغان. ئەسلىدە ئىلاھى كۈچ ئىنسانغا ئۆز دائىرىسىدىكى ئاددى جىسىملارنىلا ئەمەس بەلكى، يەر كۈچلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ بېرىلگەن، ئەمما ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن ئۇلۇق ئىلاھى كۈچنى قانداق نازارەت قىلىش ۋە قوللىنىشقا ئۆگىتىلگەندىلا يەر كۈچلىرىنى باشقۇرالىشى مۇمكىن. يەر كۈچلىرىنىڭ باشقۇرۇشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مەن ئۇلارنىڭ ھەركىتى ھەمدە نىسبىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىم لازىم.

ئوقۇرمەن مېنىڭ ئىلمى لېكسىيە ئەمەس، بەلكى يەتمىش مىڭ يىل بۇرۇنقى مەنبەلەردىن ئېلىنغانلارنى بايان قىلىۋاتقانلىقىمنى ئىناۋەتكە ئېلىشى لازىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ھازىرقى ئالىملارنىڭ ئەڭ ئاتاقلىقلىرىغا مەلۇم بولغانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەقىقى پەندۇر. بۇ مەتىنلەر شۇنچىلىك ئاددى تىلدا يېزىلغانكى، ئۇلارنى ھەر قانداق ئوقۇغۇچى چۈشىنەلەيدۇ. قەدىمكىلەر ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى يوشۇرىدىغان ۋە تىڭشىغۇچىلارنى تومانلىق ئىبارىلەر بىلەن قايمۇقتۇرىدىغان ساختىلىقلاردىن خالى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىمە توغرىلىق سۆزلەۋاتقانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ياخشى چۈشىنەتتى، شۇڭلاشقا قۇۋلۇق-شۇملۇقلارغا ھەم ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇلار بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ.

بارلىق كۈچلەر تەۋرىنىدىغان خاراكتىرگە ئىگە. بەزى كۈچلەردە يۇقۇرى تېزلىكلىك تەۋرىنىش، بەزىلىرىدە تۆۋەن تېزلىكلىك بولىدۇ. تۆۋەن تېزلىكلىك تەۋرىنىش ئەگەردە يۇقۇرى تېزلىكلىك تەۋرىنىشكە قارشى ھەركەت قىلسا، ئۇنى توختىتىدۇ ياكى قايتۇرىدۇ. بەزى ھادىسىلەردە ئاقساقال رىشىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىرسى بىرسىدىن

ئۈستۈن كېلىدۇ. يەردىكى كۈچلەرنىڭ تەۋرىنىشى ئاتموسفېرادا دولقۇنلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تەۋرىنىشلەرنىڭ بەزىلىرى ماھىيەتلىك يەنى، ئاتموسفېرادىكى تۇتۇۋېلىش مۇمكىن بولمىغان دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىدۇ. كۈچ دولقۇنلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلەن تېزلىكى ئۇ ياكى بۇ كۈچنىڭ دەسلەپكى تەۋرىنىشلىرى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئىلاھى كۈچ دولقۇنلىرى ماھىيەتلىك بولىدۇ، ئادەم تەۋرىنىشكە قادىر،ئۇنىڭ تېزلىكى ھەر قانداق يەر كۈچلىرىدىن يۇقىرى، دېمەك، ئەگەر ئىنسان ئۆز كۈچىنى باشقۇرۇشنى بىلسە، ئۇ چاغدا ھەر قانداق باشقا كۈچنى توساش ياكى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن. تۇۋەندە مەن رىشى ئاقساقالنىڭ بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا مېنىڭ سوئاللىرىمغا بەرگەن جاۋاپلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

**تارتىش كۈچى**، ھازىر بىزگە تارتىش كۈچى نامى بىلەن مەلۇم بولغىنى يېڭىش ۋە باستۇرۇش ھەققىدىكى پەن بولۇپ، قەدىمكى زاماندا سوغۇق ماگنېتىكىلىق كۈچ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يۈز مىڭ يىل ئىلگىرىمۇ قوللىنىلغان. مەن رىشى ئاقساقالغا ھاۋادا ئۇچۇشنى بىلىدىغان ئافرىقىنىڭ ھەمدە تېنچ ئوكياننىڭ ياۋايىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

«شۇنداق ئوغلۇم، سىلەر تارتىش كۈچى دەپ ئاتايدىغان نەرسە، ئىنسان ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. ئىنساننىڭ تەۋرىنىشلىرى سوغۇق ماگنېتىكىلىق كۈچنى يېڭىشى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتىنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ئادەمگە يەردىن قوزغىلىپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان بىردىن ـ بىر كۈچ. ئەگەر سوغۇق ماگنېتىكىلىق كۈچ يوقىتىلسا، سالماقتا ئىگە بولمىغان ئادەم بەدىنىگە ھاۋاغا كۆتۈرۈلىشكە ۋە ئۇچۇشقا ھېچ نەرسە كاشىلا بولالمايدۇ. ئادەم سۇدا خۇددى يەردە ماڭغاندەك مېڭىشى مۇمكىن. ئىنسانغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سوغۇق ماگنېتىكىلىق كۈچنىڭ ئۆلچىمى سالماق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يەردە ئىنسان بەدىنىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ماگنېتىكىلىق كۈچ بولمىسا، ئىنساندا ھېچ قانداق سالماق بولمايدۇ. ئالەم جىسىملىرىمۇ بوشلۇقتا ھېچ قانداق سالماقتا ئىگە ئەمەس. سىلەرنىڭ

تەۋراتىگلاردا بايان قىلىنىشىچە،ئەيسا پەيغەمبەر ناھايىتى زور ئىقتىدىن مېگىپ ئۆتۈپ، رۇشەن ئۆلگە كۆرسەتكەن ئىكەن.ئەيسا پەيغەمبەر دەل بۇنىڭدىن يۈز مىڭ يىل ئىلگىرى يەر يۈزىدە بارلىققا ئۆلۈق مەدەنىيەت دەۋرىدە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ياراتقان بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە شۇ بىلىملەرگە تايىنىپ، سۈدىن ئۆتكەن. ئوغلۇم،دۇنيادا ئاخىر زامان بولغىچە بىز يەنە بۇ قەدىمىي كائىنات كۈچلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇلارسىز ئىنسانىنىڭ مۇكەممەللىككە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان ئۈچۈن ئاخىر زامان بولغىچە مۇكەممەللىكنى ئىگەللەش ۋاجىپتۇر».

مەن ماۋزۇدىن سەل چەتنەپ،ئەيسا پەيغەمبەر ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆز پائالىيىتىنى باشلاشتىن بۇرۇن نىمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى بىلىپ قويۇش ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىزىقارلىق بولسا كېرەك. ھىندىستاندا ۋە تىبەتتە ئەيسا پەيغەمبەر توغرىلىق بايان قىلىدىغان يىلنامىلار ساقلىنىۋاتقان بىر نەچچە مۇناستىر بار.ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە شەرق رىۋايىتىدىمۇ ئەيسا پەيغەمبەر ھەققىدە بايانلار بار. بۇ يازمىلاردىكى دىققەتكە سازاۋەر بىر ۋەقە مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن كۆرگەن يازما مەنبەلەرنىڭ بىرىدىمۇ ھەتتا رىۋايەتلەرنىڭ بىرەرسىدىمۇ ئۇ ئەيسا دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى بارلىق يازمىلاردا ئۇنى ئىسۇس دەپ ياكى بۇ ئىسىمنىڭ شەرقتىكى مەناداش نامى بىلەن ئاتايدۇ.

كەشمىرنىڭ لېخ شەھىرى يېنىدىكى خېمىس مۇناستىرىدا ساقلانغان پالى تىلىدىكى بۇ ھۆججەت ئەسلى نۇسخا ئەمەس بەلكى كۆچۈرمىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئەسىر بولغان بولسا كېرەك. بۇ يازمىدا «ئىسۇس (ئەيسا) ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، دەسلەپتە مىسىرغا يول ئالىدۇ، بۇ يەردە ئۇ ئىككى يىل داۋامىدا ئوسىرىسنىڭ قەدىمىي دىنىنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن ئۇ مىسىردىن ھىندىستانغا يول ئالىدۇ،بۇ يەردە ئۇ كۆپلىگەن شەھەرلەردە، شۇ جۈملىدىن بېنارېس بىلەن لاھوردا گائۇتاما بۇددىنىڭ تەلىماتىنى ئۆگىنىدۇ.شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھىمالايا مۇناستىرىغا ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئون ئىككى يىل داۋامىدا مۇ

قۇرۇقلۇقنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىنى ۋە دەسلەپكى ۋەتەننىڭ كائىنات پەنلىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇن ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ ئۇستا دەپ ئاتىلىدۇ».

باشقا بىر مۇناستىردىن مەن يەنە بىر يازمىنى تاپتىم، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «ئىسۇس يەر يۈزىدە بولغان ئۇستىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چېنىققان ئۇستا بولۇپ يېتىشتى». هازىر ئەيسانىڭ (ئىسۇس) ئىسمى بۇ مۇناستىردا باشقا ھەر قانداق خىرىستىئان چىركاۋلىرىدىكىگە قارىغاندا چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇنى مۇناخلار ياخشى بىلگەنلىكتىن شۇنداق بولغان. بۇ يازمىدىن باشقا مەن ئەيسا ھەققىدە يەنە بىر رىۋايەتنى ئاڭلىدىم، مۇناستىردىكىلەر ماڭا بۇ رىۋايەتنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. تەخمىنەن 1800-1900يىل ئىلگىرىلا ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقى ۋە ساختىلاشتۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن بۇ رىۋايەت يېزىۋېلىنغان. بۇ رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەيسا ئۆگىنىشنى تاماملاپ مۇناستىردىن كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئەيسا بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشى مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش پەيدا بولىدۇ. ئەيسا مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلاردىكى «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئادەم بەدىنىنى شەكىللەندۇرگەن ماددىلار يەرگە قايتىدۇ، قايتا باشقا شەكىلدە گەۋدىلەنمەيدۇ، پەقەتلا جان ياكى روھ باشقا قىياپەتتە گەۋدىلىنىدۇ» دىگەن تەلىماتنى تەكىتلەيدۇ.ئۇستازلار بولسا،ئادەمنىڭ روھى ۋە بەدىنى باشقا قىياپەتتە گەۋدىلىنىدۇ ۋە ئادەمنىڭ يېڭى بەدىنىدە خۇددى كونا بەدەندىكىگە ئوخشاش زەررىلەر ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ» دەپ تەكىتلەشكەن. مۇناستىردىكىلەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەن تالاش-تارتىش پەيدا قىلغان پۈتۈكچىلەرنى كۆرۈشكە ئىجازەت ئالدىم ۋە تەرجىمە قىلىپ شەرھىلىدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: « ئىنساننىڭ ماددى تېنى ئۆزى كەلگەن ئانا يەرگە قايتىدۇ،ئۇنىڭ روھى بولسا كېيىن باشقا بەدەنلەرنى ھاسىل قىلىدۇ».

ئۇستازلار «باشقا بەدەنلەر» ئىبارىسى ئىنساننىڭ قايتا تۆرەلگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى بەدىنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان. قانداق قىلىپ دىگەن سوئال بۇ ئىبارىنىڭ ماھىيىتىگە باغلىق. ئۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى بەدىنىنى بىلدۈرەمدۇ ياكى جېنى يوق تەبىئىي تەننى بىلدۈرەمدۇ؟

مەن يەنە يۇقۇرقى پۈتۈكچىلەرگە مۇراجەت قىلىپ، ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ شەرھىلىدىم. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: «ئىنساننىڭ روھى ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ، ئىنسان-بۇ ئىلاھى ئۇچقۇن، ئۇ ھۆجەيرىلەردىن ھاسىل قىلىنغان ۋە روھ سىغدۇرۇلغان بەدەنگە ئىگە. بۇ بەدەن روھتىن ئىبارەت ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە بىر-بىرىگە مۇجەسسەملەشكەن ئاددى ھۆجەيرىلەردىن ئىبارەت. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئاددى ھۆجەيرىلەردىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما ئۇپرايدۇ ۋە ئانا يەرگە قايتىدۇ، ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى بولغان روھ بولسا، ياراتقۇچى تەرىپىدىن قايتۇرىۋېلىنىدۇ. ياراتقۇچى مۇۋاپىق دەپ قارىغان چاغدا، يېڭى ئاددى ھۆجەيرىلەر يىغىلىدۇ ۋە روھنى قوبۇل قىلىدىغان يېڭى بەدەن ھاسىل قىلىنىدۇ. ئاددى ھۆجەيرىلەردىن تەركىپ تاپقان بۇ بەدەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە روھتىن ئايرىلىپ، ئانا يەرگە قايتىدۇ. روھ بولسا ئەنە شۇنداق قايتىلىنىۋېرىدۇ، قاچانكى ياراتقۇچى مۇۋاپىق دەپ قارىغان چاغدىلا ئىلاھى مەنبەگە قايتىدۇ».

يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن پۈتۈكچىلەر مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلارنىڭ باشقا قىياپەتتە گەۋدىلىنىشىگە باغلىق بولۇشىغا تەئەللۇق. ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە بارلىق تەپسىلاتلىرىنى زامانىۋى تىلدا ئىپادىلەش پەۋقۇللادە قىيىن بىر ئىش. مەن بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلدى، دەپ داۋا قىلماقچى ئەمەسمەن، مەن ئۆز ۋەزىپەمنى پەقەت ئۇمۇمى مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت، دەپ بىلىمەن. بۇ يەردە مېنى بىرەر نەرسىدە ئەيىپلىگىدەك ئىش يوق. ئەندى پۈتۈكچە تىلىنىڭ نازۇك يەرلىرىگە توختىلىدىغان بولساق، كۆپچىلىكنى مەن كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرەلمىدىم.

ئەيسا بىلەن ئوسىرىسنىڭ تەلىماتلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆپلىگەن يەرلىرىدە سۆزمۇ-سۆز ئوخشاشلىقلار بايقىلىدۇ. بۇ ئەجەپلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر

ئىككىلىسى تۈنجى دىننى دەسلەپكى ۋەتەن مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدا قانداق بايان قىلىنغان بولسا شۇ پېتىچە ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىزنىڭ كائىناتنىكى ياراتقۇچىمىز تەرىپىدىن تاللىۋېلىنغان ۋە ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك مۇكەممەللىككە يېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن.

ئەندى مەن ئاساسى ماۋزۇغا قايتىمەن ۋە ھۆرمەتلىك رىشى ئاقساقالنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دانىشمەنلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان بايانلىرىنى تىڭشايمەن.

**مۇسا پەيغەمبەر ۋە مىسىر كاھىنلىرى**، بىر كۈنى مەن ھۆرمەتلىك دوستۇمنى ۋە ئۇستازىمنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن مۇناستىرغا يول ئالدىم. ئۇ مېنى ئىنتايىن سەمىمى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى ۋە پالما دەرىخى ئاستىدىكى ئىككىمىز دايىم مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا باشلىدى.بىر نەچچە مىنوتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئوغلۇم،مەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۆز تەۋراتىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكىگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. مەسىلەن، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ پىرئەۋىننىڭ ھوزۇرىدا كاھىنلارنى قانداق يەڭگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئالايلى، خىرىستىيانلار بۇ ۋەقەنى تۈزلا چۈشىنىدۇ ۋە مۆجىزە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ، ئەسلىدە مۇسا پەيغەمبەر بىلەن كاھىنلار قەدىمي كائىنات پەنلىرىنى بىلىش ماھارىتى بويىچە بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقە قىلىشقان. بۇنىڭدا مۇسا پەيغەمبەر يېڭىدۇ.ئەگەر مەن ئۇنى ئاممىۋى گىپنوز دېسەم ساڭا چۈشىنىشلىك بولار. مۇسا پەيغەمبەرمۇ،كاھىنلارمۇ ئۆز تەۋرىنىشلىرىنىڭ تېزلىكىنى پىرئەۋىننىڭ ۋە شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ تەۋرىنىش تېزلىكىدىن ئاشۇرۇشنى بىلەتتى. لېكىن مۇسا پەيغەمبەر كاھىنلارغا قارىغاندا ماھارەتتە ئۇستۇن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەۋرىنىشى كاھىنلارنىڭكىدىن تېزرەك بولۇپ چىقتى.مۇسا پەيغەمبەر تەۋرىنىش تېزلىكىنى شۇنداق كۆتەرگەنكى، بۇ چاغدا كاھىنلارمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە

قالغان، دەل شۇ چاغدا ئۇ شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ئاڭ-سىزىمىدا قانداق شەكىللەندۈرگەن بولسا، كاھىنلارنىمۇ ئۇ نەرسىلەرنى شۇنداق كۆرۈشكە مەجبۇرلىدى. مۇسا پەيغەمبەر ئىشنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانكى، پىرئەۋنىنىڭ سارىيىدا تۇرغان ھەممەيلەنگە خۇددى ئۇنىڭ يىلىنى كاھىنلارنىڭ يىلانلىرىنى يۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنگەن. كاھىنلارمۇ، پىرئەۋنمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدە تۇرۇپ، دەل مۇشۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگەن. مۆجىزە دەپ ئاتالمىش بۇ ھادىسە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن كۆرۈنۈشلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس».

رىشى ئاقساقال كۆزلىرىنى قىسىپ، مېيىغىدا كۈلۈپ تۇرۇپ قولۇمنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى: «ئوغلۇم، سەن بۇ ھادىسىلەرنى ئېنىق مىسالىنى كەلتۈرمىگىچە رۇشەن كۆرەلمەيسەن، مەن ساڭا بىر نەرسە كۆرسىتىمەن، سېنىڭ قولۇڭ مېنىڭ قولۇمغا تەككەندە، سېنىڭ تەۋرىنىشىڭ مېنىڭ تەۋرىنىشىمنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ چاغدا سەن ھازىر نىمە ھادىسە يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرىسەن».

بىزدىن بىر نەچچە مېتىر يىراقلىقتا ئىككى نەپەر ئىبادەتخانا خىزمەتچىسى ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى، سەل نېرىراقتا ئاخشام دەرەختىن سۇنۇپ چۈشكەن ئىككى تال شاخ ياتاتتى. خىزمەتچىلەر شاخلارغا يېقىنلاشقاندا، رىشى ئاقساقال «ئەندى ئۇلارغا قارا» دېدى. خىزمەتچىلەر شاخلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئېگىلىشتى ۋە شاخلارنى تۇتۇشى بىلەنلا «يىلان! زەھەرلىك يىلانلار» دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئارقىغا داجىشتى ۋە يىلانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن بامبۇك ياغاچلارنى ئېلىپ كېلىشتى. رىشى ئاقساقال ئۇلارنىڭ بۇ شاخلارنى قانچە ئۇرۇپ-دۇمبالىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ، ئاندىن ئۆز تەۋرىنىشىنى پەسەيتتى. بايىقى يىلان بولۇپ كۆرۈنگەن شاخلار يەنە ئۆز ھالىتىگە كەلدى. خىزمەتچىلەر تاڭ قالغان ئىدى، ئۇلار بىردە قوللىرىدىكى بامبۇك ياغاچقا، بىردە نەچچە پارچە قىلىۋېتىلگەن شاخلارغا قارايتتى.

رىشى ئاقساقال ئۇلارنى چاقىردى ۋە:

«سىلەر نىمە ئىچكەن؟» دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

«بىز بار-يوقى ئىككى يۇتۇمدىلا ھاراق ئىچكەن» دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئۇلار. رىشى ئاقساقال گەپ قىلماي بېشىنى چايقىدى ۋە قاپىقىنى تۈردى. خىزمەتچىلەر يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم قىلىشىپ «ئەندى بىر قېتىمدا بىر يۇتۇمدىن ئارتۇق ھاراق ئىچمەيدىغان» لىقىغا ۋەدە بېرىشىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۈچ مىڭ يىل ئۆتۈپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىبادەتخانا ھويلىسىدا مەن مۇسا پەيغەمبەر، مىسىر كاھىنلىرى ۋە يىلانلار ھەققىدە تەۋراتتا سۆزلەنگەن ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاچىسى بولدۇم.

**پروفېسسور بىلەن يۈز بەرگەن ۋەقە**، بىر كۈنى ئەتىگەندە رىشى ئاقساقال ئىككىمىز ئىبادەتخانا ھويلىسىدىكى ئادەتتىكى ئورنىمىزدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمرالىقىدا ئېگىز بويلۇق، تەكەببۇر بىر ياۋرۇپالىق ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ قەغەزلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ بىللە تۇراتتى. ئۇ بىر كۆزگە تاقىلىدىغان كۆز ئەينىكىنى توغرىلاپ مۇنداق دېدى:

«مەن مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئالىي كاھىنى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كەلدىم، مەندە ئۇنىڭغا يېزىلغان تەۋسىيە خەتلىرى بار. سەن بوۋاي مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولساڭ».

«مەن مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئالىي كاھىنى لاۋازىمىنى ئېگىلەش شەرىپىگە ئىگە» دەپ جاۋاپ بەردى رىشى ئاقساقال.

«مەن ئەنگلىيەدىكى ... ئونىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ياۋرۇپالىق، «مەن قەدىمكى ھىندىستان توغرىلىق كىتاب يېزىۋاتىمەن، ئاڭلىشىمچە سىز ھىندىستان ھەققىدە باشقا ھەر قانداق يەرلىك تۇرغۇندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسىز. مەن سىزنىڭ ماڭا مۇمكىن بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ ... دىن سىزگە يېزىلغان تەۋسىيە خەت» دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ مەكتۇپنى ئۇزىتىپ.

رىشى ئاقساقال خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

«مەن مەمنۇنىيەت بىلەن مۇمكىن بولغان ھەممىنى، يەنى بىزنىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىدا يېزىلغانلارنى سۆزلەپ بېرەمەن». ئۇ خىزمەتچىنى چاقىرىپ ئۇستەل ۋە ئورۇندۇقلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. خىزمەتچىلەر ئۇستەل ئۇستىگە قەغەزلەرنى ۋە ئۇچلانغان قېرىنداشلارنى ئېلىپ كەلدى. پروفېسسور ئۇستەل ئۇستىگە شىلەپىسىنى، ھاسا تايىقىنى ۋە كۇنلۇكىنى قويۇپ، ئورۇندۇققا ئولتۇردى. قەغەزلەرنى ئالدىغا تارتىپ، قېرىنداشنى قولىغا ئالدى ۋە بىر كۆزلۈك كۆز ئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ تەييارلاندى:

«قېنى ئەپەندىم، باشلايلى. مەن سىز بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن تىڭشاشقا تەييار».

«مەن سىزنىڭ ئۆز كەسپىڭىزدە قانچىلىك دەرىجىدە ئالغا كەتكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەنۇ، ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆزىڭىزنى قىزىقتۇرىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئالىڭىزنى بېرىڭ، مەن بىزنىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىدا قانداق يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي» دەپ جاۋاپ بەردى رىشى ئاقساقال.

«ياخشى، ماڭا ... ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز».

«بىزنىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىدا يېزىلىشىچە ... ».

«لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنداق بولغان ئەمەسقۇ.دوكتۇر ئا... ئۆزىنىڭ ھىندىستان ھەققىدىكى كىتاۋىدا يېزىشىچە...» .

«مۇمكىن، ئېھتىمال دوكتۇر ئا... ھەقلىقتۇر، بىزنىڭ ئىبادەتخانا يىلنامىلىرىمىز خاتالىشىۋاتقاندۇر، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن».

«مەن يەنە شۇنى بىلىشنى خالىغان بولار ئىدىم......».

«بىزنىڭ يىلنامىلىرىمىزنىڭ تەكىتلىشىچە...».

«سىز يەنە خاتالىشىۋاتىسىز، بۇ مەسىلە بويىچە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان پروفېسسور ب... مۇنداق دەپ يازىدۇ...».

«ئېھتىمال بۇ ھۆرمەتلىك پروفېسسور ھەقلىقتۇر، ئەتىمالىم بىزنىڭ يىلنامىلىرىمىز خاتالىشىۋاتقاندۇر...».

پروفېسسور ئۇندىن ئۇشۇق سوئال بەردى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىسى يوقۇرقىدەك بولدى. ئاخىرى ئۇ قەغەزلىرىنى يىغىپ ئورنىدىن دەس

تۇردى ۋە ۋاقىراپ تۇرۇپ:

**«بىرەر نەرسە بىلىدىغان ئادەمگە يولۇقارمەن، دەپ بۇ يەرگە ئىككى كۈندە ئاران يېتىپ كەلگەنمەن! ۋاقىت بىكارغا كەتتى! خۇدايا توۋا، سەن بوۋاي ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەنسەنغۇ،مۇتلەق ھېچ نەرسە! مەن ئىككى سائەت ئىچىدە ھەر قانداق كۈتۈپخانىدىن بۇ يەردىكىگە قارىغاندا كۆپرەك مەلۇمات ئالغان بولار ئىدىم!»**.

رىشى ئاقساقال ماڭا يېقىنلىشىپ قولۇمنى تۇتتى ۋە قاشلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىمىرلىتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشتىن شەپە بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. پروفېسسور شىلەپىسىنى كېيدى، كۆڭلەكىنى ئېلىپ بېشى ئۇستىدە ئاچتى،ئاندىن ھاسا تايىقىنى ئېلىۋېتىپ توساتتىنلا ۋاقىراپ، ھاسىنى ھويلىنىڭ ئۇ چېتىگە چۆرىۋەتتى.

**«ۋاي خۇدايىمەي، بۇ يىلانغۇ! ئۇ ئۇستەل ئۇستىدە قانداق پەيدا بولدى؟!»**. خىزمەتچىلەردىن بىرى ھاسا تاياقنى ئېلىپ پروفېسسورغا تەڭلىۋىدى، ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ۋاقىرىدى:

**«بۇ ياۋۇز مەخلۇقنى يوقۇتۇڭلار!»**.

**«سىزگە نىمە بولدى پروفېسسور؟ ئاپتاپتا قىزىپ قالمىغانسىز؟»** دەپ سورىدى رىشى ئاقساقال. ئاندىن ئۇ قولىنى پروفېسسورنىڭ بېشىغا قويدى، پروفېسسور بولسا ئاغرىقتىن ھۇلاپ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى. رىشى ئاقساقال كوكوس ياڭىقىنىڭ قېپىدا سۇ كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى ۋە ئۇنى پروفېسسورغا سۇندى. ئۇ سۇنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، رىشى ئاقساقال قولىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئالدى، پروفېسسور دەرھال ئەسلىگە كەلدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ رىشى ئاقساقالغا قولىنى بېرىپ، مۇنداق دېدى:

**«بوۋاي، سەن ھىندىستاننىڭ تارىخى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمىسەڭمۇ ئەمما ماھىر شىپاگەر ئىكەنسەن. سېنىڭ سۇيۇق دوراڭ ئىلىم-پەنگە مەلۇم بولۇشى كېرەك»**.

ئۇ بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

«ئوغلۇم، ئۇلار ھىندىستان توغرىلىق يەنە بىر مەسەلىنى ھېكايە

**قىلىشقا باشلايدۇ» دىدى رىشى ئاقساقال كۆزىنىڭ قىرىدا پروفىسسورنى ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ: «كەل ئوغلۇم، بىر ئاز ماڭايلى، بۆلارنىڭ ھەممىسى دىققىتىڭنى بۆلۈشكە ئەرزىمەيدىغان باللار ئويۇنلىرى».**

ئىككى يىلدىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ بۇ مۆجىزە ھەققىدە سۆز بولۇشقا باشلىدى.

مەن ئىنسان مىڭىسىنىڭ ھەركىتىنى ‹تەۋرىنىش› دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدىم، مىنىڭچە بۇ سۆز مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدا قوللۇنۇلغان قەدىمىي سۆزنىڭ زامانىۋى تىلدىكى ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. ئەتىمالىم بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تولۇق دەرىجىدە چۈشۈنۈشلۈك بولمىغاندۇر، بەزىلەر ئېھتىمال تامامەن ناتوغرا چۈشەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قەدىمىي كىتاپلارغا ئاساسلانغان ھالدا بۇ سۆزنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈشكە ھەركەت قىلىپ كۆرەي.

ھەر بىر پىكىر مىڭە ھەركىتىنىڭ قوزغۇلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ماددىنىڭ ھەر قانداق ھەركىتى كۈچ ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى، كۈچ ھەركەتنى پەيدا قىلىدىغان ئامىل. مىڭە بىلەن باغلىق بولغان كۈچلەر كائىنات كۈچلىرىنىڭ ماھىيىتىدۇر. دىمەك، پىكىر كائىنات كۈچى ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى. مەن تۆۋەندە كائىنات كۈچىنىڭ ھەركىتى ھەققىدە ئۇنىڭ مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلىرىدا چۈشەندۈرۈلگىنى ئاساسىدا سۆزلەپ بىرىمەن. بۇ چۈشەندۈرۈش رەسىم بىلەن بىرگە بىرىلگەن.



بۇ رەمزىگە مۇناسىۋەتلىك مەتىندە ئېيتىلىشىچە، كائىنات كۈچلىرى مەلۇم نوقتىدىن كېلىدۇ. بۇ كۈچلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەركىتى يەر ئاتموسفىراسى تەرىپىدىن چەكلەنگەن بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا، مەسىلەن، مۇقەددەس تۆرتلۈك قاتارلىقلار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئۇلار مەنبە جايلاشقان نوقتىدىن چىقىدىغان دولقۇنلار سۈپىتىدە تارقىلىدۇ. بۇ دولقۇنلار كائىنات كۈچلىرىنىڭ تەۋرىنىشلىرىدىن يۈز بېرىدۇ، چۈنكى بارلىق كۈچلەر تەۋرىنىش خاراكتېرىغا ئىگە.

كائىنات كۈچلىرى ماھىيەتلىك دولقۇنلار سۈپىتىدە تارقىلىدۇ، ئۇ پۈتكۈل بوشلۇققا ۋە يەر ئاتموسفېراسىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يەر ئاتموسفېراسىدىكى دولقۇنلار تەرىپىدىن ھەركەتلەندۈرۈلگەن كۈچ ئاتموسفېرا زىچلىقىنىڭ ئازىيىشىغا مۇتاناسىپ ھالدا ئاجىزلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ ھەر قانداق ھەركىتىنىڭ كۈچىنىڭ تەۋرىنىشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ماھىيەتلىك دولقۇنلار سۈپىتىدە پەيدا بولىدىغان تەۋرىنىشلەر يەر شارى ئەتراپىدا يورۇقلۇق تېزلىكى بىلەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تېز ھەركەتلىنىدۇ. ئەگەر ئەنە شۇنداق تېزلىكتە پىكىر يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسان مېڭىسى ئوخشاش تەۋرىنىشكە تەڭشەلگەن يەنە بىر مېڭە بىلەن ئۇچراشقاندا، قوبۇل قىلغۇچى مېڭە يەنە بىر مېڭىدە ئىپادىلىنىۋاتقان پىكىرنى ياخشى چۈشىنىدۇ.كائىنات دولقۇنلىرى ئارقىلىق پىكىرلەرنى ئېۋەتىش دېگەن ئەنە شۇ. ئەگەر ئىككى مېڭە بىر-بىرىگە تەڭشەلگەن بولسا،ئۇلار ھېچ قىينالماي تۇرۇپ، بىخارامان ھالدا ئاۋازسىز، سۆز-ئىبارىسىز سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئاقساقال رىشى ئىككىمىز دايىم ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا سۆھبەت ئېلىپ باراتتۇق. بىزگە خەت يېزىشىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇ مېنى ئىبادەتخانىدا كۆرۈشنى خالىسا، مەن بۇنى ھېس قىلاتتىم ۋە ئىبادەتخانىغا كەلگىنىمدە، ھەر دايىم ئۇنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم.ئۇ بۇنداق ماھارەتنى ئانچە يۇقىرى باھالىمايتتى ھەمدە بۇنى ئېلىپبەدىكى ئا ھەرپى،ياكى كائىنات پەنلىرىدىكى باللار مەشقى دەيتتى.

ماگا تونۇش بولغان چوڭ سودىگەرلەردىن بىرى، بىر كۈنى ماگا ئىنسانىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى بىلگەن ئادەمگە، ئۇئۇلل-ستريتتا ھەپتىسىگە نەچچە مىليون دوللار پۇل تېپىش مۇمكىن، دېگەن ئىدى. مېنىڭچە ئۇ خاتالىشىدۇ، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى گەپ-سۆز

www.uyghurkitap.com

پۇل توغرىلىق بولغاندا، ئىشقا ماددى نەرسە ئارىلىشىدۇ ۋە روھىيەت ئۈچۈن ئورۇن قالمايدۇ. بۇ يەردە مەن ئۇلۇق ئۇستازنىڭ «پىخسىق باينىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىدىن، تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈگىدىن ئۆتۈشى ئوڭايراق» دىگەن سۆزلىرىنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمەن.

ماتېرىيالىزم ئىنسانىنى بايلىق توپلاشقا يېتەكلەيدۇ، ئاقىۋەتتە ماتېرىيالىزم يەنە ئىنسانىنى بايلىقىنىڭ ساقلىنىشى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىنى پاك تۇتۇشىغا، ئۇلۇق مەنبەگە قايتىشقا تەييارلىنىشىغا ۋاقتى قالمايدۇ.

**قىزىق مەش ھەققىدىكى تەۋرات رىۋايىتى**، رىشى ئاقساقال بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە، تەۋرات رىۋايەتلىرى ئەڭ ياخشى ماۋزۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمي باپلىرىنى، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، كائىنات كۈچلىرىنىڭ ھەركىتى كۆرسىتىلگەن باپلارنى ئاقساقال ياتقا بىلەتتى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى يازمىلارنى ھەر قانداق نەرسىدىن ئۇلۇق ۋە ئاجايىپ مەتىن دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ بەزىدە مۇخلىسلارنىڭ بەزىبىر تەرجىمىلىرىنى توغرا تاپمايتتى، «ئۇلار تەرجىمە قىلغاندا خاتالىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايتتى. بىز ئۆز ئادىتىمىز بويىچە ئۆتمۈش توغرىلىق سۆھبەتلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى كەچقۇرۇنلىقى رىشى ئاقساقال مۇنداق دىدى:

«ئوغلۇم، تەۋراتتا يېزىلغان سىرراخ، مىساخ ۋە ئاۋدىناگونىڭ ھېچ يېرىنى كۆيدۈرۈۋالماي ئوتتا قىزىپ كەتكەن مەشكە كىرىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئەمەلىيەتتە بۇ مۆجىزە ئەمەس، ئۇلار ئەسلىدە ئۇستىلار بولغان. مەن ساڭا ئېيتقاندەك، ئىنسان شۇنداق قىلىشقا قادىركى، ئۇنىڭ ئىچكى تەۋرىنىشلىرىنىڭ تېزلىكى يەر كۈچلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا ئۇ يەر كۈچلىرىنىڭ تەۋرىنىشلىرىنى پەسەيتەلەيدۇ. يالقۇن ھاسىل قىلغان ئىسسىقلىق ئەمەلىيەتتە يەرنىڭ كۈچى، دىمەك ئىنساننىڭ تەۋرىنىشلىرى ئىسسىقلىق كۈچىنىڭ تەۋرىنىشىنى يېڭىشى مۇمكىن. بۇنداق ھالەتتە ئىسسىقلىق ئادەمگە تەسىر قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا

بېتەرەپ زونا ھاسىل بولىدۇ، ئىسسىقلىق ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە قادىر ئەمەس. ئادەمنىڭ كېيىمى ئوتنىڭ تەۋرىنىشىنى خۇددى سەن مېنىڭ قولۇمنى تۇتقاندا مېنىڭ تەۋرىنىشىمنى قوبۇل قىلغاندەكلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كېيىمىگىمۇ ئوت تۇتاشمايدۇ.

ئۆزىنىڭ ئىچكى، روھى تەۋرىنىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغانلارنى ئۇستىلار دەپ ئاتايدۇ. لېكىن ئۇستىلارمۇ ئۆز ماھارەتلىرى بويىچە ھەر خىل بولىدۇ.سېرراخ، مىساخ ۋە ئاۋدېناگولار ئۇستىلار بولغاچقا، مەش ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ روھى تەۋرىنىشلىرى بىلەن ئوت كۈچىنىڭ تەۋرىنىشىنى باستى، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۇلارغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى».

شۇ چاغدا مەن رىشى ئاقساقالدىن ئىسرائىلىيەلىكلەر بابىلوندا تۇرۇپ، ئۆز بىلىملىرىنى قەيەردىن ئېلىشى مۇمكىن ئىدى، دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«ئۇلار بابىلونىيەدە ئەسىرلەر سۈپىتىدە بولغان، ئۇ يەردە خالدى دەپ ئاتىلىدىغان كۆپلىگەن مەكتەپلەر بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ دەسلەپكىلىرى بۈنىڭدىن 18مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ھىندىستاندىن مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئۇستازلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەردە ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ۋەتىنى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ تىلىنى، مۇقەددەس ئىلھاملاندۇرغۇچى كىتاپلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ۋە كائىنات كۈچلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتەتتى. مىڭلىغان يىللاردىن كېيىن شىمالدىن كەلگەن ۋە مەملىكەتنى ئىشغال قىلغان سېمىتلار ئەنە شۇ مەكتەپلەرنىڭ نامى بويىچە ئۆزلىرى قۇرغان پادىشالىقا خالدى ئىمپېرىيەسى نامىنى بەرگەن. سېمىتلار بابىلونلۇقلار بىلەن، يەنى ئاككادلار ۋە سۇمېرلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. خالدى مەكتەپلىرى ئوقۇشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن ھەقسىز ۋە ئوچۇق ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىغان قۇلغىمۇ شاھزادىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن باراۋەر ئىدى، خالدى مەكتىۋىدە ئۇلار ئەمەلىيەتتە قېرىنداشلار ھېساپلىناتتى.چۈنكى،ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەمزىلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كائىناتتىكى ئۇلۇق ياراتقۇچىسىنىڭ ئاياقلىرى

ئاستىدا تۇراتتى».

ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەسىلىدىن بۇنچىلىك چەتلىشىشنى ئاياقلاشتۇرۇپ، بوۋاي ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

**«ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل رۇشەن بولۇشى ئۈچۈن مەن ساڭا ئەمەلىي مىسالدىن بىرنى كۆرسىتەي».**

ئۇ خىزمەتچىلەردىن بىرىنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا چالا كۆيگەن ئوتۇندىن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى يوغان داڭقاندا ئېلىپ كېلىشتى. ئاقساقال مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى ۋە ئالدىرىماي كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى ئېلىپ مېنىڭ ئالقىنىمغا قويدى. ئاندىن مەندىن ئىسسىقلىقنى سېزىۋاتامسەن، دەپ سورىدى. مەن ھېچقانداق ئىسسىقلىقنى سەزمىگەن ئىدىم، ئۇ يەنە مېنى كۆيۈۋاتقان ئوتنا تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، لېكىن تاماكا تۇتاشمىدى. شۇ چاغدا رىشى ئاقساقال ئالقىنىمنى دۇم قىلىۋىدى، ئوتۇن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى قويۇپ بەردى ۋە مېنى ئوتۇننى ئېلىپ داڭقانغا سېلىپ قويۇشقا بۇيرىدى. مەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى ئېلىشقا تۇتۇندۇم ۋە دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم، كۆيگەن بارماقلىرىم شۇ ھامان سۇ كۆتۈرۈپ قاپىرىپ چىقتى. رىشى ئاقساقال بولسا ئالدىرىماي كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى ئېلىپ داڭقانغا سالدى ۋە ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

**«قېنى، ئەندى تاماكاڭنى تۇتاشتۇر»** دېدى.

بۇ قېتىم تاماكا ئوڭايلا تۇتاشتى. تەجرىبە ئاياقلاشتى. رىشى ئاقساقال ماڭا قاراپ، **«بۇ ئىنساننىڭ تەۋرىنىش كۈچىنىڭ كارامىتى، ئەندى ئىشەندىڭمۇ»** دەپ سورىدى.

ھۆرمەتلىك دوستلۇرۇم، مەن شۇ چاغدا ئىشەنگەن ئىدىم، ھازىرمۇ ئىشىنىپ كېلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئىشەنچىم قىلچىمۇ ئاجىزلاشقىنى يوق.

__دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش__، بىر كۈنى مەن رىشى بوۋايدىن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەققىدە سورىدىم بوۋاي مۇنداق دېدى:

«مېگەگنى ماددى نەرسىلەر بىلەن باغلىق بولغان ھەممىدىن ئازات قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق بولغىنى قىڭغىيىپ ياكى ئوڭدا يېتىش بولۇپ،ئۇنىڭدا بارلىق مۇسكۇللار بوش ھالەتتە تۇرۇشى كېرەك. دىققىتىڭنى ھېچ نەرسە بۆلمەسلىكى ئۈچۈن، كۆزۈڭنى بىر نەرسە بىلەن يېپىپ قوي ياكى يۇمۇۋال، بۇ مېگىنى تېخىمۇ ئازات قىلىدۇ. بەكمۇ ئاز ياكى بەكمۇ كۆپ يىمە، ھەرئىككىلىسى ئوخشاشلا ياخشى ئەمەس. ئەگەر كۆپ يەۋەتسەڭ، ئاشقازىنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ ۋە مېگىنى ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ئەگەر ئاشقازىنىڭدا ھېچ نەرسە بولمىسا، مېگەگنى ئاچلىق قاپلىۋالىدۇ. بەدىنىڭ تولۇق نورمال ھالەتتە بولۇشى، ھەممە نوقسانسىز بىر قېلىپتا ئىشلىشى كېرەك. ئەتراپ مۇمكىن قەدەر جىم-جىت بولۇشى لازىم،چۈنكى ھەر قانداق ئاۋازلارمۇ مېگىنى بىئارام قىلىدۇ. شۇ چاغدىلا مېگەڭ روھنىڭ ئىلكىگە بېرىلىدۇ، ماددىلار ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ھە دېگەندىلا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ساڭا ئوڭاي بولمايدۇ،لېكىن مەشىق قىلغانسىرى ئوڭايلىشىدۇ».

**باقىي دۇنيادىن كەلگەنلەر**، ئادەتتە باقىي دۇنيا بىلەن باغلىق دەپ قارىلىدىغان ئىشلار ئاددى ئادەملەرنىمۇ، شۇنداقلا بەزى ئاتاقلىق ئالىملارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يەتتە يىل داۋامىدا مەن ئاخىرقى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇق رىشىنىڭ شاگىرتى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. لېكىن بۇ كىشى كەڭ دائىرىدە ئېتراپ قىلىنمىغان ئىدى.دۇنيادا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇق نامايەندىلىرىنى تونۇماي ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىتلار كۆپ بولغان. بىز ھازىر باقىي دۇنياغا تەئەللۇق دەپ قاراۋاتقان كۆپلىگەن ھادىسىلەرنى رىشى ئاقساقال ماڭا مەمنۇنىيەت بىلەن چۈشەندۈرگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم تۈردىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئىدى.مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلىق سورىغىنىمدا، ئۇ:

«ئوغلۇم، مەن ساڭا ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى تارىخىنى قانداق ئۆگىنىش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن،لېكىن مېنىڭ بۇ دائىرىدىن چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى سەن ئۆزەڭدىن باشقىلارنى باشقۇرۇشقا تەييار ئەمەس» دېگەن ئىدى.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن:

«بىزگە ھەقىقەتەنمۇ بەزىدە ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كۆرۈش پۇرسىتى بولامدۇ؟ ياكى بولارنىڭ ھەممىسى خام-خىيالمۇ؟ ياكى بولمىسا بىزنىڭ مېڭىمىزدىكى خىيالى تەسەۋۋۇرمۇ؟» دەپ سورىدىم .ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

**«ئوغلۇم، بۇ خام-خىيالمۇ ئەمەس، مېڭىنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرىمۇ ئەمەس، بەزى ئادەملەرگە باقىي دۇنيادىن كەلگەنلەرنى كۆرۈش نېسىپ بولىدۇ.بۇنىڭغا ھەممىلا ئادەم قادىر ئەمەس، بۇ ئادەمنىڭ ئىچكى تەۋرىنىشلىرىنىڭ دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.بۇ خىلدىكى ھادىسىلەرنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئادەملەر كۆپ بولىدۇ».**

ئۆزەمنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا، فوتو ئاپپارات ئىنسان كۆزى كۆرمىگەننى كۆرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. ماڭا ئۈچ قېتىم بۇ خىلدىكى ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاچىسى بولۇشقا توغرا كەلگەن، مەن فوتو پلاستىنكىلارنى چۈشەنچە ئېلىش ئۈچۈن ئاتاقلىق فوتوگرافلارغا تاپشۇرغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سۈپەتلىكىدە دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان ياش قىز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قىزنىڭ ئانىسى دەرھال ئۇنى تونىدى ۋە قىزىنىڭ ئون يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغانلىقىنى ۋە ھايات ۋاقتىدا مۇشۇ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن يەنە ئاساسى ماۋزۇدىن چەتنەپ كەتتىم،ئاقساقال بىلەن بولغان سۆھبەتكە كېلەيلى.كېيىن ئۇ مۇنداق دىدى:

**«ئۆتمۈشتە بولغانلارنىڭ كۆپچىلىكى بىزگە كۆرۈنۈشكە قادىر، ھەممىدىن ئاۋال ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۇلۇق ئۇستا دەرىجىسىگە يەتكەنلەردۇر. ئۇلار سىبنىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ،ئۆز تەۋرىنىش دەرىجىسىنى سىبنىڭ دەرىجەڭگىچە پەسەيتىپ ماسلىششى مۇمكىن. ئەنە شۇ چاغدا سەندە بۇ ئادەمنىڭ ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ.ساڭا پات-پات ھايات ۋاقتىدا سىبنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭ كېلىشى مۇمكىن.**

ئۇ چاغدا بۇ سىلەرنىڭ تەۋرىنىشىڭلارنىڭ بىر دەرىجىدە بولغانلىقى بىلەن
چۈشەندۈرۈلىدۇ. باقىي دۇنيادىن كەلگەنلەر ئۆز تەۋرىنىشلىرىنى
ئىلگىرىكى، پانىي دۇنيادىكى دەرىجىسىگە قايتۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن
ئۆزلىرىنى كۆرۈش دەرىجىسىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قەلبلىرى بۇ دۇنيادا بىر
بولغان ئادەملەرگە يېقىنلىرىنىڭ باقىي دۇنيادىن كېلىش ھادىسىلىرى
بولۇپ تۇرىدۇ.ئوغلۇم كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مۇھەببەت پانىي دۇنيادىمۇ،
باقىي دۇنيادىمۇ ئۇلۇق ھۆكۈمران، مۇھەببەت بىزنىڭ كائىناتتىكى
ياراتقۇچىمىزنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭ ئىنسانىدىكى ئەكسىدۇر».

«ئۇستاز،باقىي دۇنيادىكىلەر بارغانسىرى ئاز كېلىدىغان بولدى،
دىگەن ئىدىڭىز، ئۇلار قەيەرگە كەتكەن؟» دەپ سورىدىم مەن.

«قەيەرگە كەتكەن دەمسەن؟ بىلمەيمەن ئوغلۇم،بەلكىم باردۇر، ۋە
بەلكىم باشقا يەرلەرگە كەتكەندۇر. ئېھتىمال، مۇشۇ يەردە، يەر يۈزىدە
باشقا قىياپەتكە كىرگەندۇر. ياكى بولمىسا ئۇلۇق مەنبەگە قايتقاندۇر. بۇ
كىتاب ئىنتايىن سىرلىق، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىش ھېچ كىمنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ». بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

«بىز پات ـ پاتلا باقىي دۇنيادىن كەلگەنلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ،ئۇلارنىڭ
يېنىمىزدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بەزىدە ئۇلار بىزگە شۇنداق يېقىن
تۇرىدۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتساڭلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلەيدىغاندەك بىلىنىدۇ».

مەن ئۇنىڭدىن «بىزگە بۇنداق مېھمانلارنى كۆرۈشكە نىمە كاشىلا
بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ تەۋرىنىشلىرى بىزنىڭكى
بىلەن قانچىلىك يېقىن بولمىسۇن،ھەتتا ئۇلار بىزنىڭ مېڭىمىزنى
ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلسىمۇ، ئۇلار بەرىبىر
تولۇقى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. بەزىدە شۇنداقمۇ بولىدۇكى، باقىي دۇنيادىن
كەلگەنلەر ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدۇ. شەخسەن مەن
شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۇلار بىزدىن پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا
ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان ئۇلۇق ئۇستىلار»

مەن ئىككى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئالاقىنىڭ مىساللىرى
بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. رىشى ئاقساقال مۇنداق دىدى:

www.uyghurkitap.com

«بەزىبىر رەسساملار، ھەيكەلتاراشلار، يازغۇچىلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچىلار، باقىي دۇنيادىن كەلگەن ئۇستىلار ياكى باشقا بىرلىرى ئۆز تەۋرىنىشلىرىنى يازغۇچىنىڭ مېڭىسىگە توغرىلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز خاھىشلىرىنى، بەزىدە بولسا بۇيرۇقلىرىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەۋرىنىشىنى قوبۇل قىلغان يازغۇچى شۇلارنىڭ خاھىشلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى يازالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىغا ئاساسلىنىپ ئەسەر يېزىشقا ئۇرۇنسا، ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن تامامەن بىمەنە بىر نەرسىنى يازغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ پەقەت باقىي دۇنيادىن كەلگەن ئۇستىلار تەرىپىدىن مېڭىسىگە كەلتۈرۈلگەن پىكىرگە ئەمەل قىلغان چاغدىلا بىرەر ئوگۈشلۇق نەرسە يازالىشى مۇمكىن.ئۇ خۇددى سېھىرلەنگەندەك،ئۇنى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۈچ باشقۇرىدۇ. مانا بۇ قەدىمكىلەر ‹ئىلھاملانغان يېزىقلار› دەپ ئاتىغان نەرسە. بۇ ۋاقىتتا تاللىۋېلىنغان ۋاستىچىنى باشقا دۇنيادىن باشقۇرىدۇ»

بىر قېتىم مەن ئاقساقالغا مۇنداق سوئال بەردىم:

«قەدىمىي پەنلەرنى ناھايىتى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ روھىنى تېنىدىن ئايرىپ،ئۇنى يىراق جايلارغا يۆتكىلىشكە ۋە ئۇ يەرلەردىن لازىملىق مەلۇماتلارنى ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇرلىغان ئادەملەرنىڭ بولغانلىقى راستمۇ؟»

«شۇنداق ئوغلۇم»، دەپ جاۋاپ بەردى ئاقساقال « قەدىمىي پەنلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەنلەرگە بۇ ئوڭايلا بىر ئىش، لېكىن تولۇق ئۆزلەشتۈرمىگەنلەرگە بۇ پەۋقۇللادە تەۋەككۈلچىلىك، چۈنكى روھ ئۆزىنىڭ ماددى بەدىنىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تاپالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىنسان بەدىنى روھتىن ئايرىلسا، تەبىئى ھالدا ئانا يەرگە قايتىدۇ.قەدىمىي پەنلەرنىڭ بۇ ساھەسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتىدۇ، مېنىڭچە سەن بۇنى قىلىشقا ھەرگىز ئۇرۇنمىغىن».

شۇنداقتىمۇ مەن ئاقساقالدىن ماڭا قەدىمىي پەنلەرنىڭ بۇ ساھەسىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم.لېكىن رىشى ئاقساقال بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ، مۇنداق دېدى:

«سېنىڭ مەن بىلەن بولىدىغان ۋاقتىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك

**بولغانلارنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۆگىنىشكىمۇ يەتمەيدۇ».**
تەلىيىمگەيارىشا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا تۇيۇقسىزلا ئەنە شۇنداق نادىر ھادىسىنىڭ گۇۋاچىسى بولۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ قالدى.
**يىراققا ساياھەت**،مېنىڭ ھىندىستاندىن كېتىشىم ھارپىسىدا، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى ئۇستازىم قولىنى مۈرەمگە قويۇپ سورىدى:
**«ئوغلۇم، سەن بۈگۈن كېچىدە مەن بىلەن يىراق يەرگە ساياھەتكە بېرىشقا رازى بولامسەن؟».**
مەن دەرھال رازىلىق بىلدۈردۈم ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە كەچ سائەت توققۇزدا ئىبادەتخانىغا باردىم. مېنى خىزمەتچى كۈتىۋالدى ۋە رىشى ئاقساقالنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى. بۆلمە غۇۋا يورۇتۇلغان ئىدى، كۆيدۈرۈلگەن چېكىملىكنىڭ ئۆتكۈر خۇشپۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. مەن كىرگىنىمدە بوۋاي دىۋاندىن تۇرۇپ، يېنىمغا كەلدى ۋە قولۇمنى تۇتتى. ئۇ خىزمەتچىگە ئىجازەت بېرىپ، ئۇنى ئۆزى ئەتتىگەنلىكى چاقىرمىغىچە بىئارام قىلماسلىقنى جېكىلىدى. ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن مېنى دىۋانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە:
**«ئوغلۇم، بىز ھازىر ئۆزىمىزنىڭ ئالدىنقى قېتىم تۆرەلگەندە قانداق بولغانلىقىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆتمۈشكە قايتىمىز»** دېدى.
ئىككىمىز تونۇشقاندىن بۇيان ئۇ تۇنجى قېتىم بىزنىڭ ئالدىنقى قېتىم تۆرەلگىنىمىزدە،بۇدۇنيادا ئۇچراشقانلىقىمىزدىن بىشارەت بەردى.
بىز دىۋانغا ئولتۇردۇق، رىشى ئاقساقال قولۇمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ،كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئۇنىڭغا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەۋرىنىشلىرىنى ھېس قىلىشىمنى بۇيرىدى. مەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ ھۇشۇمدىن كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىمىز كۆپلىگەن شەھەرلەر بار تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستىدە ئۇچتۇق. بىز شەھەرلەرنىڭ بىرىگە يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە چۈشتۇق ۋە كىشىلەر مىغىلداپ يۈرگەن كوچىلاردا ماڭدۇق. كۆنلەر، ھەپتىلەر، يىللار ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. ئاندىن مەن ئۆزەمنى جەڭدە دۈشمەن قىلىچىدىن ھالاك بولغان ھالەتتە كۆردۈم.مېنىڭ دادام بولغان رىشى ئاقساقال كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قولىدىن مېنى ئالدى. ئۇ قوللىرىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ: «مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم جەڭدە هالاك بولدى!» دەپ ۋاقىرىدى.
شۇ چاغدا مېنىڭ جېنىم تېنىمدىن چىقىپ كەتتى. مەن مۇشۇ ئۆتكەن هەپتىلەر، ئايلار ۋە يىللار ئىچىدە كۆرگەنلىرىم هەققىدە بىر نەچچە توملۇق كىتاپ يېزىشىم مۇمكىن.

ئاخىرى مەن ئويغاندىم ۋە يەنە ئۆز هالىتىمگە كەلدىم.مەن ئۆز ساياهىتىمنى شەرهىلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، مەن بۇلارنىڭ هەممىسى هەقىقەتەن بولغانمۇ، مېنىڭ روهىمنىڭ بەدىنىمدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىغا ئىشىنىمەنمۇ، ياكى بولمىسا بۇلارنىڭ هەممىسى گىپنوزلۇق كۆرۈنۈش بولدى دەپ هېساپلايمەنمۇ، بۇنى ئېيتمايمەن. بۇنى ئوقۇرمەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن.

مېنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىم بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆهبەتلىرىمنىڭ بىرى ئەنە شۇنداق بولدى. مەن پات-پاتلا ئۆزەمگە مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمگە قارىغاندا، ئۇ مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەمدۇ-قانداق؟ دىگەن سۇئالنى قوياتتىم. مېنىڭچە بۇنى بىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك.

# قوشۇمچە



نۇبن تاش پۈتۈكچىلىرىنىڭ فوتو سۈرىتى



نۇبىنىڭ تاش پۈتۈكچىلەر كۆرگەزمىسى 6-نومۇرلۇق شكاف



يەر يۈزىدىكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئىككى ھەيكەلنىڭ بىرى، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ۋە سۇلتانى بولغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ رەمزىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل مۇقەددەم مۇ ئىمپېرىيەسىدە، ياكى ئۇيغۇرلار پايتەختىدە ياسالغان.



بائالبېكنىڭ چوڭ تۈۋرۈكلىرى



ئادەم بېشىنىڭ رەمزىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىشى.
تاشنى چېكىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن. چىچېن-ئىتسا، يۇكاتان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسلىھەتچى: يادىگار سابىت
مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: زۇمرەت ھاكىم

بۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە نەشىر ھوقوقى ئازات قاسىمغا خاس

# مۇ قورۇقلۇقنىڭ ئەۋلاتلىرى

كول . جېيمس چېرچۋارد

*

بۇ كىتاپنى ئازات قاسىمى نەشرگە تەييارلىدى

زاكاز نومېرى: 771
قىرغىز رېسپۇبلىكىسى پرېزىدېنتىنىڭ ئىش باشقارمىسى
قارمىغىدىكى باسما زاۋۇتتا بېسىلدى.
بىشكەك، جۇمابېك يولى 46-نومېر، 720011
فورماتى: 60x84 1/16
باسما تاۋىقى: 19
2006-يىل ئۆكتەبىر 1-نەشرى
2007-يىل ئىيۇن 1-بېسىلىشى
باھاسى: ئەركىن باھا

УДК 94 (3)
ББК 63.3 (0)
4 -50

Джеймс Черчвард

# Дети Му

Участники в издании книги на уйгурском языке:
Консультант **Ядигар Сабит**
Ответственный редактор **Азат Касими**
Редакторы: **Абдумажит Хусаин,**
**Али Аюп**
Корректор **Бибинур Хамра**
Компьютерный набор и обложка **Зумрат Хаким**
Уйгурское издательство права принадлежит
**Азату Касими**

Подписано в печать 11.06.2007
Формат 60x84 $^{1}/_{16}$. Объем 19 физ.п. л.
Тираж 300 экз. Заказ № 771
Цена договорная.
Отпечатано в типографии Управления делами Президента
Кыргызской Республики.
720011, г. Бишкек, ул. Жумабека, 46.

4 0503010000-07

УДК 94 (3)
ББК 63.3 (0)

ISBN 978-9967-24-295-1

© Азат Касими, 2007